2007. 6

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال



# بۇلاق

源泉（布拉克）◎ BULAK

ISSN 1005-0876
12>
9 771005 087006

# شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىزنالىرى



كۇچا سۇ بېشىدىكى بۇددا مۇنارى



تۇرپان يارغولدىكى تاش كېمەر

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
# قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

28 ـ يىل نەشرى

ئومۇمىي 117 ـ سان



ئەقىللىق بولۇش، مېھرىبان بولۇش،

ئادىل بولۇش، مەرد بولۇش.

— سۇلايمان ئىسمائىل خالى يازغان

# بۇلاق

2007 ـ يىللىق 6 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«ئىشقنامە»دىن ........................ ئابدۇخالىق قازى قاسىرىي (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم

### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

«تارىخى رەشىدىي» ( داۋامى ) ........................ (16)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«پەندنامە»دىن ........................ فەرىدىددىن ئەتتار (35)
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ۋەلى كېرەم كۆكئالپ

### تارىخ تەتقىقاتى

تۈركىيلەرنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقىدىكى ئورنى ۋە رولى ........................ شۈي شۇيا (45)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت مۆمىن تارىمى

### مەشھۇر ئەسەرلەر

«تارىخى رەشىدىي»نىڭ ماتېرىيال مەنبەسى ھەققىدە ........................ مانو ئېيجى(ياپونىيە) (56)
ياپونچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: بارىجان زەپەر

## مەشھۇر شەخسلەر


تارىخ ئۇنتۇمايدۇ .................. مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق (65)

«تەزكىرەئى ئەسھابۇل ـ كەھف»نىڭ كاتىپى ھەققىدە ................ راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (73)


## ھېكمەت دۇردانىلىرى


ئاتىلار ھېكمەتلىرى .................. توپلىغۇچى: قۇربانجان ئابدۇقادىر (78)

«جامىئۇت ـ تەمسىل»دىن .................. مۇھەممەد جەبەلرۇدىي (81)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق


## تېبابەت دۇردانىلىرى


غىزا بىلەن سالامەتلىكنىڭ مۇناسىۋىتى.................. ھاجى مۇھەممەد باقى ئالىم (84)


## ئەخلاق گۈلزارى


«تۆزىمىز» بىلەن ياشايلى .................. غالىب مۇھەممەت قارلۇق (88)


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


باغۋەنىنىڭ قىزى (چۆچەك) .................. توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابلاجان مامۇت (92)

ئاتا ۋەسىيتى (چۆچەك) .................................... (96)

لوپنۇر قوشاقلىرى .................. توپلاپ رەتلىگۈچى: مويدىن سايىت بوستان (98)


## بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز


بالدۇر ساقىغان يۇلتۇز .................. قۇربان توختى (105)


※

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: **ئەبەدىي ناخشا** ( پەرھات ئىبراھىم سىزغان )

※ ※ ※


مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى

مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ



تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: **2815971 (0991)**

تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: **2827472 (0991)**



# «ئىشقنامە» دىن



**ئابدۇخالىق قازى قاسىرىي**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** قاسىرىي ـ شائىرنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، ئىسمى ئابدۇخالىق قازى ئابدۇجەلىل قازى ئوغلىدۇر. ئۇ 1917 ـ يىلى گۇممىنىڭ قوشتاغدا قازى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئىلگىر ـ ئاخىرى بولۇپ 17 يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇجەلىل قازى ئاخۇنۇم ياخشى تەبىئەتلىك، ئەخلاقلىق زات بولۇپ، تەجەللىي، ھافىز ئاخۇنۇم كىلىياڭ (شائىر)، ئىسكەندەر ئاخۇنۇم مۇدەررىس، ئىسمائىل ھاجى (شائىر)، تۆمۈر ھاجى (شائىر) قاتارلىق ئالىم ـ مۆتىۋەرلەر بىلەن قويۇق ئىجتىمائىي، ئىلمىي مۇناسىۋەتلەردە بولغان.

قاسىرىي دادىسىنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە ئىسكەندەر ئاخۇنۇم (ئىسمائىل ھاجىنىڭ دادىسى)نىڭ ھۇزۇرىدا تەربىيە ئالغان. ئۇ كەمتەر، پاك ـ دىيانەتلىك كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىزگە ئايان بولغان ئەسەرلىرى ئۆز قەلىمى بويىچە ساقلانغان «ئىشقنامە» دەپتىرىدىكى بىر قىسىم شېئىرلاردۇر.

### بىۋەفا يار ھەققىدە

بىۋەفا يار ئىشقىدا بولدى خەراب ھالىم مېنىڭ،
رەھم ئېتىپ ھالىم سوراپ بەرمەس جەۋاب يارىم مېنىڭ.

يۈزىدۇر شەمسۇقەمەر سۆزلەرى شەھدۇ شەكەر،
كۆيدۈرۈپ ئەمدى جىگەر ئول ماھى تابانىم مېنىڭ.

ساچلارى سۈنبۈل ئېرۈر، لەبلەرى بىر گۈل ئېرۈر،

كويىدە يىغلاب يۈرۈر خۇرشىدى يارانىم مېنىڭ.

كىرپىكى ئېرۈر مىژگان قاشلارى قەلەم ياڭلىغ،
ئەل ئىچرە بولۇب داڭلىغ ئول يار سۇلتانىم مېنىڭ.

دەردى ھىجراندىن قۇتۇلسام يا قوشۇلسام يارىغە،
بۇ ئۈمىد تەتۈرچە بولدى، ئەي يارى جانانىم مېنىڭ.

نە بەلالىق كۈن ئىدى كۆردۈم يۈزۈڭ خۇرشىدىنى،
ئاي خىجىل بولغان يۈزۈڭگە ئاھ ئىلە زارىم مېنىڭ.

قاسىرىيغە باقسە يارىم خۇش نەۋا سۆزلەر ئىلە،
چۇن تەسەددۇق ئېيلەيىن گەر بولسا يۈز جانىم مېنىڭ.

## مەھبۇب بىلەن ئايرىلغان ھەققىدە

تولا ئەفسۇس يېرىم ئەمدى يارىم ئايرىلۇپ كەتتى،
گۈل غۇنچىدەك ئاچىلغان گۈللارىم توزۇپ كەتتى.

مەقسەدكە يېتەي دەبان يولىغە قاراپ تۇرسام،
ئۇ چىرايلىق بۇلبۇلۇم ماڭا باقماي ئۇچۇپ كەتتى.

قاشىمدا داۋام تۇرسا قەدرىنى بىلەلمەيمەن،
نە قىلسام ۋەسل بولغايمەن جەمالى قايرۇلۇپ كەتتى.

ئەجەب يۈرەكى قاتتىغ نېچۇكدۇر كەلمەدى رەھىمى،
يىغلاماي قانداغ قىلاي مېنى ۋەيران قىلىپ كەتتى.

كى مەن تەييار قىلىپ مۇندا مۇھەببەت مەي ئىچەي دېسەم،
مۇھەببەت جاملىرى شۇنداغ تولغاندا سۇنۇپ كەتتى.

قېنى غېرىپ، قېنى سەنەم، قېنى يۇسۇپ زۇلەيخا ھەم،
بۇ ئاشىقلار ئۆلۈپ كەتتىكى، نەۋبەت بىزلەگە يەتتى.

يا بۇسە قىلمىدى يارىم قۇچاققا ئالمادى بارىم،
كى بىزنى تاشلابان كەتتى باشىمغە غەم تولۇپ يەتتى.

ياردىن جۇدا بولغان زامان ھالىم بەتەر بولدى يامان،
ئۆز يۇرتۇم دېگەن بىلەن غېرىپلىق ماڭا يەتتى.

كى ھەردەم سۆزلەسە يارىم ۋەسفىگىز تۆگەپ قالماس،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئەجەپ بۇزۇلۇپ مەفكۇرىم ئۇچۇپ كەتتى.

مېنىڭ ئىسمىم قاسىرىي زار، يار ئالدىدا بولدۇم خار،
كەلمەسە ماڭا رەھمى تىرىكلىكىم تۆگەپ كەتتى.

## مەھبۇب ھەققىدە

ئەزىز جاندىن لەزىز بىلدىم يۈرەكتە يار دىلدارى،
جەمالىڭ شۆئلە ئۇرۇپ تۇرسا كۆيۈرمەن ھەر زامان بارى.

كى مەھبۇب بولسالار ناياب بۇ يەڭلىغ بولماغاي ھەرگىز،
كۆزۈمدىن ئاقىزىپ ياشىم ھەر زەمان قىلىپ جارى.

يۈرەك باغرىمنى ھەم داغلاپ فىراقىڭ ئوتىدا يىغلاب،
يۈرۈرمەن ھەرقايان يوقلاپ سېنى ھەم ۋەفادارى.

بۇزەمانە كەج رەفتار مۇيەسسەر قىلمايىن دىلدار،
نىگارىم ئالدىدا بىزنى قىلدىلار ئەجەب خارى.

رىيازەت بىرلە ھەم يەتسەك كى مەئشۇق ۋەسلىغە بىز ھەم،
ئۈمىدىم بولماغاي زايىئ كېلۇرلار ھەرزەمان يارى.

پەرىدەك قەماتى بىرلە يىلاندەك تولغانىپ ماڭسا،
كى مەندە قالمايىن تاقەت ھەرقاچان قىلىپ زارى.

قاسىرىي سىفاتىڭنى يازارمەن قانچە تىل بىرلە،
نە ھەددىم بار مېنىڭ ئەمدى ۋەسل ئۈچۈن قىلىڭ چارى.

## جۇدالىق ھەققىدە

نەخۇش بولغاي نىگارىم بىرلە يۈرسەم دەھر باغىدا،
شەكەردەك لەبلەرىگە سۆيسەمۇ بولسام قۇچاغىدا.

لەبىدىن سۆز چىقار بولساكى ئوخشە تۇتى يا بۇلبۇل
كىمكى ئاڭلاسا سۆزىنى تۇتغاي قۇلاغىدا.

نەكۈن ئېردىكى ھۆسنىنى كۆرۈپ يۈرەككە ئوت تۇشكەن،

كۆيۈپ كۆل بولدۇمۇ قالدىم مۇھەببەتنىڭ ئوچاغىدا.

يېڭى ئايدەك ئېگىلگەن قاشلارىنى ئۇنتۇيالمايمەن،
كۆرۈپ سۆيسەم ئەگەر قاشىغە قولۇم بولسا قولاغىدا.

ۋىسالىدە ياشاپ تۇرغاندا غەمدىن پاك ئىدى كۆڭلۈم،
جۇدا بولدۇمكى غەم باستى نە بولغايمەن ئاياغىدا.

پەرىزادەدەك جەمالى فەرىشتە خويلىرى ھەردەم،
تەسەۋۋۇر ئەيلەبان ھەم جىلۋە قىلدى قەلب باغىدا.

سەنۇبەر قامەتى بىرلەن يىلاندەك تولغانىپ ماڭسە،
دېگەن ئەردىم تەسەددۇق ئەيلەيىن جانىم ئاياغىدا.

لىغىلداپ سىنەسىدە ئالمە ياڭلىغ تۇرسا پىستانى،
ئۇنۇتمايمەن يۈرەكىمنى ياقىپ ياتقان قۇچاغىدا.

ئەجەب خۇشبۇي ئىدى بۇيى مىسالى مۇشك يا ئەنبەر،
پۇراتسا بۇزۇينى بىردەم داۋام تۇرغاي دىماغىدا.

ئىكى زۇلفى بىلەن ساچىغە باغلانغان يۈرەك باغرىم،
نىجات بولغايمۇ يا تۇرغايمۇ زۇلفى ساچى باغىدا.

قاسىرىي ئىشق سەۋداسىدا كۆرگەن كۆلپەتى بىھەد،
نىگارىنى تېپىپ ئەمدى ياشار خۇش دەھر باغىدا.

## سالام ھەققىدە

مېھرىبان شېرىن يارىمغە ھەر نەپەستە يۈز سەلام،
قىل خۇدا يا، مېنى دايىم ھەم كەلامۇ ھەم سەلام.

كۆرمەسۇن دۇنيادا مەندەك دەردى ھىجران ھېچ كىشى،
بەلكى زىيجان كۆرمەسۇن ئەسلا جۇدالىق ۋەسسەلام.

ئىززەتۇ ھۆرمەتكە لايىق ئايۇكۇندەك يارنى،
ئىككى ئالەم قىل ئەزىز ھەم جايىنى دارەسسەلام.

گەر كىشى بولماي جۇدا بىلمەس ۋىسالنىڭ قەدرىنى،
ھىجرىدە كۆيگەننى يارى بىرلە قىلغىل ھەم سەلام.

دەردىنى ئىزھار قىلىشقە دەردى تارتقانلار كېرەك،
لېك مەندەك دەرد تارتقان يوق دۇ ئالەم ۋەسسەلام.

ھەجر دەردىدىن ماڭا سەبر ئەيلەمەك بولدى مەھال،
غەم دىلىمدىن نەم كۆزۈمدىن خالىي ئەرمەس سۇبھۇ شام.

ئاھ يۈرەكۇ ئاھ جەگەر ئاھ تەن ھەم ئەئزالەرىم،
يوق ئىلاجىم ئىزدەسەم رۇمۇ بۇخارا، مىسرۇ شام.

گەر قوشۇلسام خانۇمانىمغە جۇدالىقتىن چىقىپ،
مەرھەبا بولغاي ماڭا شەكسىزكى چۇن دارەسسەلام.

كىم جەھاندىن خانۇمانى بىرلە ئۆتكۈزسە ھەيات،
دەۋلەتى شاھ شەئىنىدۇر تەڭ ئەمەسدۇر خاسۇئام.

يۇسۇفى كەنئانۇ قىرىق يىل بولدى يەئقۇبدىن جۇدا،
ئاخىرى بولدى ئىكۆيلەن ھەم كەلامۇ ھەم سەلام.

ئەمدى نۇسرەتگە قاراپ تۇر، ئەي قاسىرىي قىلماغىل،
خانۇمانىڭ بىرلە دىيارىڭغە يېتەرسەن ۋەسسەلام.

## سىفەتى مەھبۇب ھەققىدە

يېڭى ئايدەك ئەگمە قاشىڭ قەسد ئېتۇر جانىم مېنىڭ،
بىر كۆرۈپ بولدى كىماندەك سەرۋى رەفتارىم مېنىڭ.

تىيرى مىژگانىڭ كېلىپ تەگدى يۈرەكىنىڭ باغىگە،
ساق يۈرەك مەجرۇھ بولۇپ، بولدى رەۋان قانىم مېنىڭ.

نەبەلالىق كۈن ئىدى كۆردۈم يۈزۈڭ خۇرشىدىنى،
ئاي خىجىل بولغان يۈزۈڭگە ئاھ ئىلە زارىم مېنىڭ.

سەيد قىلدى مۇرغى دىلنى چەشمى شەھلا نازەنىن،
زار يىغلاپ كۆزدىن ئاقتى ياش ئىلە قانىم مېنىڭ.

لەئلى لەبىنىڭ ئاستىدە كۆلدى كۆرۈندى تىشلارى،
دۇررى دەندانىغا كۆكسۇمدىن چىقۇر ئاھىم مېنىڭ.

مۇردەلەرنى تىرگۈزۈر ئىيسا كەبى گۇفتار ئىلە،
چۈن تەساددۇق ئەيلىيىن گەر بولسە يۈز جانىم مېنىڭ.

سىينەسىدە تەبرەنىپ تۇرغان ئانارىنى كۆرۈپ،
ئالدىدا رەقس ئەيلەسەم چىققاي كۆيۈك ئاھىم مېنىڭ.

## بىر كۆرگەن مەھبۇب ھەققىدە

يول يۈرۈپسەن سىلكىنىپ، ئەي نازەنىن، ئىنسانمۇ سەن،
بىلمەدىم ئەسلىڭنى مەن، جەننەتدەكى رىزۋانمۇسەن.

بىر قاراپ چېھرىڭغە كۆيدى دىل تەنۇ باغرىم يەنە،
ئالەم ئىچرە بىر ئىكەنسەن، ھۆرمۇسەن غىلمانمۇ سەن.

تۇرغان ئورنۇڭدىن كېلۇر ئەترۇ ئىپار، ئەنبەر بۇيى،
بىلمەدىم ئەنبەرمۇسەن، سۇنبۇلمۇ سەن، رەيھانمۇسەن.

ھەق ياراتمىش ھۆسنىدە تەنھا سېنى، يوقدۇر يەنە،
بىر كۆرۈپ ھەيرەتدە قالدىم يۇسۇفى كەنئانمۇسەن.

فۇرقەتىڭدە كۆيسەم ھەم بولسام ئادا چارەڭ نېمە،
سوزىشى دەردىمغە دەرمان قىلغالى لوقمانمۇسەن.

قايسى مەقسەتدە ئۆزۈڭنى ئاشكارە ئەيلەدىڭ،
بارچەنى ئوتۇڭدا ۋەيران ئەتكەلى نەيرانمۇسەن.

كىمكى بىر كۆرسە سېنى مەستانە بولماي نە بولۇر،
تەشنە بولغان مەستلەرگە شەربەتى رۇممانمۇسەن.

ئىككى ئالەم ئىككىمىز بىر بولساقۇ بولماي جۇدا،
تەن بىلەن قانىمغە تەن ـ جان قوشقالى جانانمۇسەن.

چۈن مەسىھ گۇفتارئىلە مۇردە دىلىمنى تىرگۈزۈپ،
غۇنچەدەك ئاچىلدۇرۇشقە شائىرى سۇبھانمۇسەن.

خۇلقۇ خۇيۇڭ ھەم فەرى چېھرىڭغە تەھسىن ئاپەرىن،
تەلمۈرۈپدۇر قاسىرىي، بەرگىل جەۋاب ئىنسانمۇ سەن.

## مەھبۇب ھەققىدە

دىلبەرنى كۆرۈپ ۋەقتىدە ھەيرانە بولۇپمەن،
ئىشقىدە كۆيۈپ شەمئىدە پەرۋانە بولۇپمەن.

ئاسان كۆرەنۇپ ئەمدى قالىپمەن بۇ بەلاغە،
ۋەسلىگە قاراپ ھەجرىدە ۋەيرانە بولۇپمەن.

نەكۆن ئىدىكى ھازىرغىچە ئەقلىمنى تاپالماي،
سەرگەشتە بولۇپ كويىدە مەستانە بولۇپمەن.

يار ئىلكىدىكى مەينى ماڭا بەرسە نە بولغاي،
جامىمنى تۇتۇپ ئىشكىدە دىۋانە بولۇپمەن.

دىلبەر يولىدە بولدى سۆزۈم تەلخىۋۇشىرىن،
ھەريانە يۈرۈپ ئارقادە ئەفسانە بولۇپمەن.

دەردىمنى كىشى بىلمەسە دەپ سىرنى ياشتۇردۇم،
قۇدرەتسىز ئولۇپ ئىشقىدە يىگانە بولۇپمەن.

دىلبەر بىلە ھەمخانە بولۇپ يۈرسەم ئىدىم مەن،
ئەفسۇسكى ئەجەب دەشتىدە گىريانە بولۇپمەن.

دىلبەر ماڭا گەر سۇنسا ئىدى دەستى شىفانى،
دەردىم تۈگەسە ئالدىدا دەرمانە بولۇپمەن.

يارنىڭ يۈرەكى تاشدىن ئىكەن كەلمەدى رەھمى،
قانداق قىلايىن ئوتىدا بىريانە بولۇپمەن.

ئەي قاسىرىي شۇكۇھ ئەيلەمە دىلبەر ئوتىدىن،
ھالىڭغە قاراپ قەلبىدە سۇزانە بولۇپمەن.

## يەنە مەھبۇب ھەققىدە

تولان ئايدەك جەمالىڭغە نەزەر سالمايدىغان كىم بار،
سېنى كۆرگەندە ئەقلۇ ھۇشىدىن كەتمەيدىغان كىم بار.

سېنى كۆرگەن كىشى رەڭگى سارىغ ياكى قىزىل بولماي،
يۈرەك دەردىنى ئېيتماققا كى لال بولمايدىغان كىم بار.

جەھاندا سەن كەبى ساھىب جەمال ئىزلەپ تاپىلمايدۇ،
سېنىڭ ھۆسنۈڭغە تەھسىن ئافىرىن قىلمايدىغان كىم بار.

زېھى ھۆسنۈڭگە زار ئۆلدۈم تاپارمەنمۇ ۋىسالىڭنى،
كېچە چۈشكۈنچە نالە قىلسام بىلمەيدىغان كىم بار.

چىرايىم كەھرىبادەك سارغىيىپ بولدى تېنىم لاغەر،
چىرايىمدىن يۈرەكنىڭ دەردىنى بىلمەيدىغان كىم بار.

يۈرەكنىڭ دەردىنى باشىدىن ئاياغ ئېيتماققا قۇدرەت يوق،
ئەگەر ئەندەك بايان قىلسام قۇلاق سالمايدىغان كىم بار.

سېنىڭ دەردى فىراقىڭنى يازىپ قىسسە ئېيلىسەم مۇندە،
ئانى دۇنيا بويىچە داستان قىلمايدىغان كىم بار.

يېڭى باغنىڭ گۈلى ئۆز بەرگىدىن بولسا جۇدا مەيلى،
ۋەلى زىبىجان جۇدا بولسا پىغان قىلمايدىغان كىم بار.

خەلايىق بىلمەسۇن دەپ قانچە دەردىمنى نىھان ئەتسەم،
ئاقىپ تۆرغان كۆزۈمنىڭ ياشىدىن بىلمەيدىغان كىم بار.

يۈرەك دەردىغە تاقەتسىز بولۇپ ئاھۇفىغان ئەتسەم،
خۇدادىن باشقىغە نالە قىلسام تىڭشايدىغان كىم بار.

قاسىرىي يارىنىڭ كويىدە كۆڭلۈڭ بولماسۇن خەستە،
مۇشەققەتسىز يېتەرسەن يارغە يەتمەيدىغان كىم بار.

## مەھبۇبنى ياد قىلغان ھەققىدە

نىگارىمنىڭ ئۇلۇغ خىسلەتلەرىن ياد ئەتمەسەم بولماس،
جەمالىغە قاراپ غەملىك دىلىم شاد ئەتمەسەم بولماس.

جۇدالىقدە تېنىم سولدى كۆيۈپ كۆڭلۈم ئەدا بولدى،
مۇرەككەب دەردلەرىمدىن ئالدىدە داد ئەتمەسەم بولماس.

نىگارىمنى قاچان كۆرسەم شۇ چاغدە سەھەت ئولۇر دەردىم،
ۋىسالىدە تۇرۇپ ئۆمرىمگە بۇنياد ئەتمەسەم بولماس.

فىراقىدە قۇرۇپ قالغان جەسامەت ئۈستىخۋانىمگە،
لەتافەتلىك نىگارىم لۇتفىسىن زاد ئەتمەسەم بولماس.

دىلۇ باغرىمنى دىلبەر زۇلفىغە بەند ئەيلەگەن ئەردى،
ئاياغىدە تۇرۇپ دامىدىن ئازاد ئەتمەسەم بولماس.

فىراقىڭ ئاستىدە ئۈممىد ئۈزۈپ كۆڭلۈم خىراب ئولدى،
تەسەللى خاتىر ئەيلەب كۆڭلۈم ئاباد ئەتمەسەم بولماس.

نىگارىم ھەققىدە ھەر كۈن دىلىمدە مىڭ ھەۋەس ئوينار،
ۋەلېكىن كۆڭلىنى ئالماققە ئاماد ئەتمەسەم بولماس.

قەسىرى تالئىڭنىڭ شۇملۇقى ياردىن جۇدا بولدۇڭ،
دۇئا بىرلە سېنىڭ نەھىڭنى بەرباد ئەتمەسەم بولماس.

## تۇغقانلاردىن ئايرىلغان ھەققىدە

ئەقرەباۋۇ ئاشنالار قاشىدە تۇرغۇم كېلۇر،
ئاستانىدە تۇرۇپ خىزمەت ئادا قىلغۇم كېلۇر.

تۇتى ياڭلىغ لەبلەرىدىن دۇررى گەۋھەر تاشلاسە،
گەنجى دىلدە تۇرغۇزۇشقا چىن قۇلاق سالغۇم كېلۇر.

ئەقرەبالەر يازمىشى بولدى دىلىمغە نۇشدار،
ئەمدى مەن غەمدىن چىقىپ كۆڭلۈمنى شاد ئەتكۇم كېلۇر.

بەختىمە ۋاژگۇنلىشىپ بولدۇم جۇدا ئەھبابدىن،
ئەمدى مەن شامۇ سەھەر ئاھۇ ـ فىغان قىلغۇم كېلۇر.

ئاھۇ ئاھۇ، ئاھۇ ئاھۇ رەبى ئاھۇ ئاھۇ ئاھ،
دادگەر ئالدىدە يىغلاب ئاھۇ زار ئەتكۇم كېلۇر.

ئاھ يۈرەكۇ ئاھ جەگەر، ئاھ تەن، ھەمە ئەئزالەرىم،
چارەگەر مەشرىقدەدۇر ئىزدەپ بارىپ تاپقۇم كېلۇر.

دەردى ھىجراندە سۇنۇق قەلبىمگە تۇشتى زەنگى غەم،
غەمزەدانىڭ ۋەسلىگە يولغە رەۋان بولغۇم كېلۇر.

مەندەكى نۇقسان ئىلە ئەيبۇ خاتا ئەفۇى ئۈچۈن،
ئالدىدا ئۈچلاپ ياقام گىريان ئىلە تۇرغۇم كېلۇر.

مەھرەمى رازى دىلىمغە بارچەلەر ئەغياردۇر،
غەمزەدانى تاپمايىن سىرنى نىھان تۇتقۇم كېلۇر.

ئەقرەبايىم خانىمانىم ئاشنا بىرلە دىيار،
خاتىرىمدىن كەتمەدى ئەمدى يۈرەك يايغۇم كېلۇر.

داد ئايتسا قاسىرىي گەر ئەمدى ھەرگىز قىلما غەم،
مەرھەباۋۇ مەرھەبا دەپ خۇش غەزەل ئايغۇم كېلۇر.

## بىر كۆرگەن مەھبۇب ھەققىندە

كۆرۈپ مەھبۇب جەمالىنى دىلىم بولدى بىقارار،
قايتا كۆرسەم ئەمدى مەن دەپ نالە قىلدىم زار - زار.

ھەق ياراتمىش ھۆسنىدە تەنھا سېنى، يوقدۇر يەنە،
بىر كۆرۈپ ھەيرەتتە قالىپ يىغلادىم گىريانۇ زار.

سېنىڭ زاتىڭ سوراغ ئەيلەپكى بىلدىم ئۇشبۇ ھالەتدە،
كۆيدۈرۈپ جانلارنى ئاندە قىلما مۇنچە ئىنتىزار.

قاسىرىينىڭ دەردى كۆپدۇر ئىشقىڭىزدە، ئەي يارىم،
دەردمەنلەرگە نەزەر قىل ئاچ كۆزۈڭ بول ھوشيار.

## تەئرىپى مەھبۇب ھەققىندە

ئەجايىب نازەنىن كۆردۈم يۈزىدۇر رەۋنەقى گۈلزار،
قەمەر تەلئەت، پەرىشتە خۇي، فەرى فەيكەرۇ گۈل رۇخسار.

تىشىدۇر يۇنچى ياگەۋھەر، سۆزىدۇر شەھد ياشەككەر،
كى ئاغزى چەشمەئى كەۋسەر بىھىشتى تەھتەھەل ئەنھار.

بويى بىر دەستەئى گۈلدۇر، سۆزى گوياكى بۇلبۇلدۇر،
جەھان خەلقى ئاڭا قۇلدۇر، ھەمە خۇشرۇيى خىزمەتكار.

لەبى ياقۇتۇ مەرجاندۇر، يۈزى خۇرشىدى تاباندۇر،
قەدى سەرۋى خىراماندۇر، يۈرۈشى كىبكى خۇش رەفتار.

تولۇن ئايدەك يۈزى رەۋشەن، لەبى غۇنچە، يۈزى گۈلشەن،
كۆزى ئاھۇيى جادۇدۇر، ئەجەب مەككارەئى ئەييار.

ئانىڭ باشدىن ئاياغى خۇب، ئەجايىب نازەنىن مەھبۇب،
نە ئەلدە تاقەتى دىل خۇب، نە ئاندە رەھمى يوق خۇنخار.

نىگارا، قىلماغىل زايىئ، ئاڭا جانۇ دىلىم تابىئ،
خۇدايا بولماسۇن شايىئ، ھەمە ئالەمغە بۇ ئەسرار.

كېچىپ جانۇ جەھانىمدىن بولۇپ ئاجىز كەلامىمدىن،
تالىب سۆزلەر زەبانىمدىن سېنى دەپ ھالەتىم دىشۋار.

قاسىرىي ئېرۇر ھەم سەن خۇداغا بەندە پەرمانسەن،
پىدا قىل يار ئۇچۇن جان سەنكى ئايتىپ مەن غەزەل بىسيار.

## جۇدالىق ھەققىندە

نەكۇن ئىدىكى جۇدالىق كېلىپ باسىپ تۇرادۇر،
ئۇتى دىلىمدە قىزىق شۇئلە ئۇرۇپ كۆيۈپ تۇرادۇر.

جۇدالىق ئوتىدا، يارىم، قاچانغىچە كۆيۈرمەن،
يۈرەك جەراھەتىدىن قان چىقىپ ئاقىپ تۇرادۇر.

جۇدالىق ئوتىدە كۆيمەسدە بىلمەدىم دەردىن،
ئەجەبكى دەرد تولا دولقۇنۇپ كېلىپ تۇرادۇر.

جۇدالىق ئوتىغە تاقەت قىلىشقا يوق ئىمكان،
نىچۈككى ئەقلۇ ھۇشۇم چۆرگۈلۈپ ئازىپ تۇرادۇر.

فىراق ئوتىدا كەنئان نە كۇنگە بولدى دۇچار،
تېنىمدىكى گوشلارىم سېزىپ قۇرۇپ تۇرادۇر.

بۇگۈندىن ئەرتەگە ئارتۇق جەفاسى بىھەد ئۇلۇب،
بەيان ئېتەرگە زەبانىم ھارىپ - تالىپ تۇرادۇر.

بۇ دەردكە ئۇچراماغانلار ماڭا قىلۇر تەئنەلەر،
جاراھەت ئۈستىغە دەردلەر قوشۇپ قويۇپ تۇرادۇر.

جەھاننى رەۋشەن ئېتەر كۇنمۇ بىر كېچە ياڭلىغ،
ئىكى كۆزۈمدىكى نۇرۇم سېزىپ تۆگەپ تۇرادۇر.

ئەگەرچە بولسا جۇدالىق مۇساپە چۇن مىڭ يىل،
دىلىم يېقىنكى ھەمىشە بارىپ - كېلىپ تۇرادۇر.

كى قەلبىم ئىچرە جەمالىڭ تەسەۋۋۇرى كۆرۈنۈپ،
فىراق ئەلەڭگۇسىدىن جان كۆيۈپ يانىپ تۇرادۇر.

خۇدا ئۆزۈڭ ياراتىپ ئەمدى نا ئۈمىد قويما،
رەقىبلەرىم مېنى مارالاپ قاراپ كۈلۈپ تۇرادۇر.

دەۋاسى يوق كېسەللىمنىڭ خۇدايىمغە يىغلارمەن،
سەماغا دۇدئىلە ئاھىم چىقىپ كېتىپ تۇرادۇر.

قاسىرىي لەرزى بېرۇر ئەرشىگە سېنىڭ ئاھىڭ،
يەقىنۇ فەتھى نىجادىڭ قاراپ كۈلۈپ تۇرادۇر.

## سالامغا جاۋاب قايتمىغان ھەققىدە

مەن جەنابىڭغە قاراپ يازدىم سەلامۇ ھەم پەيام،
تاش كۆڭۈل بولماي سەلامىمغە جەۋاب بەر زۇد ـ زۇد.

ئەمدى مەن ياد ئەتمەيىن نەچچە ئىنراز ئەيلەدىم،
سەبرىگە يوق تاقەتىم بولدى تېنىم لاغەر كەبۇد.

مەندەكى دۇدى فىراقدىن ئەندەكى تۇشسە ساڭا،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلار ئەردىڭ دەرقىيامۇ دەرقۇئۇد.

دەردىنى بىدەردلەر بىلمەي چۇن تەماشا ئەيلەشۇر،
مۇبتەلا بولغانىدە يىغلار خۇداغە دەر سۇجۇد.

چۇن خۇدانىڭ رەھمەتىدىن سەن ئەگەر تۇتساڭ ئۈمىد،
دەردمەنلەرگە نەزەرقىل كۆڭلىگە سالغىل رۇقۇد.

دەردۇ ھىجراندىن دىلۇ باغرىم تېنىم بىريان ئولۇپ،
دەشتىدە ئەفغان ئېتەرمەن تۇن ـ سەھەر مىسلىچە ئۇد.

دەردى ھىجراندىن قۇتۇلسام يا قوشۇلسام يارغە،
دەپ ئۈمىد ئەتكەنچە بولدى بۇ مېنىڭ دەردىم فۇزۇد.

نە قىلارىم بىلمەدىم مەجنۇن كەبى ھەيران ئولۇپ،
تۇن سەھەردە يىغلادىم چىقتى دىلىمدىن ئاھ دۇد.

قاسىرىي، سەن سەبر قىل ئەمدى ھەققىنىڭ جەۋابى،
خانىمانىڭغە قوشۇپ رەھمەتكە چۈمدۇرگەي ۋۇدۇد.

## مەھبۇبنى ياد قىلىش ھەققىدە

نىگارىمنىڭ ۋىسالىنى دەۋام ياد ئەتكەنىم ياخشى،
جەمالىغە قاراپ، غەملىك دىلىم شاد ئەتكەنىم ياخشى.

جۇدالىقدە تېنىم سۇلدى كۈيۈپ كۆڭلۈم ئەدا بولدى،
مۇرەككەب دەردلەرىمدىن ئالدىدا داد ئەتكەنىم ياخشى.

بويى مىشكى يۈزى بىر گۈل دىلىم بىرلەن بولۇپمەن قۇل،
يولىدە جان كېرەك بولسا تەسەددۇق قىلغانىم ياخشى.

خانىمدە بار ئەجەب راھەت قولىدا ھەم بەلەن سائەت،
ۋىسالىدا تۇرۇپ دائىم كۆڭلىنى ئالغانىم ياخشى.

بەدەنىدۇر ئەجەب يۇمشاق، مەيدەسى ئېرۇر ئاپئاق،
قۇچاقىغا كىرىپ ئەمدى يۈرەكنى ياقغانىم ياخشى.

خولۇقلارى تېخى ئۇبدان، كۆڭۈللەرنى ئالۇر چەندان،
تاپىپ ئەمدى گۈزەل يارنى، ھۇزۇردا بولغانىم ياخشى.

ماڭا باقغىل دېدى يارىم ۋەئدەنى قىلۇر دائىم،
ۋەلېكىن كۆڭلىنى ئالىپ، يانىدا تۇرغانىم ياخشى.

قاسىرىي ئاشىقى زارى قالمادى سەبرۇ قەرارى،
ئىشتىمەسە مېنىڭ ئاھىم، بېرىپ ئان ئۆلگەنىم ياخشى.

## بىۋەفا دۇنيا ھەققىدە

چەرخى چەپ ۋاژگۇن فەلەكنىڭ دەستىدىن گىريانۇ زار،
سىفلەلەر ھۇرمەتلىك ئولدى، شاھزادە خارۇ زار.

بەختسىزلىك دەردىنى دۇنيادىكى دەۋزەخ دېيۇر،
بولماسۇن دۇنيادا ئىنسان بەختسىزدەك خارۇزار.

بۇ مېنىڭ بەختىم قاچان باشىمغە قايتىپ كەلگۇسى،
بەختسىزلىك دەردىدە ياشىم مېنىڭ ئەبرى بەھار.

بەختىمدىن قالغان كىشىلەر چارپايغا تەڭ ئەمەس،
چارپايغا بەئزى يەردە ئىززەتۇ ھۇرمەتمۇ بار.

بەختسىزنىڭ ھەر تۈكىدە بولسا گەر يۈزدىن ئەقىل،
ھېچ ئىشقا كارغا كەلمەس بولماغۇنچە بەختى يار.

بەختسىزلەر ئادەم ئوغلى بولسىمۇ ئادەم ئەمەس،
ھېچ يەردە ئېتىبار يوق، ھېچ ئىشىدا ئىختىيار.

بەختسىزلىك دەردىگە ئاللاھ ئۆزى قىلسۇن دەۋا،
باشقىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ھەق ئالدىدا قىل گىريە-زار.

ھەر قاراڭغۇ كېچىنىڭ باردۇر مۇنەۋۋەر كۈندۈزى،
كۈلپەت ئورنىغا [بولۇر] ئەمدى سەئادەت بىشۇمار.

رەنجۇ كۈلپەت كۆرمەگەن كۆرمەس سەئادەت تەختىنى،
بەختىدىن قالغان يۈسۈف بولدى دۇ ئالەم بەختىيار.

يەرگە تۈشسە بىر ئۇرۇغ يۈز دانەلەپ چىققاي ھۇسۇل،
ئەجرىنى كامىل بېرىشكە زۇلجەلالدىن ۋەئدە بار.

ئەي فەلەك ناخشاڭنى تۈز بەختى قارالارگە قارا،
دەردمەنلەرگە دەۋا قىل ئاچ كۆزۈڭ بول ھوشيار.

قاسىرىي، بەختسىزلىك دەردىدىن شىكۋە ئەيلەمە،
باشقا بەختىڭ كېلۇر بىر كۈن بولۇرسەن بەختىيار.

## دىلبەرنىڭ ۋە ۋاپاسىزلىقى ھەققىدە

ئەي ۋەفاسىز دىلبەرىم، بولغىل ئەمان،
ئەتمەس ئەردىم مەن سېنى بۇ خىل گۇمان.

بىرغىنە سەندىن ۋەفانى كۆرمەدىم،
بىر كېچە سەن بىرلە ئەسلا ياتمادىم.

ئون گۈلۈمدىن بىر گۈلۈم ئاچىلمادى،
لەبلەرىم خۇرسەند ئولۇب بىر كۈلمەدى.

مەن فىراقىڭ ئىچرە جان بەردىم بۇ كۈن،
يۈز تۈمەن غەم بىرلە ھەم كەتتىم بۇ كۈن.

ئالەمدىنڭ بىر بارە ھالىمدىن خەبەر،
باد ئىچرە غەرق ئولان شامۇ سەھەر.

ماڭا قىلدىڭ دۇنيانىڭ ئەيشىنى ھەرام،
مەن كېتەر مەن سەن ئەمان بول ۋەسسەلام.

## گۈزەل يار ۋەسپىدە

ئۆزەڭ ئىنسانمۇ، ئەي دىلبەر، ۋەيا ئىنسان سىفەت ئايمۇ،
جەھان گۈلزارىدا سەندەك يەنە بىر ئۈز تاپىلغايمۇ.

بويۇڭ ئەنبەر لەبىڭ غۇنچە قىياقدۇر كىرفىكىڭ گويا،
قاشىڭ كەمانىغە مەفتۇن ئىكەن كۆكدە ياڭى ئايمۇ.

چىكەڭدە سۇنبۇلۇڭ ئوينار قىلىپ چەشمەڭگە كۈندەشلىك،
نە چەشمە بىلمەدىڭ ئەسلا قانى زۇمرەتمۇ يا لايمۇ.

كېچە گەر ئويقۇدىن قالسام قىلىپ ئىشقىڭدە مىڭ ئەجرە،
بۇ يارىم ئىلتىفاتىدىن دىلىڭ تورغە ئىلىنغايمۇ.

شەكەر لەفزىڭ ئىشتىمەككە تىلەيمەن شام سەھەر بىر سۆز،
كويۇڭدە ئاھ ئۇرۇپ كۆڭلۈم بېرىپ بىر كۈن ئومۇنغايمۇ.

## قېرىلىق ھالغە يەتكەندە

بىئەمەل يۈردۈم كۈلۈپ، ئۆلگەندە ھالىم نە بولۇر،
ئاخىر كېتەرمەن بىر ئۆلۈپ، كۆمگەندە ھالىم نە بولۇر.

نەفسىم ئۈچۈن قىلدىم ھەۋا، جان بولسا بۇ تەندىن جۇدا،
مۇنكىر - نىكىر قىلسا سەدا، بىلمەسمە ھالىم نە بولۇر.

ئىمانىم بولسا زەئىف، قىلسا غەزەپ قەھھار شەدىد،
بولسا ئەزاب قەھرى جەدىد بىلمەسمە ھالىم نە بولۇر.

فەزلىگە ئالسا ئول ئەھەد، بەندەم دېسە رەببىم سەمەد،
ئول قۇلھۇۋەللاھۇئەھەد، بىلمەسمە ھالىم نەبولۇر.

ئەفۋە ئەيلەسە زەنبىم غەفۇر، بەرسە نىجاد يەردىن سەبۇر،
بولسا نەسىب جەننەتۇ ھۇر، بىلمەسمە ھالىم نە بولۇر.

ئەبدىلخالىق كېسەل نىمجان ئۆلۈمگە تاپمايىن دەرمان،

خۇدانى بىر بىلىپ بەرجان بىلمەسمە ھالىم نە بولۇر.

*           *

بىر نىگاھ بىرلە كۆزۈڭ،
جانىمغە فەيكان ئەيلەدىڭ،
نە ئەجەپ فەيكانكى بۇ،
باغرىمنى قان ـ قان ئەيلەدىڭ،
دەپتىمەن قاشىڭ كۆرۈپ
قالغاچ قاناتىن قاقتىمۇ.
..............
..............
(ئاياغ بەتلەر پەرسۇدە بولغان)

## قاسىرىيدىن قالدۇرۇلغان ئەسلىمىلەر

بىزنىڭ ئائىلىمىز قازى نەسەبلىك ئائىلە. بىرقانچە ئەۋلاد قازىلىق مەرتىۋىسىدە بولۇپ مۆھۈردار بولغان.

يۇرتىمىز قوشتاغدىن چىققان نامدار كىشىلەرنىڭ ئەۋۋىلى — ئىسكەندەر ئاخۇنۇمدۇر. ئىسكەندەر ئاخۇنۇم ئىسمائىل ھاجىنىڭ ئاتىسى بولۇپ، مېنىڭ ئۇستازىم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسى ھال ـ كۈنى ياخشى، باي ئائىلە ئىدى، ئىسمائىل ھاجى ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلىدۇر. ئىسمائىل ھاجى شائىرلىقتا ماھىر، ئىملاسى چىرايلىق ئادەم ئىدى. تولاراق پارس، ئەرەب تىللىرىدا ئەسەر يازاتتى، تۈركىي تىلدا يازغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئىشقىلىپ ئىسمائىل ھاجىمنىڭ ئەشئارچىلىق بىلەن ئۆتكەن ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، شېئىر يازمايدىغان كۈنى يوق ئىدى، ھەر كۈنى ۋەرەق ـ ۋەرەق شېئىر يېزىپ كۆچۈرەتتى. مەن ياش ۋاقتىمدا ئۇنىڭ قولىيازمىلىرىنىڭ چوڭ سېۋەتلەردە لىق تورۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. بىزنىڭ ئۆيدىمۇ ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىر يازمىلىرى بار ئىدى (كېيىنكى كۈنلەردە تاپشۇرۇشنامىلەر بىلەن قوشۇپ ھەممىنى بېرىۋەتكەن).

ئىسمائىل ھاجىم ھىجرىيە 1298 (مىلادىيە 1881) ـ يىلى قوشتاغ ئىسمىسلاھتا تۇغۇلغان. 1950 ـ يىلى كۈزدە — قوناق ئالغان مەزگىلدە ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ چاغدا بىز مۆھۈردارلارنى ناھىيىگە مۆھۈرلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە يىغقانىدى.

يىغىن بولغان كۈنى ھاجىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدۇق. ناھىيىدىن قايتىپ چىقىپ فاتىھەگە باردۇق. ئۇ 1946 ـ يىلى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشىدىن ئۆتۈپ كەتتىم، ئەمدى كەتسەم بولاتتى» دېگەن گەپنى قىلغان. 1918 ـ يىلى ھىندىستان يولى ئارقىلىق ھەج قىلغىلى بارغان، ھەجنى تۈگىتىپ تۈركىيە ئارقىلىق قايتىپ كەلگەن. شېڭ شىسەينىڭ ۋاقتىدا يېڭى مائارىپقا ئىشتىراك قىلىپ، ئىسمىسلاھتا ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ ئاچقان. ھاجىم ئۆزى تىل ۋە ھېساب پەنلىرى بويىچە دەرسلىك تۈزۈپ، ئۆزى دەرس ئۆتكەن. ئۆزى مەكتەپ مارشى يېزىپ ئاھاڭغا سالدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە كىلىش ۋە مەكتەپتىن قايتىش ۋاقتىدا بۇ مارشنى ئوقۇشقا تەشكىللىگەن. ئۇ تۈزگەن دەرسلىك مەزمۇنلىرى ناھايىتى قىزىقارلىق ۋە جانلىق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا بەكمۇ مۇۋاپىق كەلگەن. ئۇ دەرسلىكلەر يۇقىرىدىن كەلگەن مۇپەتتىشلەرگە بەك ياراپ كەتكەچكە، ئۇلار ھاجىمنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن. ئاشۇنداق قىزغىنلىقىغا ئاساسەن ھاجىم (ئاقارتىش يىللىرىدا) بىر مەزگىل قوشتاغ رايونلۇق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئۇ ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، كۆزى چوڭقۇرراق، چاچ ـ ساقاللىرى قويۇق، جۇغى ئورۇق كىشى ئىدى. سەللە بىلەن ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ يۈرەتتى. تىلى سەل ئېغىر، ئىلتىپاتى كەڭ، كىشىلەرگە مېھرىبان، مېھماندوستلۇقتا ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە ئىدى.

ھاجىم ئاۋۋال بوۋام كەنجى قازىدا، كېيىن سانجۇدا ئىكرامىددىن داموللا ھاجىمدا، گۇمىدا ئابدۇجېلىل داموللاھاجىمدا، قاغىلىقتا تەجەللىي ھەزرىتىمدە ئوقۇغان. ئۇ ئىككىنچى قېتىم ھەجگە تەييارلانغان چاغدا تەجەللىي ھەزرىتىمنىڭ مەسلىھەت بېرىشى بىلەن سەپەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھەجگە ئاتىغان پۇل ـ ماللىرىنى يېتىم ـ ئاجىزلارنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىۋەتكەن. ئۇنىڭ بىرلا پەرزەنتى بولۇپ، قىز ئىدى. شۇڭا، بۇ قىزىدىن بولغان نەۋرىسى ــ موللا خېنىمنى بالىچىلاپ بېقىۋالغان. موللا خېنىم ھاجىمنىڭ ھوزۇرىدا تەربىيىلىنىپ، دادىسىنىڭ تەسىرىدە بەزى شېئىرلارنى يازغان. شۇڭا، ئىسمائىل ھاجىم بۇ قىزىغا جېنىدىنمۇ بەك ئامراق ئىدى.

موللا خېنىم تۇنجى نىكاھىدا ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئىسمائىل ھاجىم ئۇنى تەجەللىي ھەزرىتىمنىڭ جىيەن ئوغلى (تەجەللىينىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى نەسىرىددىن خاننىڭ ئوغلى) مۇقەددەسخانغا ياتلىق قىلغان. موللا خېنىم ئۇنىڭدىن بىرقانچە پەرزەنتلىك بولغان.

تەجەللىي ھەزرىتىمنىڭ قوشتاغقا ئورۇنلىشىشى 1919 ـ يىلىنىڭ بېشىدىراق بولغان ئىش. ھەزرىتىمنىڭ قاغىلىقتىكى تۇرمۇشى ۋە ئىلمىي پائالىيەتلىرى كۆڭۈلسىز تەسىرلەرگە ئۇچرىغاچقا، جانابىي ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمنىڭ تەشەببۇسلىرى ۋە خىزمەتلىرى بىلەن ھازىرقى قوشتاغ ئىسمىسلاھ كەنتىنىڭ يېنىدىكى كىلىياڭ دەرياسى بويىغا ــ كۆھتام دېگەن يەرگە ئۆي ـ ماكان سېلىپ ئورۇنلاشقان (ئۇ ئۆيلەر ھازىرمۇ بار). ئۇ يەردە ئالتە ـ يەتتە يىلچە ئولتۇرغان. كېيىن قاغىلىقتىكى ئەھلى سالاھلارنىڭ دەۋىتى بىلەن قاغىلىققا يېنىپ كەتكەن. تەجەللىي ھەزرىتىم مىلادىيە 1920 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا قاغىلىقتا قازا تاپتى.

تەجەللىي ھەزرىتىمنىڭ ئىككى ئوغۇل پەرزەنتى بولغان، چوڭ ئوغلى ئەبۇلھۇداخان، كىچىك ئوغلى نۇرۇلھۇداخاندۇر. ئەبۇلھۇداخاننىڭ ئەۋلادى سەييىد قۇتبىددىنخان (ھازىر ھايات بار)، نۇرۇلھۇداخاننىڭ بالىلىرى ئەينۇلھۇداخان، شەمسۇلھۇداخان دەپ ئاتىلاتتى.

شائىر مۇھەممەد رەسۇل (شەۋقىي) جامائەت ئارىسىدا ئابدۇرۇسۇل ئاخۇنۇم دېيىلەتتى. قوشتاغنىڭ شاق مەھەللىسىدىن. ئۇ خېلى بۇرۇن يەكەنگە كۆچۈپ كەتكەن. ئۆزى ھەم شائىر، ھەم تېۋىپ، ئالىم ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بىر قىز، ئىككى ئوغلى بار ئىدى. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ئېلى ئاخۇنۇم، كىچىكىنىڭ ئىسمى ئىبراھىم ئاخۇنۇم ئىدى. قىزىنىڭ ئىسمى قۇرەيشخان بولۇپ، ھازىر گۇما بازىرىدا بار ئىمىش. ئىككى ئوغلى تامغا ئويۇش ھۈنىرى بىلەن جان باقىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىسمىنى ئېھتىمال ئۆز يۇرتىنىڭ نامى بىلەن «شافىي» دەپ ئاتىغان بولۇشىمۇ ياكى «شەۋقىي» دەپ ئاتىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بۇ يەردە ئەمەس، يەكەندە. بالىلىرىنىڭ قولىدا قالغانلىقى ئېھتىمال.

كىلىياڭ ھاپىز ئاخۇنۇم (ھافىز ئاخۇنۇم) كىلىياڭنىڭ باش مۇدەررىسى بولۇپ، ئىبراھىم ھاجىمنىڭ ئوغلى ئىدى. كەسپىي مۇدەررىسلىك قىلغان، ئەمما شائىرلىقتا مەيلى يۇقىرى ئىدى.

تەبىئىتى خۇشخۇي، يازغان ۋە ئوقۇغان شېئىرلىرى كۆپ، خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتلىك ۋە تەسىرلىك كىشى ئىدى. ئۇ 1945 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ھاپىز ئاخۇنۇمنىڭ بالىسى ئابدۇلمەجىت ھاجىم ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدۇ. ئاخۇنۇمنىڭ ئىلمىي ئەرسىلىرى ئاشۇ ئوغلىنىڭ قولىدا بار.

تۆمۈر ھاجىم ـ قوشتاغىنىڭ ئاۋۋت مەھەللىسىدىن. مۇدەررىس، ئالىم، شائىر كىشى ئىدى. جامائەت ئارىسىدا مۇفتى ھاجىم دېيىلەتتى. ئۇ بۇنىڭ ئەسەرلىرى ئوغلى ئابدۇللاخان دېمىن (ئابدۇللا تۆمۈرھاجى)نىڭ قولىدا بار. بۇ ئوغۇل ئۆز ۋاقتىدا قاغىلىقتا كۆچۈپ كەتكەن (قاغىلىق دۆڭ مەسچىت تەۋەسىدە). تۆمۈر ھاجىمنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان ئىككى كۆپلېت مەسنەۋىسى بىلەن ئىسمائىل ھاجىنىڭ ئۇنىڭغا (تۆمۈرھاجىغا) يازغان بىر پارچە شېئىرى مېنىڭ قولۇمدا ساقلانغان. بۇنى كۆچۈرۈپ يازدىم، بىلگەيلەر.

تۆمۈرھاجى

## ئىسمائىل ھاجىمنىڭ تۆمۈر ھاجىمغا يازمىشى

يۈرەك باغرىم كەباب ئولدى يولۇڭدە ئىنتىزارلىقدىن،
نىگارىم مەيل قىلمايسەن غېرىبىنى بىۋەفالىقدىن.

ۋارىس ئولدۇڭ نەفلىنى بەرگۇ نىھال،
ئۆتكۈز ئۆمرۈڭنى تەرەبدە سەرخۇشى.

سۆزۈڭ شېرىن شەكەر ياڭلىغ، دىلىڭ تاشدەك ئەجەب قاتتىغ،
ئونۇتۇپ تاشلادىڭ بىزنى، بولۇپ قاشىڭدەكى تاتلىغ.

مېھرىبانا، ئارەزىڭ قىلمىش خەيال،
دوستۇڭ ئىسمائىل ئولغايمۇ خۇشى.

تەلپىنۇر تۇتى سىفەت كۆڭلۈم قۇشى،
سەير ئېتىپ تا بولسا ئەندەك سەرخۇشى.

قىل تەجەللىي، قادىرا، فەزلىڭ بىلە،
تا تۆمۈردىن كەتسۇ غەم، بولسۇن خۇشى.

بۇ ئۈمىدىم بىرلە ھەريان ئىزلەدىم،
دەشتىدە مەجنۇن كەبى لەيلى خۇشى.

مىڭو ئۈچ يۈز قىرىق ئىكى تەئرىخدۇر،
[ماھى ] زۇلھەججەدە بولمىش بۇ رەقەم.

دەشتۇ تاغ قوشتاغدىن گويا غەزال،
نافەدەك ئەيلەر دىماغىمنى خۇشى.

خەتم قىل، ئىسمائىل، ئۇشبۇ نەزمنى،
دېدى ھەق ئانداغكى نۇنۇ ۋەل قەلەم.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ پېنسىيونېرى)




## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

### مېھتەر قاسىمنىڭ كۆھەك دەرياسىغا كۆۋرۈك سېلىپ، لەڭگەر بىنا قىلغانلىقىنىڭ زىكرى

مېھتەر قاسىم ئەبدۇللاھ باھادىرخاننىڭ ئىشەنچلىك ئەمىرلىرىدىن ئىدى. تارىخقا توققۇز سەكسەن يەتتە[2]بولغاندا، كۆھەك دەرياسىنىڭ غىجدۇۋانغا ئۆتىدىغان يولىغا بىر لەڭگەر بىنا قىلدى ۋە بىر كۆۋرۈك سالدى. بۇ كۆۋرۈككە گوياكى سۇنىڭ ئۈستىدە تىلسىم پەيدا قىلغاندەك ئون ئۈچ راۋاق بىنا قىلدى. بۇ ئىشقا ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ پىكىر - تەسەۋۋۇرلىرى ھەيران، بىلىمدانلارنىڭ پەم - پاراسىتىمۇ گوياكى دەريا قايىنىمىدەك سەرگەردان ئىدى. ئاندىن ئۇ دەريانى نەچچە ئۆستەڭگە بۆلۈپ، ھەر ئۆستەڭدىن نەچچە ئېرىق قازدۇردى. ھەربىر ئېرىقتىن نەچچىلىگەن كەنتلەر ئاۋاتتۇر. موللا مۇشفىقىي ئۇنىڭغا مۇنداق تارىخ ئېيتىپتۇ، بېيت:

زىتەھتى ئۇ گۇزەرەد ئاب، زىفەۋقى ما گۇزەرىم،
ئەزان سەبەب شۇدە تەئرىخى ئۇ «گۇزارگەھى ما»[3].

---

① بېشى ئالدىنقىساندا.

② ھىجرىيە 987 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1579 - 1580 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

③ قولىيازمىدا بۇ سۆز «گذرگە ما» (گۇزەرگەھى ما — ئۆتەر يولىمىز) شەكلىدە يېزىلغان. بۇ سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى قوشۇلسا، ھىجرىيە 986 - يىلى كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر بۇ سۆز «گذارگە ما» شەكلىدە يېزىلسا، ئاندىن ھىجرىيە 987 - يىلى كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا «گۇزار گەھى ما» شەكلىدە ئېلىندى.

تەرجىمىسى:

تېگىدىن ئۇنىڭ ئۆتەر سۇ، تۆپىسىدىن بىز ئۆتەرمىز،
شۇ سەۋەب بۇنىڭغا تارىخ بولدىلار «ئۆتەر يولىمىز».

تارىخقا توققۇز يۈز سەكسەن سەككىز① بولغاندا، مەھتەر قاسىم تۇران مەملىكىتىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، ھەددىدىن زىيادە كۆپ ۋە جەڭگىۋار لەشكەر بىلەن باباخان② تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. نەچچە مەنزىل ۋە مۇساپىلەرنى بېسىپ، ئۆرەتۆپىگە يېتىپ كەلدى، ئۇ يەردە جەڭ قىلمايلا ئۇ شەھەرنىڭ قەلئەسىنى ئېلىپ، ئالىملار ۋە ئېتىقادلىق ئىگىلىرىگە يۈز خاتىرە قىلىپ، باشقا دىيارلارغا يۈرۈش قىلدى. بۇ خەۋەر باباخاننىڭ③ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ قىرغىز، قازاق سىپاھلىرىنى يىغىپ يېتىپ كەلدى. ئىككى لەشكەر يۈزمۇيۈز تۇرۇپ جەڭ باشلىدى. جەڭ قىلار ـ قىلار ئاخىر باباخاننىڭ لەشكىرى يېڭىلىش مەيدانىغا قاراپ يۈزلەندى. مەھتەر قاسىمنىڭ لەشكىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئاخىر باباخان جەڭدە تەڭ كېلەلمەي، تاشكەند تەرەپكە قاراپ يۈردى. بۇ غەلىبىنى ئەبدۇللاھخاننىڭ تۆتىنچى غەلىبىسى دەپ ئاتاپتۇ.

باباخان نەچچە نۆۋەت يېڭىلىپ، ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ قېچىشقا ئالدىرىدى، ئەلفىتاق دېگەن جايغا بېرىپ پاناھلاندى. ئەبدۇللاھخان دەرھال تاشكەندكە كېلىپ، ئازراقلا جەڭ بىلەن تاشكەندنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ئۇ يەردىكى ئەمىرلەرنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. ئاندىن ئۇ يەردىن يۈرۈپ، خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ، نەچچە مەنزىل مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئەلفىتاق دېگەن جايغا يېتىپ بېرىپ، باباخان بىلەن يۈزمۇيۈز جەڭ قىلدى. شۇ ئارقىلىق باباخاننىڭ ئۆلۈم ئاچقۇچىنى قولىغا بەردى. باباخاننىڭ ئۆلۈم تارىخىنى «بابا زالىم»④ دېگەن سۆزدىن چىقىرىپتۇ.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل
### ئەبدال سۇلتان ۋاپاتىنىڭ زىكرى

ئەبدال سۇلتان ھىسار شەھىرىدىن ئىدى. ئەبدال سۇلتاننىڭ ئاتىسى ئەبدۇللەتىفخان، ئۇنىڭ ئاتىسى كۆچكۈنچىخان ئىدى. ئەبدال سۇلتاننىڭ ئەسلىي ئېتى ئەبدۇلمەلىك بولۇپ، ئەبدال سۇلتان دېگەن تەخەللۇس بىلەن تونۇلغانىدى. زەمىن دېگەن ۋىلايەت ئۇنىڭغا تەۋە ئىدى. ئۇ زاماندا ئەبدۇللاھ باھادىرخان سەمەرقەند پادىشاھلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. بۇ ۋەھىمە ۋە ئەندىشىدىن قورقۇپ ئەبدال سۇلتان ھىندىستان تېغىغا باردى ـ دە، ئۇ يەردە بىر قەلئەگە كىرىپ بېكىندى. شۇ زاماندا ئەللاھقۇلىخاننىڭ سەۋەبىدىن ئەبدال سۇلتان بىلەن ئۆزۈك سۇلتاننىڭ ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا بولدى. تارىخقا توققۇز يۈز سەكسەن سەككىز بولغاندا، رۇستەم سۇلتاننىڭ ئوغلى ئۆزۈك سۇلتان ئۇنى ئۆلتۈردى ۋە جەسىتىنى سەمەرقەندكە ئېلىپ كېلىپ، كۆچكۈنچىخاننىڭ ئوغلى ئەبۇسەئىدخاننىڭ گورۇستانىدا دەپنە قىلدى. ئاقىللاردىن بىرى ئۇنىڭدا مۇنداق تارىخ

① ھىجرىيە 988 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1580 ـ 1581 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② قولىيازمىدا بۇ ئىسىم «بايابان» دەپ يېزىلغان، لېكىن مەنە ئېتىبارى بىلەن بۇ ئىسىم «باباخان» بولۇشى كېرەك ئىدى، شۇڭا «باباخان دەپ ئېلىندى.
③ بۇ ئىسىم قولىيازمىدا «باھادىرخاننىڭ» دەپ يېزىلغان، بۇ ئىسىممۇ «باباخان» بولۇشى كېرەك ئىدى، شۇڭا «باباخان» دەپ ئېلىندى.
④ «بابا ظالم » دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى قوشۇلسا، ھىجرىيە 987 ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ. ئەمما، قولىيازمىدا بۇ ۋەقە ھىجرىيە 988 ـ يىلى بولۇپ ئۆتكەنلىكى يېزىلغان، بۇ يەردە سەل ئېنىقسىزلىق بار.

ئېيتىپتۇ، نەزم:

چۈنكى ئەبدالغە ھۆكمى رەب بولدى،
ئاڭا ئەللاھقۇلى سەبەب بولدى.
تەئرىخىنى خىرەد قىلىپ فەرياد،
يەئنى «ئەللاھقۇلى بەكۆشتەن داد»[①].

(ئەبدال (سۇلتان)غا پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى چۈشتى. بۇنىڭغا ئەللاھقۇلىخان سەۋەب بولدى. ئەقىل ئۇنىڭ تارىخىنى «ئەللاھقۇلى ئۆلتۈرۈش بىلەن جازالىدى» دەپ جاكارلىدى.)

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل
### ھەزرىتى قاسىم شەيخ ئەزىزان ۋاپاتىنىڭ زىكرى

تەڭرى ۋىسالىغا يەتكەنلەرنىڭ يېتەكچىسى، ئارىپلارنىڭ سەرخىلى، دەۋرنىڭ ئەۋلىياسى، زامانىنىڭ پېشۋاسى ھەزرىتى قاسىم شەيخ ئەزىزان ــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ــ ئىلاھىي مەرىپەتنىڭ ئۇلۇغ يولىدا شۇنداق دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، بىر تەڭرىدىن ئۆزگىنى ئېسىگە كەلتۈرمەيتتى. ئۇ زات ھەزرىتى مەۋلانا ۋەلى ئەزىزان كوھزەردىن تەربىيەت تېپىپ، كامالەتكە يەتكەنىدى. ھەزرىتى مەۋلانا بولسا ئۇلۇغلۇق مەنبەسى، مۇرشىدلارنىڭ تايانچىسى، ئەۋلىيالار سەرخىلى ھەزرىتى شەيخ خۇدايداد ــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ــ دىن تەربىيەت تاپقانىدى. ئۇ زات بولسا ئەۋلىيالارنىڭ ئەڭ كامىلى ۋە تەقۋادارلارنىڭ يېگانىسى ئىدى. ئۇ زاتتىن شۇنداق نەقىل قىلىندۇكى، ھەزرىتى ئەزىزان جەۋانمەرد ئەلىخاننىڭ ئوغلى ئەبۇلخەير سۇلتان بىلەن زامانداش ئىدى. ئەبۇلخەير سۇلتان ھەزرىتى ئەزىزاننىڭ مۇلازىمىتىگە بېرىپ ئۇنىڭغا قول بېرىپ، ئۇ بۇزرۇكۋارنىڭ ئېتىقادمەن مۇرىتلىرى قاتارىدا بولۇشنى ئىختىيار قىلغانىدى، ئۇ زات قوبۇل قىلمىدى. ئاخىر ئەبۇلخەير سۇلتان دىققەت ئەھلىنىڭ سەرخىلى ۋە ئەڭ ئالدى، ئەۋلىيالارنىڭ خاتىمىسى، ھەقىقەتنىڭ خادىمى ھەزرىتى مەۋلانا ئىسمەتۇللاھ ــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ــ نىڭ دەرگاھىدىن شاپائەت تىلەپ، ئۇنىڭ دوستلىرى ۋە سۆھبەتداشلىرىنىڭ قاتارىغا كىردى. زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ھەزرىتى مەۋلانا (ئەبۇلخەير) سۇلتاننى خانىقاھىغا ئېلىپ كىرىپ: «گۇناھتىن توۋا قىلغۇچىنىڭ گۇناھلىرى يوق قىلىنغۇسىدۇر،» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بويىچە توۋا قىلسىڭىز، سىزنىڭ نامەئى ئەئمالىڭىز (يېزىلمىش قىلمىشلىرىڭىز)غا پۈتۈلگەن گۇناھلىرىڭىزنى ئېھتىمال تەڭرىتەئالا يوق قىلسا، مۇشۇ تۇپەيلىدىن مەقبۇللۇق شەرىپىگە يەتسىڭىز ئەجەب ئەمەس» دەپ ئەبۇلخەير سۇلتاننى ھەزرىتى ئەزىزان ــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ــ غا تاپشۇردى. يەنە شۇنداق يېزىلغانكى، ئەبدۇللاھ باھادىرخان كەرمىنە ۋىلايىتىگە كەلدى. ئەبدۇللاھخاننىڭ يېتىپ كەلگەنلىك بېشارىتى ھەزرىتى ئەزىزاننىڭ مۇبارەك كۆڭۈللىرىنىڭ ئەينىكىگە شۇلا سالدى ـ

---

① «اللەقلى بكشتن داد» (ئەللاھقۇلى بەكۆشتەن داد ــ ئەللاھقۇلى ئۆلتۈش بىلەن جازالىدى) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى قوشۇلسا، ھىجرىيە 987 ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ. قولیازمىدا بۇ ۋەقەنىڭ ھىجرىيە 988 ـ يىلى بولۇپ ئۆتكەنلىكى يېزىلغانىدى. شېئىردا ئېيتىلغان تارىخ بىلەن ئارىدا بىر يىل پەرق بار.

دە، شۇ ھامان ئىستىقبالىغا چىقتى. كەرمىنەدىن ئۆتكەندە، ئىككى ئاتلىق كىشى رەباتى مەلىك تەرەپتىن پەيدا بولدى. بىرىنىڭ بېشى يالاڭ، بويىنىنى باغلىتىپتۇ. يەنە بىر كىشى ئارغامچىنى تۇتۇپ يېتىلەپ كېلىۋېتىپتۇ. يېقىن يېتىپ كەلگەندە كۆردىكى، يالاڭۋاش كىشى ئەبدۇللاھخان ئىكەن. ئۇ پادىشاھلىق تاجىنى بىر تەرەپتە قويۇپ، ئېتىقاد زەنجىرىنى جان ۋە كۆڭۈل بويۇنلىرىغا باغلاپتۇ. ئۇلار كۆرۈشتى، خان مۇرىت بولۇش ئارزۇسىنى بايان قىلىپ: «ئەي بۇزرۇكۋار، مەن خامرەباتتىن باشلاپ ھەزرىتىڭىزنىڭ خانىقاھىغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى نەزىر قىلدىم، كەلسەم مۇشۇ يول بىلەن ماڭىمەن» دېدى. بۇزرۇكۋار ئۇنىڭغا: «ئەي خان، خانىقادىن مەقسەت بىزدۇرمىز» دەپ بۇ مىسرانى ئوقۇدى، مىسرا:

مەقسۇدى تۇئى گۇنبەدى بۇتخانە بەھانە.

(تەرجىمىسى:

مەقسەت ــ سەن، بۇتخانا گۇمبىزى بولسا باھانە.)

شۇنىڭدىن كېيىن خان ئەرز قىلىپ: «قېرىندىشىم خۇسراۋ سۇلتانىنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتقان تاشكەند ۋە سەمەرقەند سەۋەبىدىن باباخان بىلەن زىددىيەتلىشىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، پەرمان قىلسىڭىز كەبە شېرىپكە بارسام» دېدى. بۇ سۆزدىن ئۇ بۇزرۇكۋارغا زور غەيرەت پەيدا بولدى. دەرھال مۇبارەك تون ۋە دەستارلىرىنى سېلىپ خانغا كىيدۈردى، مۇبارەك قوللىرى بىلەن يۆلەپ خاننى ئاتقا مىندۈردى ـ دە: «بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى بۇ ئاتتىن كىم تارتىپ ئالالايدىكىن قېنى؟». دېدى. خاننىڭ ساداقەت ۋە ئىخلاسى تېخىمۇ ئاشتى ۋە دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، مۇرىت بولۇش ئۈچۈن، بۇزرۇكۋارنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلدى. ھەزرىتى ئەزىزان: «بىز سىزنىڭ دۇئاگويىڭىز» دەپ خانغا رۇخسەت بەردى.

شۇ يىلى ئەبدۇللاھخان ئۇ بۇزرۇكۋارنىڭ دۇئالىرى بەرىكىتىدىن سەمەرقەندنىڭ پادىشاھلىرىغا زەربە بېرىپ، ئۇ يەرنى ئۆز قولىغا ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچ كىشى خان بىلەن زىددىيەتلىشەلمىدى. نەچچە مۇددەتتىن كېيىن خاقان سۈپەتلىك خان ئۇ بۇزرۇكۋارغا: «مېنىڭ قابىلىيىتىمنىڭ يوقلۇقىدىن ئۇلۇغ بۇزرۇكۋار مەن بەندىنى مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى قاتارىغا ئالمىدى. ئەبۇلخەيرخاننىڭ قابىلىيىتى بار بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ دوستلىرى ۋە سۆھبەتداشلىرىنىڭ قاتارىغا ئالدى» دەپ مەكتۇپ يازدى. خاننىڭ بۇ سۆزىگە قارىتا ئۇ بۇزرۇكۋار: «ئۇ ئەبۇلخەير(ياخشىلار ئاتىسى) ئەمەس، ئەبۇلشەر(يامانلار ئاتىسى)دۇر. ئەگەر ئۇنى مەن مۇرىتلىق باغلىقىغا كىرگۈزۈپ، يامان نەپسىنى تۇۋا زەنجىرىگە باغلاپ ئاسايىشلىقنىڭ كىيىملىرىنى ئۇنىڭ بويىدىن سالدۇرۇپ ئالمىسام، «ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر»① دېگەن ئايەت مەزمۇنى بىلەن ئۇ بىر ھايۋانغا ئوخشاپ قالىدۇ. پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىتائالا سىزنىڭ پېشانىڭىزگە مۇشۇنداق ياخشىلىقنى پۈتكەن ۋە قامىتىڭىزنى «ئۇلار كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ»② دېگەن ئايەت لىباسلىرى بىلەن ئەزىز ۋە يۈكسەك قىلغان. شۇڭا، سىز نېمىشقا بىزلەرگە مۇرىت بولۇشقا موھتاج بولغۇدەكسىز؟» دەپ جاۋاب يازدى.

ئەبدۇللاھخان ھەزرىتى ئەزىزاننىڭ ......③

---

① «قۇرئان كەرىم»، 7 ـ سۈرە ئەئراف، 179 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② «قۇرئان كەرىم»، 3 ـ سۈرە ئال ئىمران، 104 ـ، 114 ـ ئايەتلەرنىڭ ۋە 9 ـ سۈرە، 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ بۇ ئورۇندا كۆچۈرۈش جەريانىدا بىرەر جۈملە چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك.

ئالىملارنىڭ ئالىمى، پازىللارنىڭ قىبلىگاھى، تەڭرىتائالانىڭ ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلغۇچى، ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس سۆزلىرىنى توپلىغۇچى ۋە مەنىلىرىنى شەرھلىگۈچى مەۋلانا مەھمۇد گىلانى — ئۇ زاتنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمۇ كىتابلار مۇئەللىپىدۇر — بىلەن ئىتتىكاپتا ئولتۇرغانىدى. شەيخ ئەزىزانغا ئۇ زات خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: «.......»[1]

(شەيخ ئەزىزاننىڭ) بۇنداق ئاجايىپ ئىشلىرى ۋە كەشىپ - كارامەتلىرى ناھايىتى نۇرغۇن.

تارىخقا توققۇز يۈز سەكسەن توققۇز[2] بولغاندا، بۇ زات جىسمانىي ئالەمدىن روھىي ئالەمگە يۈرۈپ كەتتى. پەيز بەخش ئەتكۈچى مۇبارەك مازارلىرى مىيانكەل ۋىلايىتىنىڭ كەرمىنە دېگەن قىشلىقىدا. بەزى پەزىلەت ئىگىلىرى شەيخ ئەزىزانغا مۇنداق تارىخ ئېيتىپتۇ، مىسرا:

«مۇقتەدايى زەمانە شاھۇ گەدا»[3].

(تەرجىمىسى:

زامانىمىز شاھلىرى ۋە گادايلىرىنىڭ يول باشچىسى.)

## ئىسكەندەرخان ئوغلى ئەبدۇللاھخاننىڭ مۇقەددەس مەشھەد ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ زىكرى

ۋاقتىكى، (ئەبدۇللاھخان) ئىككىنچى قېتىم خوراسان مەملىكىتىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇ ھەربىر يۇرت ۋە ۋىلايەتلەرگە يۈرۈش قىلار بولسا «شۈبھىسىزكى، پادشاھلاربىرەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئۇنى خاراب قىلىدۇ»[4] دېگەن كەرەملىك ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە، ئۇ ۋىلايەت كىشىلىرىنىڭ دىمىغىدىن دۇد چىقىرىپ نۇسرەت تاپاتتى. بۇ قېتىمقى ۋىلايەت بولسا ئەۋلىيالار سۇلتانى، تەقۋادارلار نىشانى ئىمام مۇسا رىزا — ئاللا ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ياخشىلىق ئاتا قىلغاي — نىڭ شىھىت بولغان مۇقەددەس جاي ئىدى. خان سەپەر تىزگىنىنى ئىختىيارسىزلىقىنىڭ قولىغا بەردى - دە، مۇقەددەس مەشھەد تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ، ئازراق مەنزىل ۋە مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، مۇقەددەس مەشھەدنىڭ سېپىلىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ سېپىل ناھايىتى كەڭ ۋە مۇستەھكەم ئىدى. ئۇ قەلئەنىڭ خالايىقلىرى دەرۋازىنى تاقاپ سېپىلگە ئىشەنچ قىلىپ بېكىندى. بۇ قەلئەنىڭ مۇستەھكەملىكىگە ئەقىل ھەيران ئىدى، باش پىرقىرايتتى. ئاخىر جەڭ قىلىپ قەھر - غەزەپ بىلەن ئۇ شەھەرنىڭ قەلئەسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، مەشھەدنىڭ خەلقىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى، قىسمەنلىرىنى زىندانغا مەھبۇس قىلدى. بۇ ۋەقە تارىخقا توققۇز يۈز توقسان[5] بولغاندا يۈز بەردى. ئىقتىدارلىق مۆتىۋەرلەردىن بىرى بۇ غەلىبە ھەققىدە تارىخ ئېيتىپتۇ، نەزم:

ئەگەر فەيزى فۇتۇھ ئىزدەرسەن، ئەي يار،
ئەلى موسا رىزا دەرگاھىغە بار.
ئۇلار ئىمدادىدىن نۇسرەت تاپىپ خان،

---

① بۇ ئورۇندا كۆچۈرۈش جەريانىدا سۆز چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك.
② ھىجرىيە 989 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1581 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
③ «مقتدايى زمانە شاە گدا» (مۇقتەدايى زەمانە شاھۇ گەدا — زامانىمىز شاھلىرى ۋە گادايلىرىنىڭ يول باشچىسى) دېگەن مىسرادىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى قوشۇلسا، ھىجرىيە 989 - يىلى كېلىپ چىقىدۇ.
④ «قۇرئان كەرىم»، 27 - سۈرە نەمل، 34 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ ھىجرىيە 990 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1582 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ئالىپ مەشھەدنى، بولدى شادۇ خەندان.
بۇ فەتھى تەئرىخىن ئانداغ رەقەم زەد،
يازىبدۇر لەفزى «قەتلى ئامى مەشھەد»[1].

(ئەي دوستۇم، ئەگەر غەلىبە ـ نۇسرەت پەيزىنى سۆرەي دېسەڭ، ئىمام ئەلى مۇسا رىزانىڭ دەرھەغا بارغىن. خان ئۇ زاتنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن نۇسرەت تېپىپ، مەشھەدنى ئېلىپ، شاد ـ خۇرام بولدى. يازغۇچى بۇ غەلىبىنىڭ تارىخىنى «مەشھەد ئومۇمىي قىرغىنى» دېگەن سۆز بىلەن خاتىرىلىدى.)

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل
### شاھمۇھەممەد سۇلتان ۋاپاتىنىڭ زىكرى

شاھمۇھەممەد سۇلتان رۇستەم سۇلتانىنىڭ ئوغلى، رۇستەم سۇلتان ئىسكەندەر خاننىڭ ئوغلىدۇر. ئۇ زات شجائەت مەيدانىدا شىر ۋە ئارسلاندەك، ساخاۋەت ئاسمىنىدا گوياكى ئۈنچە ـ مارجانلارنى تۆككۈچى بۇلۇتتەك ئىدى. گۈزەللىكتە ئۇنىڭغا گۈللەرمۇ رەشك قىلاتتى. ئۇنىڭ (ساخاۋىتى)دىن يۇتكۇل خاسۇئام بەھرىمەن ئىدى. ئۇ غېرىب ـ غۇرۇۋالارنىڭ، بەلكى جىمى پۇقرالارنىڭ بېشىغا ئادالەت سايىسىنى سالاتتى. سۇلتاننى خالايىقلارمۇ كۆزلىرىنىڭ گۆھىرىدەك ۋە كۆڭۈللىرىنىڭ جەۋھىرىدەك بىلەتتى. تۇيۇقسىز سۇلتاندا كۆز ئاغرىقى پەيدا بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، بىر كېچىسى سۇلتان ھەرىمى بىلەن شاراب ئىچىپ سۆھبەتلىشىپ بىر ياستۇقتا باش قويدى. شۇ چاغدا ھەرىمىنىڭ كىرپىكى ئۇنىڭ كۆزىنىڭ گۆھىرىنى زەخىملەندۈرگەنىدى. خان ئاشۇ جاراھەت بىلەن تارىختا توققۇز يۈز توقسان بىر[2] بولغاندا، پانىي ئالەمدىن كۆز يۇمدى. بىلگىنكى بۇ دۇنيا بىۋاپادۇر، ھېچ كىشىگە ۋاپا قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ دەردىگە ھېچ شىپا يوقتۇر. ئۇنىڭ جېڭىدىن قېچىپ نىجات تاپىدىغان ھېچبىر نۇسرەت ئىشىكى يوقتۇر. ئۇ نورغۇن كۆچەتلەرنى تېخى كامالەتكە يەتكۈزمەيلا ئۈزىنىڭ سوغۇق شامالىرى بىلەن قۇرۇتۇپ خازان قىلىدۇ. گۈلشەن گۈللىرىنىڭ غۇنچىسىنى ئېچىلدۇرمايلا ئاپەت زەھەرلىرى بىلەن مىجىپ تاشلايدۇ. نەزم:

يوقتۇرۇر بۇ گۈلشەن ئەييامى نەسىمىدە ۋەفا،
ھەم يەنە نادىدەئى ئەفلاك نىشانىدە بەقا.
چەرخ خۇمخانەسىدىن كىمكى قىلىپتۇر مەي نۇش،
ئاقىبەت سىينەسىدە زەھر كەبى قىلغاي جۇش.

(بۇ گۈلشەننىڭ كۈنلىرى ۋە ئۇنىڭ مەيىن شامالىرىدا ۋاپا يوق ھەم بۇ كور پەلەكنىڭ پەيلىدە مۇقىملىق يوق. كىمكى پەلەك مەيخانىسىدا مەي ئىچكەن بولسا، بۇ مەي ئاقىۋەت ئۇنىڭ مەيدىسىدە زەھەردەك قاينايدۇ.)

---

① «قتل عام مشهد» (قەتلى ئامى مەشھەد — مەشھەد ئومۇمىي قىرغىنى) دېگەن سۆزلەردىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى قوشۇلسا، ھىجرىيە 990 ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.
② ھىجرىيە 991 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1583 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل
### ئىسكەندەرخاننىڭ زىكرى

ئىسكەندەرخان جانىبېكخاننىڭ ئوغلىدۇر، جانىبېكخان مۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئوغلىدۇر. ئۇلار نەچچە مۇددەتكىچە ماۋەرائۇننەھرى ۋىلايىتىنىڭ سەلتەنەت تەختىدە دەۋر سۈردى. ئۇ زات ئۆزى ھەمىشە ئالىم ۋە پازىللار بىلەن ھەمسۆھبەت ئىدى، كۈندۈزى پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، كېچىلەردە خىلۋەت جايلاردا دەرۋىشلەر بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇ مۇشۇنداق پېقىرلىقى بىلەنمۇ مەملىكەتنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ ئوبدان باشقۇراتتى.

(ئىسكەندەرخان) ئەۋلىيالار سەرخىلى، ھىدايەت قۇياشى، كەشپۇ كارامەتنىڭ نامايەندىسى، پاكلىق ۋە نىجاتلىق ئۈلگىسى، تەڭرىنىڭ يېقىنى ھەزرىتى خاجە كەلان جۇيبارىي ــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ــ نىڭ مۇرىتلىق سىلسىلىسىگە ئۇلاشقانىدى ۋە ئۇ زاتنىڭ تەربىيەتلىرىدىن شۇقەدەر يۇقىرى مەرتىۋىگە يەتكەنىدىكى، ئوتتۇز يىلغىچە پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، پېقىر - پۇقرا، غېرىب - غۇرۋالارنىڭ بېشىغا ئادالەت سايىسىنى سالدى. بۇ تۇراقسىز دۇنيا تۇرىدىغان جاي ۋە پاراغەت ماكانى ئەمەستۇر. شۇڭا، «ئالەمدە ئۇنىڭدىن باشقىسى يوق بولغۇچىدۇر» دېگەن سۆزنىڭ ھۆكمى بىلەن بىر تەڭرىدىن باشقىسى مەڭگۈلۈك ئەمەستۇر.

تارىخقا توققۇز يۈز توقسان ئىككى[1] بولغاندا بالا - قازا ئوقى ئۇ زاتنىڭ ۋۇجۇد دەرىخىنى يىقىتتى، ئۇ زاتنىڭ روھ قۇشى بۇ قاراڭغۇ جاھاننىڭ تەڭلىكى ۋە تارلىقىدىن قۇتۇلۇپ، مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ سۈزۈك بۇلىقىغا يېتىشتى.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل
### مۇھەممەدھەكىم مىرزىنىڭ زىكرى

مۇھەممەدھەكىم مىرزا ھۇمايۇن مىرزىنىڭ ئوغلىدۇر. تارىخقا توققۇز يۈز توقسان ئۈچ[2] بولغاندىمۇ كابۇل ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى. ئالىملار، ئاقىللار ۋە پۇقرالارغا كۆپ ھۆرمەت - ئېھتىرام قىلىپ، رەھىم - شەپقەت كۆرسىتەتتى. موللا سادىق ھەلۋايىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىلىم ئۆگىنىپ، ئۇلۇغ كىتابلارنى مۇھاكىمە قىلاتتى. ۋاقتىكى، ئۇ بۇ ناخۇشلۇق ئالەمدىن شادلىق سارىيىغا سەپەر قىلدى، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ۋىلايەتتە دەپنە قىلىندى.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل
### ئەبدۇللاھخاننىڭ بەدەخشان ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ زىكرى

ئەبدۇللاھخان بەدەخشان ۋىلايىتىنى ئۆز قولىغا ئالدى. بۇ ۋىلايەتنىڭ شەھەر ۋە دىيارلىرىغا زىننەت بېرىپ، ئەمىرلەردىن بىرىنى ھاكىم قىلىپ قويدى. تارىخقا توققۇز يۈز

---

① ھىجرىيە 992 - يىلى مىلادىينىڭ 1584 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيە 993 - يىلى مىلادىينىڭ 1585 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

توقسان تۆت[1] بولغاندا، كۆلەمنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن جەڭگىۋار لەشكەرلەرنى ھەددىدىن زىيادە ۋە قىياستىن ئارتۇق توپلاپ، كۆلابقا كەلدى. جەڭ كۈرەشلەر بىلەن نۇرغۇن غەلىبە - نۇسرەتلەرنى قازىنىپ، ئاندىن پەخىرلىك بۇخاراغا قايتىپ كېلىپ، بىر مەدرىسە بىنا قىلدى. بۇ مەدرىسە ناھايىتى چوڭ، ھۇجرىلىرى نۇرغۇن زىبۇزىننەتلەر بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۇنىڭ ۋەخپە - ئەۋقاپلىرىنى تەيىنلەپ، موللا مىرزاجان شىرازىي بىلەن ئەمىر سەدرىددىن بۇخارىينى مۇدەررىس قىلدى. بۇ ئىككى بۈيۈك ئۆلىما خاننىڭ ھۇزۇرىدا دەرس ئېيتاتتى. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان تارىختا ھەزرىتى ئاخۇن موللا مىرزاجان شىرازى ۋاپات بولدى. ئەبدۇللاھخاننىڭ سەلتەنىتى زامانىدا خاجە ھەكىم دەپ ئاتالغان بىر ھۆكۈما بار ئىدى، ئۇ زات شۇنداق ھۆكۈما ئىدىكى، دەۋرنىڭ ئەڭ كاتتا تېۋىپى ۋە زامانىنىڭ ئىيسا مەسىھى ئىدى. شۇ دەۋرنىڭ ھۆكۈمالىرى ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، تېبابەتنى ئۆگىنەتتى. ئۇ ھەرقانداق ئاغرىق ۋە كېسەلگە داۋا قىلسا، بىمار ئۇنىڭ ئىيسا نەپەسىدەك ئىلاجى بىلەن يېڭى جان تاپاتتى. بۇ زاتمۇ تارىخقا توققۇز يۈز توقسان تۆتتە پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە يۈرۈپ كەتتى. يەنە زىكىر قىلىنغان مۇشۇ تارىختا تەڭرىنىڭ يېقىنى، خالايىقنىڭ سۆيۈملۈك كىشىسى مەۋلانا مۇھەممەدسادىق — مەشھۇر ئىسمى ھەلۋايى — ئۇلۇغ مەككىدىن سەمەرقەند ۋىلايىتىگە كەلدى. ئۇ خالايىقلارنى توغرا يولغا يېتەكلەپ، نەچچىلىگەن كىشىلەرنى كامالەتكە يەتكۈزدى. ئەبدۇللاھخان ئۇ زاتتىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەپ، تارىخقا توققۇز يۈز توقسان تۆتتە ماۋەرائۇننەھىر ۋىلايىتىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. خاننىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا مەۋلانا ئەشرەف خاننىڭ ئىسمى بىلەن ئالتە بېيىت مۇۋەششەھ ئېيتىپتۇ. ھەر بېيىتتىن بىر تارىخ ھاسىل بولىدۇ. بۇ تارىخنىڭ يىغىندىسىدىن بىر بېيىتنى ئايرىپ چىقىپتۇ. ھەربىر بېيىتنىڭ بېشىدىن بىر بېيىتنى ئالسا، ئۇنىڭدىن ئالىي مەرتىۋىلىك خاننىڭ ئېتى ھاسىل بولىدۇ. نەزم:

قەۋمى دەر تەئرىخى ئەقدامى شەھى ئالىي مەقام،
«خەير مەقدەم» مىبەرانەند ئەززەبان ۋەقتى سەلام.
لەب كۇشادە مۇنشىئى تەئرىخ گۇفت ئەز سىدقى دىل،
«مەددى زىللىك» ئەي سەھابى فەيز، سۇيى ما خىرام.
باز فەييازى مەئانى ئەندەرىن تەئرىخ گۇفت،
«زامىنى دەئبى مۇلۇك» ئامەد زىرۇيى ئېھتىشام.
ئەيكى خاھى «مۇلكى خۇش» ئەفكەن سەرى بەدخاھرا،
تا دەرىن تەئرىخ يابەد مۇلك ئەز نەۋ ئىنتىزام.
يا كەرامەت ئەندەرىن تەئرىخ ئىكرامى كەرىم،
مىدەمەد «جاۋىدى ئىشرەت» باتۇ، ئەي سەدرى كىرام.
ئەي سىپىھرى كامىرانىي پىش ئەز دەر تەئرىخەش،
ھەق رەسانەد دەۋلەتەترا «بادى دەۋلەت پەر داۋام».

(تەرجىمىسى:

شاھى ئالىي كەلمىشى تارىخى ھەققىدە ئاۋام:
قارشى ئالدى «خۇش قەدەم» دەپ سۆيۈنۈپ ۋاقتى سالام.

---

① ھىجرىيە 994 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1585 - 1586 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

لەۋ ئېچىپ چىن كۆڭۈلدىن ئېيتتىكى تارىخ كاتىپى:
بىزگە، ئەي شادلىق بولۇتى، (سايىڭىز بولغاي داۋام).
مەنىلەر پەيزىگە چۆمگەنلەر دېدى تارىخ سۆزىن:
زور ھەشەمدىن «بارچە شاھلار ئادىتى» كەلدى تامام.
ياخشىلارغا «دۆلىتىڭ خوشتۇر»، يامانلار باشىغا
دۆلىتىڭ تۈزگەي بۇ تارىختىن يېگۈچە ئىنتىزام.
ياكى سالنامە ساخاۋەتچىسى مۇنداق ئىلتىپات
قىلدى: بولسۇن «مەڭگۈ ئىشرەت» ساڭا، ئەي ئالىي كىرام.
تارىخىڭ ئېيتتى شۇ سۆزنى، ئەي پەلەكنىڭ ئەركىسى:
دۆلىتىڭ ئالغاي «بەخت سەلكىنى»دىن راھەت ـ ئارام.)

بۇ ئالتە بېيتنىڭ ھەر بىرىدىن بىر تارىخ ھاسىل بولاتتى:

«خەير مەقدەم»، «مەددى زىللىك»، «زامىنى دەئبى مۇلۇك»،
«مۇلكى خوش»، «جاۋىدى ئىشرەت»، «بادى دەۋلەت بەر داۋام».

(تەرجىمىسى:
خوش قەدەم، شاھلار يوسۇنى، دائىمىي شۇ سايىسى،
ياخشى دۆلەت، مەڭگۈ ئىشرەت، بەخت سەلكىنى بولسۇن داۋام.)

دېگەن بېيىتتىكى سۆزلەرنىڭ ھەربىرى ئەبجەد ھېسابىدا توققۇز يۈز توقسان تۆت بولىدۇ[1].

خان ماۋەرائۇننەھرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، بۇ ۋىلايەتلەرنى تەرتىپكە سېلىپ ئاندىن خۇراسان ۋىلايىتىگە يۈرۈش قىلدى، خۇراساننى ئۆز تەۋەلىكىگە ئېلىپ ھەددى ـ ھېسابسىز لەشكەر بىلەن ھىرات ۋىلايىتىگە سەپەر قىلدى، ھىراتقا يېتىپ كېلىپ بىر جايغا چۈشتى، ئۇ كېچىسى شۇ يەردە ئارام ئالدى، سۈبھى ۋاقتى بولغاندا، شۇ كۈنى تەڭرىگە تەۋەككۇل قىلىپ، پاك ئەرۋاھلاردىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەپ، ياخشىلارنىڭ سەرخىلى ھەزرىتى خاجە ئەبدۇللاھ ئەنسارىي — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ مازارلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئالىملار ۋە قابىللاردىن دۇئا تىلەپ، نەيچىلىگەن داڭلىق سەركەردىلەر ۋە ئۇچقۇر ئاتلىقلارنى يىغىپ، مەيدان تەرەپكە قاراپ شۇنداق يۈرۈش قىلدىكى، ھەربىر باھادىرنىڭ سالاھىيىتىدىن ھاۋادا چاقماق چاققاندەك ئوتلار شولا چاچتى. خان: «ھەممىڭلار قەلئە تەرەپكە يۈزلىنىپ جەڭ قىلىڭلار» دەپ پەرمان قىلدى. تەڭرىتائالا ئىنايىتىنىڭ شامىلى بۇ لەشكەرنىڭ غەلىبە بايرىقىنى تەۋرەتتى. گويا قۇياش چىققاندا يۇلتۇزلار غايىب بولغاندەك

[1] ئاپتور يۇقىرىقى شېئىردىكى ھەربىر بېيتتىن (شۇ بېيتتىكى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزدىن) بىر تارىخ ھاسىل بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايرىم بىر بېيتتىكى ھەربىر كەلىمە (تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان ھەربىر سۆز) بىر تارىخ بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا 994 ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. ھېسابلاپ كۆرگىنىمىزدە،، بۇ سۆزلەر ئىچىدىن «خەير مەقدەم» (خير مقدم) (خەير مەقدەم — خوش قەدەم، خەيرلىك قەدەم)، «مەدظلك» (مەددى زىللىك — ئۇزاق داۋام قىلىدىغان سايە)، «ضامن داب ملوك» (زامىنى دەئبى مۇلۇك — پادىشاھلار ئادەت ـ يوسۇنلىرىنىڭ كاپالەتچىسى)، «جاويد عشرت» (جاۋىدى ئىشرەت — مەڭگۈلۈك ئەيش ـ ئىشرەت) دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەربىرىدىن 994 دېگەن سان كېلىپ چىقتى. بۇ ھىجرىيە 994 ـ يىلنى كۆرسىتىدۇ. قالغان «ملكى خوش» (مۇلكى خوش — خوش دۆلەت، ياخشى مەملىكەت) دېگەن سۆزدىن 996 دېگەن سان كېلىپ چىقتى. «باد دولت بر دوام» (بادى دەۋلەت بەر دەۋام — بەخت ـ دۆلەت شامىلى داۋاملىق بولسۇن) دېگەن سۆزدىن بولسا 702 دېگەن سان كېلىپ چىقتى.

ھىرات لەشكەرلىرى پاراكەندە بولدى. خاننىڭ بېشى تېخى كىچىك ئىدى. تەڭداشسىز تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن نەۋجۇۋانلىق ۋاقتىدىلا پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، نۇرلۇق قۇياشتەك جاھانغا شولا چاچتى. ئالىي شان ـ شەۋكەتلىك خان نەچچە كۈن خوراساننىڭ پايتەختىدە خاتىرجەم تۇردى. بۇ تۆتىنچى ئىقلىمدا ئىسلامنىڭ نۆۋەت پەنجىسىنىڭ ساداسىنى يەتتىنچى ئاسمانغا يەتكۈزدى، خۇتبىنى ئۆز نامىغا ئوقۇتتى، سىككە (پۇل)نى ئۆز ئېتىدا سوقتۇرۇپ، شۇ زاماننىڭ قىممەتلىك دىنارىنىڭ يۈزىگە ئۆز ئىسمىنى چەكتۈردى. قۇلبابا كوكۇلداش خاننىڭ ئىشەنچلىك ئەمىرلىرىدىن ئىدى، (خان) ھىرات ۋىلايىتىنىڭ ھاكىملىقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ماۋەرائۇننەھر تەرىپىگە قاراپ يۈردى. شۇ ئەسىرنىڭ قابىللىرى بۇ غەلىبىنىڭ تارىخىنى «زىللۇللاھ»① دېگەن سۆزدىن چىقىرىپتۇ. «زىللۇللاھ» (ئاللانىڭ سايىسى) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ سانلىرى جەملەنسە، توققۇز يۈز توقسان ئالتە② بولىدۇ. (خان) مۇشۇ تارىختا ماۋەرائۇننەھرگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ پايتەختىدە سەلتەنەت تەختىدە بەرقارار بولدى.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل
### شائىر موللا مۇشفىقىي ۋاپاتىنىڭ زىكرى

پاساھەتلىك شائىر، شېرىن سۆزلۈك سەنئەتكار موللا مۇشفىقىي مەرۋىينىڭ تۇغۇلغان ئەسلىي جايى مەرۋى شاھىجەھان ئىدى. مەرۋى خوراسان شەھەرلىرىنىڭ تۆتىنچىسى ئىدى. مەرۋىنىڭ قەلئەسىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىنا قىلغانىدى. ئۇ ۋىلايەتنىڭ ياخشىلىقلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دۆڭلىرى تولا، تۈز يەرلىرى ئاز. ئۇ يەردە تەڭرىنىڭ يېقىن بەندىلىرىدىن نۇرغۇن ماشايىخلار ئۆتكەن. ھەكىم ئەبۇ زەر جۇمھۇر دانامۇ ئاشۇ ۋىلايەتتىن ئىدى. ئەبۇ ئىسھاق تالىقانىي مۇنداق دەيدۇ: «مەن مەرۋى ۋىلايىتىنىڭ بىر قىشلىقىدا ئىدىم، بىر توپ كىشىلەر بىر كونا تامنى يىقىتىپ، يېڭى ئىمارەت بىنا قىلىپ تۇرغانىكەن، ئۇنىڭغا يېقىن كەلدىم. ئۇ يەردىن بىر ئادەمنىڭ كاللىسى چىقتى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ چوڭلۇقى شۇنچىلىك بار ئىدىكى، بىر چېشنى تارازىدا ئۆلچىگەنىدى، شەرئىي پاتمىنىدا ئىككى پاتمان كەلدى». ئاللا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

ئەمدى موللا مۇشفىقىينىڭ زىكرىگە كېلىمىز. ئۇ زات نەچچە مۇددەتكىچە سۇلتان سەئىدخاننىڭ مۇلازىمىتىدە كىتابدارلىق مەنسىپىگە يېتىپ، ئەزىزلەنگەنىدى، شەۋكەتلىك خاننىڭ سۆھبىتىدە بولۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەنىدى. سۇلتان سەئىدخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، پەخىرلىك بۇخاراغا كېلىپ، ئەبدۇللاھخاننىڭ خىزمىتىدە ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، ئەبدۇللاھخان ھەققىدە نەچچىلىگەن قەسىدە، رىسالىلەرنى يازغانىدى. ئۇ يېزىقچىلىقتا، ھەجۋىيگۇيلۇقتا دەۋر سەنئەتكارلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئالىملار ۋە شائىرلار ئىچىدە ئۇنىڭ ھەجۋىيلىرىنىڭ ئالماس تىغلىرى كۆكسىگە سانجىلمىغانلاردىن ھېچبىر كىشى يوق ئىدى. ئىلمى ھېكمەت (پەلسەپە) جەھەتتە جالىنۇس ۋە باتلىمۇستەك ئىدى، قۇرئى سېلىش ئىلمىدە، تەلەيىنى بىلىشتە، ھېساب ئىلمىدە شۇقەدەر بىلىمدان ئىدىكى، ئۇنى بىلىشتىن ئاقىللار تەسەۋۋۇرى ئاجىز، دانالارنىڭ ئەقىل ۋە زېھىنلىرى ئىقتىدارسىز ئىدى. مەسىلەن، ھەرقانداق كىشىگە

---

① «ظل الله» (زىللۇللاھ ـــ ئاللانىڭ سايىسى) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى قوشۇلسا، ھىجرىيە 996 ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.
② ھىجرىيە 996 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1587 ـ 1588 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئالەم ھادىسىلىرىدىن بىرەر مۇشكۇل ئىش يۈزلەنسە، موللا مۇشفىقىينىڭ قېشىغا كېلىپ ئېيتسا، ئۇنىڭغا دەرھال بىر بېيىت ياكى رۇبائىي ئېيتىپ، ئۇ كىشىنى چاقىراتتى، ئاندىن قولىغا قۇرئى كىتابىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ جاۋابى ھەققىدىمۇ شېئىر بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇ زات ھەرقانداق بىر بېيىتنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلىغان ھامان شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا بەدىھە ئېيتاتتى، ئەسلا توختاپ قالمايتتى. يازغان ۋە تۈزگەن كىتابلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. شۇ جۈملىدىن ئۇنىڭ «غەزەللەر دىۋانى»، «قەسىدىلەر دىۋانى»، «گۈلىستانى رەزم» («جەڭ گۈلىستانى») ناملىق مەسنەۋىسى (داستانى)، «ھۇسن ۋە دىل» ناملىق نەزمىي ئەسىرى بار.

ۋاقتىكى، ئۇ زاتقا تەقدىرنىڭ پەرمانى يەتتى. تارىختا توققۇز يۈز توقسان ئالتە بولغاندا، «سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن»① دېگەن ئايەتنىڭ ساداسى بىلەن تەڭرىتائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتى. پەخىرلىك بۇخارا ۋىلايىتىدە ھەزرىتى شەيخ جەلالنىڭ نۇرلۇق زىيارەتگاھىدا دەپنە قىلىندى. نەزم:

دەرداكى، مۇھىتى ئىلمۇ ئاداب ئولدى،
ھەر مۇشكىل ئارا مەشئەلى ئەسھاب ئولدى.
ئول نەۋئى فەساھەتتە ئىدى چۇن بۇلبۇل،
ئاخىر دەمى خاك ئىچىدە دەرخاب ئولدى.

(ۋاي داد ! ئۇ ئىلىم ۋە ئەدەپنىڭ دېڭىزى ئىدى. ھەرقانداق قىيىنچىلىقتا سۆھبەتداشلارنىڭ مەشئىلى ئىدى. ئۇ پاساھەتتە گوياكى بۇلبۇلدەك ئىدى، ئاخىرقى تىنىقلىرىدا تۇپراق ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتتى.)

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل
### خاجە جۈيبارىينىڭ زىكرى

ئۇلۇغلۇق بېغىنىڭ مېۋىسى، ئەزىزلىك سەدىپىنىڭ گۆھىرى، ئەزىز پەرزەنت، ئەۋلىيالار پېشۋاسى ھەزرىتى خاجە جۈيبارىي — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — تارىختا توققۇز يۈز توقسان يەتتە② بولغاندا، ئەجەل شىۋىرغىنى ئۇ زاتنىڭ ۋۇجۇد كۆچىتىنى خازان قىلدى. ئۇ زات پانىي دۇنيانىڭ كىر — غۇبارلىرىدىن مۇبارەك ئېتەكلىرىنى سىلكىپ، ھەقىقەت گۈلىستانىغا ئۇلاشتى. شائىرلىق دەرياسىدا غەۋۋاسلىق قىلىۋاتقان قابىللاردىن بىرىنىڭ تەبئىيەت بۇلىقىدىن مۇنداق مەنالار ئېقىپ چىقتى، نەزم:

قايۇكۇن ئېتەك سىلكىدى دەھرىدىن،
سىپھرى كەرەم ئېردىلەر بۇ زەمانە.

① «قۇرئان كەرىم» 89 ـ سۈرە فەجر، 28 ـ ئايەت.
② ھىجرىيە 997 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1588 ـ 1589 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئەگەر سورسا تەئرىخ ۋەفاتىن ئانىڭ،
دېگىل «خاجەئى جۇيبارىي نامايەندە»[1].

(بۇ زاماندا ئۇ ساخاۋەتنىڭ ئاسمىنى ئىدى، قايسىدۇر بىر كۈنى دۇنيادىن ئېتىكىنى سىلكىدى.
ئەگەر ئۇنىڭ ۋاپات بولغان تارىخىنى سورىسا، «خاجە جۇيبارىي نامايەندە» دېگىن.)

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل
### رۇستەم سۇلتاننىڭ زىكرى

كۆزەتكۈچىلەرنىڭ نەزەرلىرىدىن يوشۇرۇن قالمىسۇنكى، رۇستەم سۇلتان ئەبدۇلقۇددۇسخان دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. بۇ زات نەچچە مۇددەت تاشكەند ۋىلايىتىنىڭ ھاكىملىق مەنسىپىدە دەۋر سۈردى. ۋاقتىكى، بۇ يۈزسىز ۋە جاپاكار دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئاخىرىغا يەتتى. رۇستەم سۇلتان ئۆلۈم ئاغرىقىغا گىرىپتار بولدى. تارىخقا توققۇز يۈز توققان سەككىز[2] بولغاندا، بۇ ۋاقىتلىق ئالەمدىن ئەبەدىيلىك سارىيىغا كۆچۈپ كەتتى. شائىرلاردىن بىرى ئۇنىڭغا تارىخ ئېيتقانىكەن، بۇ بېيىتنىڭ ھەربىر سۆزىدىن بىر تارىخ چىقىرىپتۇ. نەزم:

«ۋەقتى ئەمنەت سالى خۇش»، «نەفئى ھۇدۇدى تاشكەند»،
«نامى خۇش»، «با فەيزى ئەدلى» رۇستەمى سۇلتان كۇشاي[3].

(تەرجىمىسى:
ياخشى ئاتلىق رۇستەمى سۇلتان ئادالەت پەيزىدىن،
ياخشى دەۋران ئاچتى، نەپ ئالدى دىيارى تاشكەند.)

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل
### مەۋلانا ئۇرفىينىڭ زىكرى

شائىرلارنىڭ پەخرى، قابىللارنىڭ ئىپتىخارى مەۋلانا ئۇرفىي شىرازىي — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — شۇنداق ئۇلۇغ كىشى ئىدىكى، ئۆزى تەقۋادار، ھەدىس، تەسەۋۋۇپ ئىلىملىرىدە ۋە شېئىرىيەتتە تەڭداشسىز ئىدى. ئۇ زاتنىڭ شەرەپلىك ۋۇجۇدلىرىنىڭ كۆچىتى شىراز ۋىلايىتىدە ئۈسۈپ

---

① خواجه جويبارى نماينده» (خاجە جۇيبارىي نامايەندە) دېگەن سۆزلەردىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى قوشۇلسا، ھىجرىيە 997 ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

② ھىجرىيە 998 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1589 ـ 1590 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

③ بۇ بېيىتتىكى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان «وقت امنت» (ۋەقتى ئەمنەت ــ سېنىڭ ۋاقتىڭدىكى ئەمىنلىك)، «سال خوش» (سالى خۇش ــ ياخشى يىل)، «نفع حدود تاشكند» (نەفئى ھۇدۇدى تاشكەند ــ تاشكەند تەۋەسىنىڭ پايدىسى)، «نام خوش» (نامى خۇش ــ ياخشى نام، ياخشى ئات)، «بافيض عدل» (بافەيزى ئەدل ــ ئادالەتنىڭ پەيزى بىلەن) دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەربىرىدىن ئەبجەد ھېسابى بويىچە 997 دېگەن سان كېلىپ چىقىدۇ. بۇ سان ھىجرىيە 997 ـ يىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، قولىيازمىدا رۇستەم سۇلتاننىڭ ھىجرىيە 998 ـ يىلى ۋاپات بولغانلىقى يېزىلغان. ئىككى يىلنامە ئارىسىدا بىر يىل پەرق بار.

يېتىلىپ يوكسەلگەنىدى. ئۆزىنىڭ مەسنەۋى (داستان)لىرىدىن «ئەرائىزۇل ـ ئىبكار» (قىزلار بايانى) ناملىق مەسنەۋىسىنى يېزىپ، نەچچە خىل مەنالار بىلەن جىلۋىلەندۇرگەنىدى. بۇ مەسنەۋى ئىنتايىن لەززەتلىك چىققانلىقى ئۈچۈن، زوق ـ شوق ئەھلىلىرى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولماقتا. ئۇ زاتنىڭ تىلىنىڭ گۈزەللىكىدىن شىرازنىڭ داستانچىلىرى ھەيران ۋە ھاڭ ـ تاڭ قالاتتى. ئۇ زات ئىرانغا كېلىپ ئاندىن ھىندىستان مەملىكىتىگە يۈزلەندى. بىرنەچچە كۈن جالالىددىن ئەكبەرنىڭ ئولتۇرۇشلىرىدا بولدى. (جالالىددىن ئەكبەر ئۇنى) شەيخ فەيزى، شەيخ ئەبۇلفەزل، خاجە ھەسەن سەنائىي قاتارلىق مۆتىۋەر شائىرلار بىلەن بىر مەجلىستە ئولتۇرغۇزۇپ شېئىر ئېيتىشقا سالدى. مەۋلانانىڭ يالقۇنلۇق لەۋزىنى ئاڭلاپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاپىرىن ئېيتتى، مەۋلاناغا كۆپتىن ـ كۆپ ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلدى. ئەمما، مەۋلانا بۇ ئابرۇي ۋە ئىززەتكە خۇرسەن بولمىدى. ھەرقانچە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ كار قىلمىدى، ئاخىر بىرمۇنچە ئالتۇن بېرىپ مەۋلاناغا رۇخسەت قىلدى. مەۋلانا ئۆگزىگە چىقىپ ئولتۇردى. پادشاھنىڭ ئىلتىپاتىغا قارىماي، بۇ رۇبائىينى ئېيتتى. رۇبائىي:

ئۇرفىي دىلىنى كىشى دىگەرگۇن قىلالماس،
يۈز پەلەڭ پەنجى ئۇرۇپ خۇن قىلالماس.
جەننەتغە ئەگەر بۇ كوچىدىن ئىشىك ئاچىلسا،
ئەلبەتتە ئۇمىد باشىنى بىرۇن قىلالماس.

(ھېچ كىشى ئۇرفىينىڭ كۆڭلىنى باشقىچە قىلىپ ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا يۈزلىگەن قاپلان پەنجە ئۇرسىمۇ قان قىلالمايدۇ. ئەگەر بۇ كوچىدىن جەننەتكە ئىشىك ئېچىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۇمىد بېشىنى سىرتىغا چىقىرالمايدۇ.)

لېكىن، ئۇ زاتنىڭ پەزىلەت كۆچەتلىرى تولۇق يېتىلىپ مېۋە بەرمىگەنىدى. تارىخقا توققۇز يۈز توقسان سەككىز بولغاندا، ئەجەل شۇئىرغىنى ئۇ زاتنىڭ ۋۇجۇد كۆچىتىنى ھاۋاغا ئۇچۇردى. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ مەتلەئى[①] مامات مەقتەئىگە[②] ئۇلاندى. ئۇ زات جان ئۈزۈش ۋاقتىدا ۋىدالىشىش يۈزىسىدىن بۇ رۇبائىينى ئېيتتى، رۇبائىي:

ئۇرفى دەمى نەزئى ھەستۇ ھەمان مەستى تۇ،
ئاخىر بەچچە ناقە بار بەرھەستى تۇ.
مۇژدەستكى دوست نەقدى دىدار بىگۇفت،
چۇ يامى مەتائىيەستۇ تەھى دەستى تۇ.

(تەرجىمىسى:

ئۇرفىي مەستانە ساڭا ئۆزەر ۋاقتىدىمۇ جان،
مەيلى تايلاق ياكى تۆگە ساڭا تەۋە بارى ھامان.
كۆرۈشنىڭ بەدىلىگە ھەق تۆلە دەيسەن، دوستۇم،
تاپقىنىم ھەم بارلىقىم ساڭا تالىق ھەرقاچان.)

① مەتلەئ ـــ غەزەلنىڭ باشلانما بېيىتى.
② مەقتەئ ـــ غەزەلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېيىتى.

جان بېرىش ھالىتىدە بۇنداق لەتىپىلىك شېئىرنى ئېيتىشى ئۇنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇ زاتنىڭ «دىۋانى ئۇرفىي» ناملىق توپلىمى، «خۇسراۋ ۋە شىرىن»، «ئەرائىزۇل - ئەبكار» ناملىق مەسنەۋىلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا قەسىدىلىرى، قىتئەلىرى ۋە رۇبائىيلىرى بار. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزلىرى پاساھەت ۋە بالاغەتتە مىسلىسىزدۇر.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل
### خاجە ھەسەن سەنائىينىڭ زىكرى

خاجە ھەسەن سەنائىي ئەسلىي مۇقەددەس مەشھەد ۋىلايىتىدىن ئىدى. ئۇ زاتنىڭ تەبىئىتىنىڭ ئۇتتسى ھىندىستان مەملىكىتىدە نۇتۇق شېكەرلىرىنى چېچىشقا مايىل بولدى، ھەممەتلىرىنىڭ تۇزى ھىندىستان ساياھىتىنىڭ ھەۋەسلىرى ئۇچۇن قانات يايدى. ئاخىر شۇ يەردە ئۇسۇپ يېتىلدى ۋە پاك كۆڭۈللىرىنىڭ قۇياشى، بەلكى زېھىنلىرىنىڭ تېپىلغۇسىز گۆھىرى شۇ يەردە ئەلا دەرىجىگە يەتتى، يۈكسەكلىكتە پەلەك پەگاسى بولغان، يۇلتۇزلار ئۇنىڭ قوشۇنى بولغان شاھىنشاھ ئەكبەر پادىشاھنىڭ ھوزۇرىدا بولۇپ، ئۇلۇغ دۆلەتلەرگە ئېرىشىپ، يۇقىرى مەرتىۋىگە يەتكەنىدى. پادشاھ ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ئولتۇراتتى.

ۋاقتىكى، بۇ بىۋاپا دۇنيا ۋە جاپاكار پەلەك ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىنى خاتىمىسىگە يەتكۈزدى. تارىخقا توققۇز يۈز توقسان توققۇز① بولغاندا، ئۇ زات پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كۆچۈپ كەتتى.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل
### خاجەئى كەلاننىڭ زىكرى

مەۋلانا خاجەئى كەلان ياشانغان كىشى ئىدى، شائىرلارنىڭ كونىسى ئىدى. سەمەرقەند ۋىلايىتىدە تۇغۇلغانىدى. ئۇ زات شېئىرىيەتتە تەڭداشسىز ۋە مىسلىسىز ئىدى. بولۇپمۇ تارىخ يېزىش ھۈنىرىدە ھېچ كىشى ئۇنىڭدەك كامالەتكە يەتكەن ئەمەس ئىدى. ئۇ يەتكەن شېئىرىي تەسەۋۋۇر مەيدانىغا شائىرلاردىن ھېچبىرى قەدەم قويالىغان ئەمەس ئىدى.

خاجەئى كەلان ئەبدۇللەتىفخاننىڭ ئوغلى ئەبدال سۇلتاننىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، كىتابدارلىق مەنسىپىگە يەتكەنىدى. ئەمىرلەر ئارىسىدا ئىززەت - ئابرۇيلۇق بولۇپ، يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانىدى. تارىخقا بىر مىڭ② بولغاندا، تەقدىر ساقىيسى ئۇنىڭغا ئەجەل شەربىتىنى ئىچۈردى. ئۇ زاتنىڭ روھ قۇشى پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە پەرۋاز قىلدى. ئۇ زاتنىڭ خاجەئى خالىد دەپ بىر ئەزىز پەرزەنتى بار ئىدى. ئاتىسىنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە بۇ بېيىتنى ئېيتىپتۇ، بېيىت:

تۇمەن ئەفسۇس، ستەمكارى جەھاندىن،
ھەمە قۇشلارنى قوزغاپ ئاشىياندىن.

① ھىجرىيە 999 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1590 - 1591 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيە 1000 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1591 - 1592 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

خۇمار ئۇيقۇسىدىن بىدار ئەيلەپ،
سەراسىمە قىلىپ ھەم زار ئەيلەپ.
نە يەردە جاي ئەيلەپ جاي تۇتقاي،
قاچان ئۆز مۇلكى يادىنى ئۇنۇتقاي.
دەرىغا، مەۋلەۋى خاجە كەلانىي،
سۇخەنۋەرلىكتە مىھرى ئاسمانىي.
كۆزۈمدىن غايىب ئولدى ئەبر ئىچىدە،
نىچۈك تاقەت قىلاي مەن سەبر ئىچىدە.
مەنى بىچارە يىغلاي زارۇ مەھزۇن،
ئاخىر باغرىمنى قىلدىڭ تەھ بەتەھ خۇن.

(بۇ جاپاكار جاھاندىن تۇمەن ئەپسۇسكى، ئۇ ھەممە قۇشلارنى ئۆز ئۇۋۇلىرىدىن قوزغايدۇ؛ ئۇلارنى خۇمار ئۇيقۇلىرىدىن ئويغىتىپ، ساراسىمىگە سالىدۇ، خارۇزار قىلىدۇ. ئۇلار ئەمدى نەگە ئورۇنلىشىپ ماكان تۇتىدۇ، قاچان ئۆز مەملىكىتىنى ئەسلەشنى ئۇنتۇيدۇ. ۋادەرىخ، مەۋلىۋى خاجەئى كەلان سۆز سەنئىتىدە كۆكتىكى قۇياشتەك ئىدى، ئۇ بۇلۇت ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك كۆزۈمدىن غايىب بولدى. مەن ئەمدى قانداق سەۋر ـ تاقەت قىلىمەن. مەن بىچارە غەمكىن زار ـ زار يىغلايمەن، سەن ئاقىۋەت يۈرەك ـ باغرىمنى لىپمۇلىق قانغا تولدۇردۇڭغۇ.)

## ئەبدۇلكەرىمخاننىڭ زىكرى

ئەبدۇلكەرىمخان ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئوغلى، ئەبدۇررەشىدخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلىدۇر. بۇ زاتنىڭ نۇرغۇن تارىخى مەلۇم ئەمەس. شۇ زاماننىڭ تارىخى توققۇز يۈز ئاتمىش بىر[1] بولغاندا، ئەبدۇلكەرىمخان سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ.

ۋاقتىكى، ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەبدۇللەتىف سۇلتاننى قىرغىز ـ قازاقلار شېھىت قىلدى. (ئەبدۇررەشىد)خان ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالغاندىن كېيىن، ئەبدۇلكەرىمخاننى ئاقسۇغا نامزات قىلىپ تەيىنلىدى. ئەبدۇلكەرىمخان بۇنى قوبۇل قىلماي: «مېنىڭ نىيىتىم ئاياغلىرىدا بىرنەچچە زامانغىچە بىللە تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھايات پەيتىدە خىزمەتلىرىدە بولۇش ئىدى» دەپ ئەرز قىلدى. ھەسەتخورلار: «ئەبدۇلكەرىم سۇلتاننىڭ خانغا يامان نىيىتى بار» دەپ ئارىغا ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلغىلى تۇردى. ئەبدۇلكەرىمخان بۇنىڭغا ناھايىتى كايىغانىدى، ئەبدۇررەشىدخان ئۇنىڭغا: «بۇ بېيىتنى يازغىن» دەپ بۇيرۇدى. بېيىت بۇدۇر، بېيىت:

پەدەركۇشھا بەشاھىرا نەشايەد،
ئەگەر شايەد بەجۇز شىش مەھ نەمايەد.

(تەرجىمىسى:

ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەنلەر شاھ بولالماس،
ئەگەر بولغاندا ئالتە ئايدىن ئاشماس.)

[1] ھىجرىيە 961 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1553 ـ 1554 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئەبدۇلكەرىمخان بۇ بېيىتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، پوتىسىنى بويىنىغا سېلىپ يالاڭئاياغ بولۇپ پەگەدا تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن خان ئۇنى ئازراق ئەپۇ قىلدى. بىر كۈنى ئەبدۇلكەرىم سۇلتان (ئەبدۇررەشىد)خان بىلەن ھەمراھ بولۇپ ئوۋغا چىقتى. بىر كېيىك قاچتى. خان: «ئات!» دەپ بۇيرۇدى. ئەبدۇلكەرىمخان بىر خامان ئورنىچىلىك يەردە بەش كېيىكنى ئاتتى. ئەبدۇررەشىدخاننىڭ چىن ئىخلاسى بىلەن ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ پاتىھە ئوقۇدى.

بىر كۈنى ئەبدۇررەشىدخان بىر ئولتۇرۇشتا مەجلىس ئەھلى ئارىسىدا ئەبدۇلكەرىم سۇلتاننىڭ ئىنىلىرىگە: «ئەبدۇلكەرىم سۇلتاننىڭ يېشى چوڭ، مەندىن كېيىن قالسا، شۇ خان بولسۇن» دەپ ئېيتقانىدى. ئەبدۇلكەرىمخانمۇ ئىنتايىن قابىلىيەتلىك ھەم لاياقەتلىك كىشى ئىدى. (ئەبدۇررەشىد)خان ئۇنىڭغا ئاقسۇنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇنىمىدى، كاشغەرنى سوفى سۇلتانغا بەردى دەپ، ئەبدۇلكەرىمخان ياڭىھىسارغا رازى بولدى. (ئەبدۇررەشىد)خانمۇ رازى بولۇپ، مىرزا جانمۇھەممەد بايرىننى ئاتالىق قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى ياڭىھىسارغا ئەۋەتتى.

ھەزرىتى خاجە مۇھەممەد شەرىف — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — ئەبدۇررەشىدخاندىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ئەبدۇلكەرىمخان مۇسۇلمان سۆيەرلىك، ئادالەتلىك، خۇداگۇي، رەھىمدىل پادىشاھ ئىدى. شەرىئەتتىن قىلچە تاشقىرى چىقمايتتى.

چالىشتا مىرزا زىرەك دەپ بىر ئەزىز كىشى بار ئىدى، ئۇ مۇنۇ بىر غەزەلنى ئوقۇغانىدى، نەزم:

قارالاسام كۆرۈنمەيدۇر بۇ دۇنيانىڭ ئۇچى،
بۇ دۇنيايى كوھنە رابات بىز ئۆتكۈچى.

(قارىسام بۇ دۇنيانىڭ چېتى كۆرۈنمەيدۇ، بۇ دۇنيا بىر ئۆتەڭدۇر، بىز ئۆتكۈچى.)

مىرزا زىرەك خۇدايداد ئاشۇ يەردىن يۇرۇپ، كاشغەر ناھىيىلىرىدىن بىرى بولغان بەشكەرەمگە چۈشكەن ۋە كەلگەن دېگەن قىشلاقتا ئورۇنلىشىپ قالغانىدى. ئەبدۇلكەرىمخان مىرزا زىرەكنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەنىدى، مىرزا زىرەك ئۇنىڭغا: «مەن سىزنى قوشاقچى بابانىڭ كىچىك ئوغلى دەپ ئويلىغانىدىم، سىز ئىكەنسىز، قوشاقچى بابا ۋاپات بولدى. دۆلەت كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسى سىزنى خان قىلىپ كۆتۈردى، دۈشەنبە كۈنى خەۋەردار بولۇڭ» دېدى. ئەبدۇلكەرىمخان ياڭىھىساردا قاراپ تۇرغانىدى، دۈشەنبە كۈنى خەۋەرچىلەر يېتىپ كېلىپ: «سۇلتان ئەبدۇررەشىدخان ئالەمدىن ئۆتتۈپتۇ. خوتەندىكى ھەممە ئۇلۇغلار يىغىلىپ سىزنى خان قىلىپ كۆتۈردى. سىز تېزدىن بېرىشىڭىز كېرەك» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. ئەبدۇلكەرىمخان تېزدىن ئاتلىنىپ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ تۇراتتى، بىر ئاتلىق كىشى تېزلىكتە كېتىپ باراتتى، ئەبدۇلكەرىمخان ئۇنىڭدىن: «خېتىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ كىشى تاندى. ئاختۇرۇپ باققانىدى خەت چىقتى. بۇ خەتنى مەھمۇد بارلاس ۋە ئەھمەد بارلاسلار سوفى سۇلتاننى ياركەندكە تەكلىپ قىلىپ ئەۋەتكەن ئىكەن. بۇلارنى تۇتۇپ، ياڭىھىسارغا چىرىككە كىشى چاپتۇرۇپ ياركەندكە راۋان بولدى. جانمۇھەممەد مىرزا: «چېرىكنى يىغىپ كۆرسەك» دېگەنىدى، ئەبدۇلكەرىمخان: «سوفى — ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولغاي — (تېز بارايلى) دېگەنىكەن» دەپ تېز مېڭىپ قوشگۇمبەزگە كەلدى. سۈچۈك خانىم، ۋەزىر خاجە ئەبدۇللاھ، جانمۇھەممەد مىرزا، فىرۇز مىرزا، مۇھەممەد يەئقۇب مىرزا، ساتقىن مىرزا باشلىق ھەممەيلەن بىرلىشىپ كېلىپ، ئەبدۇلكەرىمخاننى خان قىلىپ كۆتۈردى.

ئەبدۇلكەرىمخان ناھايىتى ئادىل كىشى ئىدى. ئەرز - دادلارنى سوراشتا قازى ۋە مۇپتىلارنى بىر يېنىدا، ۋەزىر ۋە ھاكىملارنى بىر يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ سورايتتى. ئەرز - داد، شەرىئەت مەسىلىسى بولسا، قازى مۇپتىلارغا مەسلىھەت سالاتتى. خان ئاڭلاپ تۇراتتى، قىلچە چوڭچىلىق، تەكەببۇرلۇق كۆرۈلمەيتتى. بەزى كۈنلىرىدە خاجە ئەبدۇللاھ — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نى ئەرز - داد سوراشقا قوياتتى. ئۇ زات ئادىل ۋەزىر ۋە قابىل ئالىم كىشى ئىدى. ئەبدۇلكەرىمخان ئادىل كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلاتتى. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ئادىل پادشاھنىڭ زامانىدا دۇنياغا كەلدىم». گەرچە نۇشىرۋان باشقا دىندىكى كىشى بولسىمۇ، ئەمما ئادالەت ۋە ئىنساپتا يېگانە ئىدى. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىپ: «مەن ئادىل پادشاھنىڭ زامانىسىدا دۇنياغا كەلدىم» دېگەنىدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە پەيغەمبەرلەردىن قالسا، ئۈچ كىشىنىڭ مەرتىۋىسى تەڭدۇر. ئۇلارنىڭ بىرى قۇتۇپ ۋە غەۋس دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئەۋلىيالاردۇر. ئىككىنچىسى ئاللا يولىدا شېھىت بولغانلاردۇر. ئۈچىنچىسى ئادىل پادشاھلاردۇر. ئەگەر پادشاھ غەرەزسىز ھالدا ئادىللىق قىلسا، قۇتۇپ، يەنى ئەۋلىيالىق دەرىجىسىگە يېتىدۇ. تائەت - ئىبادەتنىڭ مۇشەققىتىنى تارتماي، ئەۋلىيالىق دەرىجىسىگە يېتىش نېمىدېگەن ياخشى! كۆپىنچە پادشاھلار غەپلەت بىلەن ئۆتۈپ، بۇ بەخت - سائادەتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

ئەل قىسسە، ئەبدۇلكەرىمخان قازى ۋە مۇپتىلارنى نەق مەيدان ئۈستىدە تۇرغۇزۇپ، سەككىز ئىنىسىگە مال - مۈلۈك ۋە مەملىكەتلەرنى تەقسىم قىلىپ بەردى. ئەبدۇلكەرىمخان تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى (ئىككىنچى) كۈنى سۈچۈك خانىم باشلىق ھەممە ئەمىرلەر يىغىلدى. ئەبدۇلكەرىمخان سوفى سۇلتانغا: «ئەي قېرىندىشىم، ئاتىمىز ئالەمدىن كېتىپ، يۇرت بىزگە قالدى. ماڭا خان بولغىلى ئۈچ كۈن بولدى. ئەگەر رازى بولسىڭىز، سىز كاشغەر ۋە ياڭىھىسارغا (خان) بولۇڭ. مۇبادا رازى بولمىسىڭىز، مەن كاشغەر ۋە ياڭىھىسارغا (خان) بولاي. بىز ئۆزئارا مۇخالىپلىق قىلساق، يۇرت قولدىن كېتىدۇ» دېدى. شۇ چاغدا سۈچۈك خانىم: «ھەممىسىنىڭ ئاتىسى سىز تۇرۇپ، كىم (خان) بولىدۇ؟» دېدى. سوفى سۇلتانمۇ: «خانلىق سىزگە لايىق» دەپ ئاكىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن بىرلىككە كېلىپ، سوفى سۇلتاننى كاشغەرگە ئەۋەتتى. ئەھمەد بارلاس ۋە مەھمۇد بارلاسلار ئەبدۇلكەرىمخانغا كۆرۈنمەي، ئۈچ مىڭ كىشى بىلەن بىر يەرگە بېكىنگەنىدى. جان مۇھەممەد مىرزا سۇلھى بىلەن كېلىپ خان بىلەن كۆرۈشتى. مەھمۇد مىرزا ۋە ئەھمەد مىرزىلار: «بىز مەككىگە بارىمىز» دەپ يولغا چۈشتى. سوفى سۇلتان كاشغەرگە قايتىشقا يولغا چۈشتى ۋە مىرزا زېرەك — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — كە ئاداۋىتىنى ئاشكارا قىلدى. ئۇ مىرزىنىڭ قېشىغا بارىدىغان بولدى. كۆرۈنۈشتە: «نەزىر ئېلىپ بېرىپ دۇئا ئېلىپ يانايلى» دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاتلىنىپ بەشكەرەمگە كەلدى. كۆز پەسلى ئىدى، مىرزا زېرەك — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نى كۆلگە تاشلاپ ئەتراپىدا خادا تۇتۇپ تۇرغانىدى. ئۇ بۇزرۇكۋار سۇدا ئۇزۇپ قايىسىنىڭ ئالدىغا كەلسە، يەنە سۇغا ئىتتىرەتتى. ئاخىر سوفى سۇلتان تەرەپكە كەلدى. سوفى سۇلتانمۇ ئۇنى سۇغا تاشلىماقچى بولدى. مىرزا زېرەك ئۇنىڭغا: «قەلبىڭغۇ كور، ئەمدى كۆزۈڭمۇ كور بولسۇن» دېدى. قاراپ تۇرغانلار ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلىشتى. خۇشامەتگۇيلار: «بۇ مىرزا زېرەك خۇدايىدادنىڭ قولىدىن نېمە كېلەر؟» دېيىشتى، ئۇنىڭغا قاپاق ئاتتى. شۇ سائەتتە: «سوفى سۇلتان كۆزۈمگە قوم كىردى» دېدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى شۇنداق ئاغرىدىكى، ئۇنىڭغا تاقەت قىلالمىدى.

ئەتراپتىكىلەر ۋە ئوردا ئىچىدىكى ھەرەملىرىدىن مۇسلىمە خانىم ئىككى تاۋاقتا ئالتۇن نەزىر ئېلىپ كېلىپ، مىرزىنىڭ ئالدىدا قويدى. مىرزا بۇ ئالتۇننى ئىتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ئىت بۇنى پۇراپ بېقىپ نېرى كەتتى. مىرزا يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتىكى: «بۇنى ئىت قوبۇل قىلمايدىيۇ، مەن نېمە قىلىمەن؟» ئوردا بېگى بىلەن خانىم يىغلاشتى. مىرزا زېرەك: «ئەمدى ئاتقان ئوق يانمايدۇ، سۇلتاننىڭ ئىمانى زاۋال تاپمىسۇن» دېدى. سۇلتان شۇنىڭدىن كېيىن بىر يىل ئۆمۈر كۆردى. كاشغەر ۋە ياڭىھىسارنى ئۇنىڭ يەنە بىر ئىنىسى مۇھەممەدخانغا بەردى.

ئەبدۇلكەرىمخاننىڭ ئادالىتىنىڭ زىيادىلىكىگە مەدىنە خەلقى «ئادىل پادشاھ» دەپ پاتىھە ئوقۇر ئىكەن. ئۇ زات ئاتمىش ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆردى. ئوتتۇز تۆت يىل پادشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى. تارىخقا بىر مىڭ بىر[1] بولغاندا، پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كۆچۈپ كەتتى.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل
### ئىبراھىم سۇلتاننىڭ زىكرى

ئىبراھىم سۇلتان خاجە خاننىڭ ئوغلىدۇر. ئۇ خارەزم ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئەبدۇللاھ باھادىرخاننىڭ زامانىدا خارەزمنىڭ ھاكىمىيەت تەختىدە ئولتۇرغانىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا بولدى. ئەبدۇللاھخان نۇرغۇن لەشكەر توپلاپ، ئۆز ئەمىرلىرى ئىچىدىن خوجامقۇلى قوشبېگى ناملىق بىر كىشىنى سىپاھسالار قىلىپ، خارەزمنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتى. خوجامقۇلى قوشبېگى جەڭ قىلىپ ئۇلارنى يەڭگىنىدە، ئىبراھىم سۇلتان قەلئەنى مۇستەھكەملەپ شەھەر ئىچىگە بېكىندى. ئاخىر بۇلار بۇ شەھەر قەلئەسىنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىكى، بۇ ئىشنىڭ ئاسان پۈتمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن سۇلھى تۈزۈشنى ئارىغا سېلىپ، ئارىغا كىشى قويۇپ، قەلئەنىڭ پادشاھ ۋە ئەمىرلىرىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. تۈرلۈك ـ تۈرلۈك سوۋغات ـ پېشكەشلەرنى راسلاپ، ئۇلارنى ماۋەرائۇننەھر ۋىلايىتىگە ئېلىپ باردى. سەمەرقەند ۋىلايىتىنىڭ بىر قىشلىقى بولغان ساغەرج دېگەن يەرگە كەلگەندە ئازراق ساقلاپ، نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ قىشلاقنىڭ خەلقىگە ئىبراھىم سۇلتاننى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان قىلدى. تارىخقا بىر مىڭ بىردە ئۇ قەلئەنىڭ خەلقى (ئىبراھىم سۇلتاننى) ئارىغا ئېلىپ ئۆلتۈردى.

ئەبدۇللاھخان خارەزمنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، تارىخقا بىر مىڭ ئىككى[2] بولغاندا، مۇقەددەس مەشھەدتە بىر چاھارباغ بىنا قىلىشنى بۇيرۇدى. كامالەتكە يەتكەن ئۇستىلار ئازراق زاماندىن كېيىنلا چاھارباغنى پۈتكۈزدى. بۇ باغ شۇنداق خۇش ھاۋالىق ئىدىكى، جەننەت بېغىدىن نىشان بېرەتتى. ئىقتىدارلىق شائىرلار بۇ باغ ھەققىدە بېيىتلار ئېيتىپتۇ. نەزم:

شاھكىم مەشھەد ئارا زىب ئىلە باغ ئەتتى،
رەشكىدىن باغى ئىرەم سىنەسىگە داغ ئەتتى.

(پادشاھ مەشھەدتە بىر زىبۇزىننەتلىك باغ بىنا قىلدى، ئىرەم بېغىمۇ ئۇ باغقا رەشك قىلىپ، كۆكسىنى داغ قىلدى.)

---

① ھىجرىيە 1001 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1592 ـ 1593 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيە 1002 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1593 ـ 1594 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل
### مەۋلانا مۇھەممەدزاھىد ۋاپاتىنىڭ زىكرى

مەۋلانا مۇھەممەدزاھىد ـــ تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي ـــ زامان شەيخلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى، دەۋر ئالىملىرىنىڭ ئەڭ بىلىمدانى ئىدى. ئىنتايىن خۇش سۆھبەت ۋە خۇشخۇي كىشى ئىدى. پۈتكۈل ئۆمرىنى زاھىتلىق، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تەقۋادارلىقنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانىدى. كېچىلىرى ئويغاق ئولتۇرۇپ، نەچچە رەكەتلەپ نەپلە نامازلىرىنى ئوقۇيتتى، بەزى كېچىلىرى «كەلامۇللاھ»نى تىلاۋەت قىلاتتى. تارىخقا بىر مىڭ تۆت[①] بولغاندا، «سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن»[②] دېگەن ئايەتنىڭ نىداسى ئۇ ئەزىز زاتنىڭ قۇلىقىغا يەتتى ـ دە، «سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن، مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن»[③] دېگەن كەرەملىك ئايەتتە ئېيتىلغان جەننەتكە كىردى. ئۇ زاتنىڭ ۋاپاتى ئۇچۇن زامانىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن زاتلىرىدىن مىرزا رۇستەم دىۋان ـــ بۇ زات جەۋانمەرد ئەلىخاننىڭ سەلتەنىتى زامانىدا «كىتابدار» دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان ـــ مۇنداق بىر ياخشى تارىخ ئېيتىپتۇ. نەزم:

فەريادكى، تاشلاپ ئول فەنانى،  
مەيل ئەتتىكى گۈلشەنى بەقانى.  
تەئرىخ يازىپ ئانداغ ئۇلۇل ـ ئەلباب،  
«مەخدۇمى جەھانۇ قۇتبۇل ـ ئەقتاب»[④].

(ۋاي ئىسىت، ئۇ پانىي دۇنيانى تاشلاپ، باقىي ئالەمنىڭ گۈلشىنىگە مايىل بولدى. دانالار ئۇنىڭغا «جاھان مەخدۇمى، ئەۋلىيالار سەرخىلى» دەپ تارىخ يازدى.)

(داۋامى كېيىنكىساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

① ھىجرىيە 1004 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1595 ـ 1596 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② «قۇرئان كەرىم»، 89 ـ سۈرە فەجر، 28 ـ ئايەت.

③ «قۇرئان كەرىم» 89 ـ سۈرە فەجر، 29 ـ، 30 ـ ئايەتلەر.

④ «مخدوم جهان قطب الاقطاب» (مەخدۇمى جەھانۇ قۇتبۇل ـ ئەقتاب ـــ جاھاننىڭ مەخدۇمى ۋە ئەۋلىيالارنىڭ سەرخىلى) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى قوشۇلسا، ھىجرىيە 1004 ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

# «پەندنامە»دىن

فەرىدىددىن ئەتتار

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ۋەلى كېرىم كۆكئالپ

## سۈكۈت قىلىشنىڭ پايدىسى

ئەي قېرىنداش، سەن ھەقنى ئىزدەيدىغان ئىنسان بولساڭ، ھەق سۆزدىن باشقا ئىشقا ئېغىز ئاچما. ئەگەر ئۆلمەيدىغان ئاللاغا دائىر بىلىمىڭ بار بولسا، ئاغزىڭغا سۈكۈت مۆھۈرىنى باس. بالام، نەسىھەتنى ئاڭلا، قۇتۇلۇشنى ئىستىسەڭ، تىلىڭنى تارت. كۆپ گەپ قىلىدىغانلارنىڭ كۆكرەك قەپىسىدە يۈرىكى كېسەلدۇر.

ئاقىللارنىڭ ئادىتى سۈكۈت، جاھىلنىڭ ئادىتى ئۇنتۇغاقلىقتۇر. ئادەمگە غەيۋەت ۋە يالغانچىلىققا قارىغاندا، سۈكۈت كېرەكتۇر. توختىماي سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن كىشىلەر ئەخمەقتۇر. قېرىندىشىم، ھەقنى ياد ئەتمەكتىن باشقا سۆز سۆزلىمە. توغرا سۆزنىمۇ خەلقنى خاتالاشتۇرۇش يولىدا سەرپ قىلما. توختىماي سۆزلەشكە ئادەتلەنگەنلەرنىڭ قانداق ھۈنىرى بار بولسا، ھەممىسىنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن سەرپ قىلار. كۆپ سۆزلەش يۈرەكنى بەدەن ئىچىدە ئۆلتۈرەر. ئۇنداق سۆزلەر كۆپىنچە غەيۋەت ـ شىكايەتتىن باشقا نەرسە بولماس.

سەنئەتلىك سۆز سۆزلەشكە كۈچەيدىغانلارمۇ كۆڭۈللەرگە ئىز تىراپ سالار. تىلىڭنى ئاغزىڭغا سولا، خەلقتىن ھېچنېمە كۈتمە، ئۆز ئەيىبىڭنى كۆرەلەيدىغانلارنىڭ روھلىرىدا بىر قۇۋۋەت نامايان قىل.

## پادىشاھلارغا زەرەرلىك ئىشلار

ئەي قېرىنداش، تۆت خىل خۇي پادىشاھلارغا زىيان يەتكۈزۈر. پادىشاھ ھەركىمنىڭ يېنىدا قاقاقلاپ كۈلسە، شۈبھىسىزكى، ھەيۋىسىگە تەسىر يېتەر.

ھەرقانداق پېقىر كىشى بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشمۇ پادىشاھلارنىڭ ھۆرمىتىنى ئازايتۇر. يەنە ئاياللار بىلەن كۆپ خىلۋەتتە بولسا، ئۆزىنى ھۆرمەتسىز بىر شاھ مەۋقەسىگە چۈشۈرۈر. جاھانغا ھۆكۈمدارلىق قىلىش قۇدرىتىگە ساھىب بولغانلار خەلقنى قاقشاتماسلىق جەھەتكە مەيل كۆرسىتۇر.

پادىشاھلارغا ئادالەت ۋە كەرەم يارىشۇر. تاكى ئالەمگە بۇ نېمەتلەر بىلەن سۆيۈنۈش، پاراغەت كەلتۈرسۇن. پادىشاھ بىر قېتىم زۇلۇم قامچىسىنى كۆتۈردىمۇ، ئۇنىڭغا نە قوشۇننىڭ، نە خەزىنىنىڭ پايدىسى بولماس. ئەمما، ئۇ ئادالەتلىك ۋە تەبەسسۇم چىراي بولسا، مەملىكەتنى ياخشى تۇتار. سۇلتان بىر لەشكەرلەرگە نىسبەتەن كەرەم ۋە ئېھساندا بولسا، ئۇنىڭ ھەققىدە يۈزلەرچە ئىنسان جان ۋە باشلىرىنى پىدا قىلىدۇ.

## گۈزەل خۇيلار بايانىدا

تۆت ئىش بۈيۈكلۈككە دەلىلدۇر. مۇنۇ سۈپەتلەرگە ساھىب بولغان كىشى بۈيۈكلۈك تاپۇر: ئىلىمگە ھېسابسىز ھۆرمەت كۆرسىتىش، خەلققە توغرا جاۋاب بېرىش، ئىرپان ۋە ئەقىل ساھىبلىرىنى، ئىلىم ۋە ئەقىل ئەھلى بولغانلارنى ئېتىبارلىق كۆرۈش.

ئەي قېرىنداش، سەن ئەقىللىق ئىنسان بولساڭ، خەلققە نىسبەتەن شېرىن سۆزلۈك بول. مۇز چىراي، ئاچچىق سۆزلۈك كىشىلەردىن دوستلىرى يۈز ئۆرۈيدۇ. دۈشمەندىن ساقلانمىغان كىشى ئاخىر ئۇنىڭدىن جاپا ۋە زەرەر كۆرەر. دۈشمەننى يېنىڭغا يېقىنلاشتۇرما، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇش خەيرلىكتۇر. دائىم دوستلار بىلەن بىللە بول، قولۇڭدىن كەلسە دۈشمەننىڭ يۈزىنى كۆرمەسلىككە تىرىش. دوستلار ئارىسىدا خۇشال ياشا، ئەقلىڭ بار بولسا، دۈشمىنىڭدىن يىراق قاچ. ئەي ئوغۇل، ئۇزۇۋق يولىنى ئىزدە، غەيۋەت ـ شىكايەتلەرنى بىر ياققا تاشلا.

## تەھلىكىلىك ئىشلار

ئەي قېرىنداش، تۆۋەندىكى ئىشلاردا تەھلىكە باردۇر، قولۇڭدىن كەلسە، ئۇلاردىن ساقلان: يامانلارغا دوستلۇق، دۇنيا سۆيگۈسى، ئايال چۈشكۈنلۈكى. يارىماسلار بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپماق جاھاننىڭ ئۆلۈمىدۇر.

دۇنيانى تېشىدىن ھەرقانچە رەڭلىك ۋە نەقىشلىك كۆرسەتسەڭمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە يىلاننىڭكىدەك زەھەر توشار. ئۇ كۆرۈنۈشتە گۈزەل ۋە كۆڭۈل تارتقۇچىدۇر، ئەمما زەھەرلىرى بىلەن جاننى تەھلىكىگە ئۇچرىتار. بۇ نەقىشلىك يىلاننىڭ زەھىرى ئۆلتۈرگۈچىدۇر. ئەقىللىق ئىنسان ئۇنىڭدىن يىراق تۇرىدۇ. بالىلاردەك سېرىق، قىزىل رەڭگە ئەسرا بولما، ئاياللاردەك رەڭ ۋە پۇراققا ئالدانما. دۇنيا دېگەن ئالدىغۇچى، كېلىندەك گىرىم قىلغان كىشىنىڭ مەقسىتى ھەرقاچان باشقا بىر خوجا ئىستىمەكتۇر.

بەختىيار كىشى شۇدۇركى، ئۇ جۈپتىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ياشىنىتىدۇ، ئەمما ھەددىدىن بەك ئاشقان خوتۇنغا چېكىنگەچ ئۇچتىن توققۇزغىچە ئۆزىدىن ئايرىلىش قەغىزى بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ ياسانچۇق خوتۇن ئاۋۋال خوجىسىغا كۈلگەن ئېغىزلىرى بىلەن سۆيگۈ سۇنۇپ، ئارقىدىن ئۇنى تىل يارىسى بىلەن ئۆلتۈرگۈچى بىر ۋاپاسىزدۇر.

## يوقسۇللۇققا سەۋر قىلىش توغرىسىدا

ئەي ئوغۇل، پېقىرلىق نېمىدۇر، بىلەمسەن؟ بىلمىسەڭ، مەن ساڭا سۆزلەپ بېرەي: پېقىر ئەزەلدىن يوقسۇل ياشىسىمۇ، ئۆزىنى خەلققە نىسبەتەن نېمەت ساھىبى كۆرسىتۇر. ئاچ بولۇر، توقلۇقتىن دەم

ئۇرۇر، ئۇ ئۆز دۈشمىنى بىلەن قانداقمۇ دوست بولالىسۇن؟

پېقىر كىشى قانچىلىك جۈدىگەن، تۈگەشكەن ۋە دەرمانسىز بولسىمۇ، يەنىلا ئىبادەتكە يولداشلىرىدىن كېيىن قالماس. يوقسۇللۇقۇڭنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىما، بۈگۈنكى مېھنەتنى ئەتىگە قويما. غەم قىلما، ئەتە ساڭا جان ئاتا قىلىدىغان تەڭرى نىھايەت سەندىن بىر ناننى ئاياپ ئولتۇرماس. يەنە نېمىدەپ چۈمۈلىدەك دان توشۇيسەن؟ ئەركەك بولساڭ، يوقسۇللۇقتا مەردلەرچە قېتىل. ئەگەر تەۋەككۇل قىلىپ زەپەر قۇچالىساڭ، تەڭرى ساڭا قۇشلارغا ئوخشاش رىزىق بېرۇر.

پېقىر ئىنسان تەڭرى ئاتا قىلغان بىر بۇردا مايسىز نانغىمۇ شۈكۈر قىلار. باينىڭ يېنىدا كەمەردەك قىمىرلىمىغىنىكى، ساپساپلار بىلەن دوست بولمايسەن. ھەق يولچىسىغا خەلقنىڭ غەيۋەت – شىكايىتىدىن سىقىلىش چۈشەنچىسى، يىرتىق جەندىدىن نومۇس قىلىش قايغۇسى يوقتۇر. شان – شۆھرەتتىن زوقلانغان كىشىنى خاس قول دەپ ھېسابلىما، بەلكى ئۇ پەس بىر ئادەمدۇر. كۆڭلۈڭدە بېزەك، سەلتەنەت سەۋداسى بولمىغاندىكىن، ئات ۋە ئېگەر قايغۇسى قەيەردىن بولسۇن؟

كۆڭلۈڭ يۈزىنى ھاۋايى – ھەۋەستىن ئۆرۈگەندىن كېيىنلا، ھەقنى تاپىدىغانلىقىڭغا ئىشىنەلەيسەن.

## ئەخمەقلىقنىڭ ئالامەتلىرى

ئەخمەقلىقنىڭ تۆت ئالامىتى باردۇر، ساڭا بۇلارنى سۆزلەپ بېرەي: ئۆز ئەيىبىنى كۆرمەي، باشقىلارنىڭ قۇسۇرىنى ئىزدەش؛ كۆڭلىگە خەسىسلىك ئۇرۇقى چاچقان ھالدا جەۋانمەردلىككە ئىنتىلمەك. خۇيى بىلەن خەلقنى رازى قىلمىغان كىشىنىڭ تەڭرى ئىشىكىدە ھېچقانداق ئېتىبارى يوقتۇر. ئادىتى ناچار، خۇيلۇق بولغاننىڭ ئىشى دائىم نەپرەت قازانماقتۇر. يامان خۇي تەندە جاننىڭ بالاسىدۇر. ناچار خۇيلۇق كىشى ئىنسان ھېسابلانمايدۇ. خەسىسلىك جەھەننەم دەرىخىنىڭ بىر شېخىدۇر. بىچارە كىشى، خەسىسمۇ قورۇ – جايىنى ساقلايدىغان ئىتلارغا ئوخشايدۇ. خەسىس قانداقمۇ جەننەت يۈزى كۆرسۇن؟ ئۇ پىلنىڭ تاپىنى ئاستىغا چۈشكەن بىر پاشىدۇر. خەسىسلىك پىتنىسىدىن ئۆزۈڭنى چەتكە تارتقىنىكى، ئەخمەقلەردىن ھېسابلانمايسەن.

## ئېسەنلىك توغرىسىدا

ئەي ئەزىز، بالادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇنۇ ئىشلاردىن قول تارتىش كېرەكتۇر. مال – دۇنيا ۋە نەپسىدىن قولۇڭنى يىراق تۇتقىنىكى، ساڭا بالا يۈزلەنسۇن.

ھېرىس ۋە تەمە كېسەللىكلىرىگە تۇتۇلغان بولساڭ، ساڭا ھەر تەرەپتىن بالا يۈزلىنەر. پۇل سەۋداسىغا گىرىپتار بولمىغان كىشى قەيەردە بولمىسۇن، سالامەتتۇر. ئەي ئوغۇل، نەپس ۋە مال – دۇنيا بالاسىدىن قۇتۇلغىنىكى، بالادىنمۇ، تەھلىكىدىنمۇ يىراق بولىسەن. بىرمۇنچە كىشىلەر باركى، ئۇ بىچارىلەر نەپس سەۋەبىدىن بالاغا ئۇچراپ، زەئىپلەشكەندۇر. نەپس بالاسىغا مۇپتىلا بولغان، بىچارە كىشى مۇرادسىز قۇشتەك كېلىپ ئوۋچىنىڭ تۇزىقىغا چۈشەر.

ئەي ئوغۇل، كۆڭلۈڭ خۇشال ياشاشنى ئىستىسەڭ، جاھاننىڭ بارى بىلەن يوقىنى جورا ھېسابلا. ھەقنىڭ قەھر ۋە ئازابىدىن قورقۇمسىز ياشىما، مۆمىن كىشىلەرنى قاقشىتىشنى ئويلىما. بالاغا

يولۇقساڭ، ھېچ كىشىدىن ياردەم تىلىمە، چۈنكى ئاللادىن باشقا پەريادلارغا يېتىشكەن بىر ياردەمچى يوقتۇر. سەن قاقشاتقان كىشىلەردىن ئۆزۈر تىلىگىنكى، ئۇلار ھېساب يېرىدە ساڭا دۈشمەن بولۇپ قالمىسۇن. نېمەتلەر سەۋەبىدىن تەڭرىدىن بايلىق تىلىگەنلەر، ئۇ بايلىقنى قانائەتتىن تاپالايدۇ.

## ئەقىل ۋە ئىلىم ئالامەتلىرى

ئەي ئەزىز، ئاقىل ۋە بىلىم ساھىبلىرى تۆت نەرسىدىن يىراق بولۇش كېرەكتۇر. ئەقىللىق ۋە بىلىملىك كىشى بىر ئىشنى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارغا تاپشۇرماسلىقى، ھۆرمەتسىزلەرگىمۇ ياخشىلىق قىلماسلىقى لازىم. ئەقلىڭ بار بولسا، يامانلىققا ھەۋەس قىلما، بۇ تۇراقسىز دۇنيادا قولۇڭنى بوش ئۆتكۈزمە. كىشى مۇلايىم ۋە ئوچۇق كۆڭۈللۈك بولسا دەردسىز ياشار. دۇنيادا ھەركىمدىن ئېشىپ كېتىشنى ئىستىسەڭ، كىشىلەرگە تۈز، نان بېرىشتە سېخىي بول.

ئۆز زامانىڭدا ئادالەت كۆرسىتىشنى ئىستىسەڭ، ئەي ئوغۇل، قول ئاستىڭدىكىلەرنى ياخشى قوغدا. بەرگەن ئۆگۈتنى يادىدا تۇتىدىغان كىشى ئۇنى باشقىلارغىمۇ ئاڭلىتالايدۇ. ئۆز ئۆگۈتلىرىگە ئۆزى ئەمەل قىلمىغان كىشىنىڭ سۆزىنى باشقىلارمۇ ئاڭلىمايدۇ. ئەي ئەقىل ئىگىسى، شەرىئەت ئىشىكىدە سەت كۆرۈنگەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئەتراپىغا يولۇقما. ئىشىكنىڭ باشتىن - ئاياغ توغرا بولۇشىنى ئىستىسەڭ، ئۆز ئىستىكىڭ بويىچىلا ھەرىكەت قىلما.

## كامىل ئەقىلنىڭ دەلىللىرى

تۆت نەرسە ھەركىم ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەي ئەزىز، بۇلارنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي، ئېسىڭدە تۇت: بىرىنچىسى، ياخشىلىق قىلىش؛ ئىككىنچىسى، ئەقىلنى باشقا توپلاش؛ ئۈچىنچىسى، سەۋرلىك ئادەملەر بىلەن ئولتۇرۇپ قوپماق؛ تۆتىنچىسى، خەلققە ھۆرمەت كۆرسىتىش، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش.

## يامان خۇيلار

ئەي گۈزەل خۇيلۇق كىشى، يەنە تۆت تەبىئەت باردۇركى، ئۇلار بارلىق نەرسىدىن سەت ۋە قوپالدۇر. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ھەسەتخورلۇق؛ ئىككىنچىسى، ئۆچمەنلىك، بۇنىڭدىن كېيىن ماختانچاقلىق كېلۇر؛ ئۈچىنچىسى، غەزەپلىنىش؛ تۆتىنچىسى، قىزغانچۇقلۇقتۇر. ئەي ئوغۇل، بۇ خۇيلارنىڭ تۇزانلىرىدىن يىراق تۇر، چۈنكى بۇ قىلىقلار سەتتۇر. بۇ خۇيلاردىن پاكلىنىپ، ئالتۇندەك ساپ بول، تۇپراق بولۇشتىن ئىلگىرى تۇپراققا ئوخشاش تۈز كۆڭۈللۈك بول. ھېرىسنى تاشلىغىن - دە، قانائەتكە ئېرىش. نىھايەت بىر كۈنى ئۆلۈمنى چۈشەن. دائىم دوستلار بىلەن ئولتۇرۇپ - قوپۇشقا ئەھمىيەت بەر، قولۇڭدىن كەلسە دۈشمەن يۈزىنى ھەرگىز كۆرمە.

## تەلەيسىزلىكنىڭ ئالامەتلىرى

تەلەيسىزلىك نىشانى تۆت نەرسىدۇر. ئوچۇق كۆڭۈللۈك بولساڭ، بۇلارنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت:

ئەخمەقنىڭ پىكرىگە پىكىر قاتناشتۇرۇش، جاھىلغا پۇل بېرىش، دوستلارنىڭ ئۆگۈتلىرىنى ئاڭلىماسلىق ھەقىقەتتە تەلەيسىزلىكتۇر. دۇنيا ئىشلىرىدىن ئىبرەت ئالمىغان كىشى، كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە قالۇر. ئەخمەق بىلەن مەسلىھەت قىلغان بىچارە كىشىنى مەلئۇن شەيتان لالما ئىتقا ئوخشاش خار قىلار. مېلىنى جاھىللارغا تەسلىم قىلغان ئىنسان قانداقسىگە بەختلىك بولالايدۇ؟ ئەخمەقنىڭ قولىغا پۇل كىرگەندە، ئوچۇملاپ خەجلەشنى كۆزلەر. ئەخمەق دوستتىن ئۆگۈت ئاڭلىماس، جاھىللىقى سەۋەبىدىنمۇ لەنەتكە قالار. ئەي يىگىت، زاماندىن ئىبرەت ئالغىنكى، ئەخمەقلەر قاتارىدا سانالمايسەن.

## بۈيۈك ۋە مەقبۇل سۈپەتلەر

تۆت نەرسە باردۇركى، بۇلار كۆرۈنۈشتە كىچىك بولسىمۇ، ئەمما بەك مۇھىمدۇر. بۇلاردىن بىرى دۈشمەن؛ يەنە بىرى ئوت؛ ئۈچىنچىسى، ئاغرىق ـ سىلاق؛ تۆتىنچىسى بولسا، سىنى بىزىگەن بىلىمدۇر. بۇلارنى سەن كىچىك چاغلىما. دۈشمەننى كىچىك چاغلىغان كىشى بىر كۈنى ئۇنىڭ بالاسىدىن پەرياد چېكىدۇ. ئوت بىر قېتىم ئۈچقۇندىدىمۇ، پۈتۈن ئالەمنى مۇشۇ ئۈچقۇندا كۆيگەن ھالدا كۆرسەن.

ئىلىم ئاز بولسىمۇ، ئۇنى چوڭ بىل، چۈنكى ئىلىمنىڭ ھېسابسىز قىممىتى باردۇر. ئازراق ئاغرىقنىڭمۇ چارىسىنى ئىزدە، بولمىسا ئاغرىق باشلاندىمۇ، ئاجىز بولۇپ قالغانلىقىڭنى چۈشىنىپ يېتەرسەن. باش ئاغرىقىنىڭ ئىلاجىنى ئىزدىمىگەن كىشى مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن قورقماسلىقى لازىم. ئەي ئوغۇل، بىر كۈنى تىز چۆكۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن، دۈشمەن سۆزىدىن دائىم ساقلان. ئۈچقۇن ھالىتىدىكى ئوتنى سۇ بىلەن ئۆچۈرۈش مۇمكىندۇر، ئەمما ئۇ يالقۇنغا ئايلاندىمۇ، ئۇنىڭدىن خۇدا ساقلىسۇن.

## رەسۋالىقتىن پەيدا بولىدىغان ئىشلار

ئەي ئوغۇل، تۆت نەرسىدىن يەنە تۆت نەرسە مەيدانغا كېلۇر. جاھىللىقتىن رەسۋالىق پەيدا بولۇر. ئاچچىقلانغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلغاننىڭ پايدىسى بولماس. شۈبھىسىزكى، كىبىردىن دۈشمەنلىك، ھورۇنلۇقتىن چۈشكۈنلۈك ھاسىل بولۇر. ئوتتۇرىدا بىر جاھىل پەيدا بولسا، خەلق ئۇنىڭ بەتبەختلىكىدىن زىيانغا ئۇچرار. ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرگەن جاھىلنىڭ ئېرىشىدىغىنى پۇشايماندىن باشقا نەرسە بولماس.

كىبىردىن بېشى كۆككە يەتكەن كىشىنىڭ دوستلىرى ئاخىردا ئۆزىگە دۈشمەن بولۇر. ھەركىم ھورۇنلۇقنى ئادەت قىلىۋالسا، خورلۇق بىلەن پالتىنى پۇتىغا چاپار. ئاچچىقنى يېڭەلمىگەن كىشى ئاخىردا كۆپ پۇشايمان قىلار. مىسكىن ۋە تويماس كىشى ئىنسان ئەمەس، بەلكى كالا ـ ئېشەكتىنمۇ ئېشىپ چۈشەر.

## ئۆزۈن داۋام قىلمايدىغان تۆت نەرسە

ئەي خوجا ! تۆت نەرسىنىڭ ئۆمرى ئازدۇر. ئەي گۈزەل يۈزلۈك ئىنسان، ياخشى ئاڭلا !

سۇلتاننىڭ زۇلمى ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. دوستلارنىڭ ئازارى ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلماس، ئەمما دوستلۇق بۇنىڭدىن بەك خوش بولۇر. قازنىڭ كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىنى ياتلارنىڭ دوستلۇقىغا ئوخشاش ئۆتكۈنچى دەپ بىل. ئايال كىشى مەلۇم ۋاقىت مۇھەببەتلىك كۆرۈنىسىمۇ، بايلىقىڭ ئازايغانچە ئاغزىنى ئاچار. سۇلتان ئۆزىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا زۇلۇم قىلسا، ھۆكۈمدارلىقىنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتقان بولۇر. ساڭا دوستلاردىن كەلگەن ئازارلارمۇ سۇ ئۈستىگە يازغان خەتتەك تېزلا ئۆچۈپ كېتىدۇ. ياتلار بىلەن ياشىغان ئىنسان ئۆلاردىن بەك ئاز دوستلۇق كۆرۇر. قاغا گۈلنىڭ پۇرىقىدىن سەسكەنگەندە، بۇلبۇلنىڭ يولداشلىقىدىنمۇ نەپرەتلىنەر. ياتلارنىڭ دوستلۇقى كۆڭۈلنى بەك سىقىدۇ، بۇنى ھەركىم بىلۇر. ئەي ئوغۇل، ياتلارنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭدىن شامالدەك تېز قاچ!

## شۇكۇر توغرىسىدا

تۆت نەرسە تۆت نەرسە بىلەن پۈتۈر. ئەي بالا، بۇنى ئاڭلاپ خاتىرەڭدە چىڭ تۇت: كىشىنىڭ ئىلمى ئەقلى بىلەن ئۇلغىيار. نىيەتمۇ پىئىل ۋە ئەمەل بىلەن گۈزەللىشۇر. دىنىڭ يامانلىقلاردىن ساقلىنىش بىلەن كامال تاپار، نېمىتىڭمۇ شۇكۇر بىلەن مولىشار. قۇلنىڭ كامىللىقى دىندا كۆرۈنۇر، سەئىتى زاھىتلىق، ئادىتى ئىبادەت بولۇر. ئىلىم ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن تۇغۇلۇر. سېنىڭ ئەمەلسىز نىيىتىڭمۇ ھېچكىم قارىماس. شۇكۇر نېمەتكە بۈيۈك كامال بېرۇر، غاپىللارنى يولغا كىرگۈزۇر. شۇكۇر قىلماسلىق نېمىتىڭنىڭ قولدىن كېتىشىگە سەۋەب بولۇر. شۇكۇر قىلغانلارنىڭ ئېرىشىدىغىنىمۇ نېمەت مولۇقىدۇر. ئەقىلسىز كىشى ئىلىمدىن پايدا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئەقىلسىزلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇش ھاجەت ئەمەس. ئەي ئوغۇل، ئەقىلسىزلىق ئىلىمنىڭ زىياندىشىدۇر. ئىلىم بىر قۇش بولسا، ئەقىل ئۇنىڭ قانىتىدۇر. ئىلىم ساھىبى بولۇپ، ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغان كىشى ئەقىل يولىدىن يىراقلىشۇر.

## كەينىگە ياندۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار

قولدىن كەتكەندىن كېيىن قايتۇرغىلى بولمايدىغان نەرسە تۆتتۇر.

تۈيۈقسىز ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن سۆز، يادىن چىققان ئوق. سۆزلەنگەن سۆزنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالالايسەن؟ يەنە ھېچكىم باشقا كەلگەن قازانى كەينىگە ياندۇرالمايدۇ. ئاتقان ئوق قانداقمۇ كەينىگە يانار؟ مانا بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئۆمۈرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئويلىماي گەپ قىلغان كىشى كۆپ پۇشايمان قىلار. دېمەيدىغان گەپنى سۆزلىمىگىن، ئەمما سۆزلەيدىغان سۆزنى يوشۇرۇپ بولالمايسەن.

ئۆمۈرنىڭ ھەربىر نەپەسىنى غەنىيمەت بىل، چۈنكى ئۇ كەتكەندىن كېيىن ھەرگىز ئارقىغا ياناس. ھېچكىم قازانى بېشىدىن كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىمۇ يامان ھەرىكەتتە بولغان بولىدۇ. سالامەت قېلىشنى ئىستىگەن كىشى ئاغزىغا مۇھۇر ئۇرۇشى كېرەكتۇر. ئۆمۈرگە قانچىلىك قىممەت بەرسەڭ ئەرزىيدۇ. چۈنكى، قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى تاپالمايسەن.

## جىمجىتلىق ۋە جەۋانمەردلىك

تۆت نەرسىدىن تۆت نەرسە چىقار. ئەي ئەزىز، بۇ نۇقتىنى مەندىن ئاڭلاپ خاتىرەڭدە چىڭ تۇت.

سۈكۈتنى ئادەت قىلغان كىشى خاتىرجەم ياشار، ھېچقانداق غەم ـ قايغۇسى بولماس. ساغلام، سالامەتلىك كېرەك بولسا، سۈكۈت قىل. شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشىلىقنى ئاشكارىلايدىغانلارمۇ خاتىرجەم بولىدۇ. يىگىت جەۋانمەردلىك بىلەن ئۇلۇغلۇق تاپۇر، شۈكۈر نېمەتنى ئارتقۇزار. نېمەتنىڭ شۈكۈر بىلەن موللىشۇر. سۈكۈت قىلىپ جىمجىت ياشىغان ئىنسان ئۆچىسىغا سالامەتلىك تونى كىيگەن بولار.

نام قازانماقچى بولساڭ، خەلققە ياخشىلىق قىل. ھەركىم مەردلىك ۋە سېخىيلىقنى ئادەت قىلسا، خەلق ئارىسىدا ھۆرمەت كۆرۈر. كىشى ياخشىلىق قىلسۇن يامانلىق قىلسۇن، بىلگىنكى، ئۇنى ئۆز نەپسى ئۈچۈن قىلغان بولۇر. ئەي قېرىنداش، قولۇڭدىن كەلسە، مەرد ۋە سېخىي بول. خەسىسلىكلەرنىڭ مىسكىنلىكىدىن ساقلانغىنكى، سېنى جەھەننەم ئوتى كۆيدۈرمىسۇن.

## بەزى خۇيلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان بىرنەچچە خۇي

تۆت نەرسىدىن تۆت نەرسە ئۇنەر. بۇ نۇقتىنى ئىدرىكى يۈكسەك بولغانلاردىن باشقىسى چۈشىنەلمەس. بۇ تۆت نەرسە كىمدە ئاشكارا بولسا، ئۇلار پەيدا قىلغان تۆت خۇينىمۇ بىللە كۆرۈر. تىلەمچىلىك قىلغان كىشى خورلۇققا ئۇچرار. يەنە بەرىكەتنى كىچىك كۆرگەن كىشىمۇ يالغۇز قالۇر. بىر ئىشنىڭ ئاخىرىنى چۈشەنمىگەن كىشى بىر كۈنى پۇشايمان قىلار. ئىشىدا ئېھتىيات قىلمىغان كىشىنىڭمۇ كۆڭلىگە ئېغىرلىقلار كېلۇر.

سۇلتان بىلەن غوۋغاغا قوپقان كىشى ئىشنى باشتىن ـ ئاخىر خاراب قىلار. يامان خۇيلىرى سەۋەبىدىن يامان ئىش قىلغانلار شۈبھىسىز دوستلىرىنى قاچۇرۇپ قويار. سۇلتاندىن مەردلىك كۈتكەن كىشى مېلىنىڭ، جېنىنىڭ ئورنىنى كولىغان بولۇر. پادشاھقا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن كىشى كۈندۈزىمۇ قاراڭغۇ كېچە ئۈچۈن يانار. كىبىر بىلەن باش چايقىغانلار بۆرىگە ئوخشاش ئىنسانلاردىن يىراق ياشار.

## دۈشمەن پەيدا قىلىش ۋە قەرزدار بولۇش توغرىسىدا

ئىنساننى چۈشكۈنلۈككە دۇچار قىلىدىغىنى تۆت نەرسىدۇر. ئەي ھەق سۆيگۈچى، ساغلام سۆزلەپ بېرەي، قۇلاق سال، ئۇلار: كۆپ دۈشمەن، ھېسابسىز قەرز، ئايىغى چىقماس ئىش، جان سانى كۆپ ئائىلىدۇر. قەرزگە پېتىپ قالغان مىسكىننىڭ ھالىغا ۋاي بولسۇنكى، ھەر دائىم قايغۇدىن قان يۇتىدۇ.

دۈشمىنى كۆپ بولغانلارنىڭمۇ كۆزلىرى دائىم خىرە بولۇر. زېمىنىسىگە كۆپ ئىش يۈكلەنگەنلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىش ـ ئەملى بولسا، پەرياد چېكىش ۋە شىكايەت قىلىشتۇر.

## ساقلىنىشقا تېگىشلىك تۆت نەرسە

ئەي ئوغۇل، تۆت نەرسە خاتا سانىلىدۇ. ئاڭلىغىنكى، ساغلام باشتىن ـ ئاخىر سۆزلەپ بېرەي: بىرىنچىسى، خوتۇندىن ۋاپا كۈتمەكتۇركى، بۇ ساپ ئىنسانلار ئۈچۈن چوڭ خاتادۇر. دۈشمەننى

چەكلەش قانداق يالغان ھەرىكەت بولسا، يامان نەپسىنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلىشمۇ ئاشۇنداقتۇر. يامانلاردىن ساقلانماسلىق قانداق چوڭ خاتالىق بولسا، يارىماسلار بىلەن يولداش بولۇش ئۈنىڭدىنمۇ بەتتەردۇر.

## ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان سەۋەبلەر

ئىنساننىڭ ئۆمرى تۆت نەرسە بىلەن ئۇزىرار. ئەي ئەزىزە، بۇ تۆتنى ئاڭلا. بىرىنچىسى، خۇش ئاۋازلارنى ئاڭلىماق؛ ئىككىنچىسى، ئايدەك گۈزەل يۈزلەرنى تاماشا قىلماق؛ ئۈچىنچىسى، قايغۇسىز ياشىماق. بۇلار ئىنساننىڭ ئۆمرىنى ئارتتۇرىدۇ.

يەنە ئىشى كۆڭلىنىڭ ئىستىكىگە ئۇيغۇن بولغان كىشىنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت ياغار.

## ئۆمۈرنى قىسقارتىدىغان سەۋەبلەر

ئىنساننىڭ ئۆمرىنى بەش نەرسە قىسقارتىدۇ. ئەگەردە ئاڭلىغان بولساڭ، بۇلارنى خاتىرەڭدە چىڭ تۇت، ئەي ئەزىز. بۇ بەش سەۋەبنىڭ بىرى ياشانغاندىكى موھتاجلىق، باشقىلىرى بولسا غېرىبلىق، ئۇزۇن زامان كېسەل تارتىشتۇر. بۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆلۈكلەرگە قارىغانلارنىڭمۇ شۈبھىسىزكى، ئۆمرى قىسقىرار. ئەي ئوغۇل، بەشىنچىسى دۈشمەن ۋەھىمىسىدۇر. ئۆمۈرگە زىيان بېرۇر. چۈنكى، كۆڭلىگە دۈشمەن قورقۇنچى سايە تاشلىغانلارنىڭ ئىشلىرى باشقىچە بولۇر. دۈشمەندىن قورقمىغىنكى، تەڭرى سېنى ھەرقانداق نەرسىدىن ساقلىسۇن.

## يۈزنى تۆكۈشكە سەۋەب بولىدىغان بەش خۇي

بالام، خەلقئالەم ئالدىدا يۈزۈم تۆكۈلمىسۇن دېسەڭ، بەش خۇيدىن يىراق تۇر. ئالدى بىلەن يالغانچىلىقنىڭ سەۋەبىدىن ئېتىبارىڭنى چۈشۈرمەسلىكىڭ ئۈچۈن خەققە يالغاننى ئاز سۆزلە. چوڭلار بىلەن غوۋغا چىقارغان كىشى شۈبھىسىزكى، كۆچىنى يوقاتقان بولۇر.

خەققە ئەدەپسىزلىك قىلغانلار ئېتىبارىنى چۈشۈرۈۋالسا چۈچۈپ كەتمەيدۇ. ئەي گۈزەل خۇيلۇق كىشى، ھەر ئىشتا يەڭگىلتەك بولما، چۈنكى بۇ خۇي شەرىپىڭنى تۆكەر. بالام، چوڭلار بىلەن ئاز ئۇچراش، ھۆرۈنلۇق بىلەن ئېتىبارىڭنى يوقاتما. ساڭا دۇنيادا نومۇس ۋە شەرەپ لازىم بولسا، دائىم ياخشى خۇيلۇق بولۇشۇڭ كېرەكتۇر. يەڭگىلتەكلىك قىلغانلارنىڭ نومۇس ۋە ئېتىبارى ئاسان تۆكۈلەر.

خەققە توغرا سۆزدىن باشقا سۆز سۆزلىمىگىنكى، يۈزۈڭ تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن. يالغانچىلىقتىن، خىيانەتتىن يىراق بولغىنكى، دائىم يۈزۈڭدە نۇر پارلىسۇن. ياخشىلىق بىلەن ئۆتەي دېسەڭ، ھېچكىمگە يامان سۆز سۆزلىمە. جاھاندا غەمسىز ياشاشنى ئويلىساڭ، كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا كۆز قىزارتما. قۇربىڭ يەتسە، مەردلىك قىلىشقا تىرىش، بۇ ئىش بىلەن شەرىپىڭ ئارتسۇن.

جاپاغا چىداشلىق بەر ۋە ۋاپادار بول، چۈنكى بۇلار كىشىنىڭ شەرىپىنى ئارتتۇرىدىغان نەرسىلەردۇر. خەلق ئۈچۈن مەردلىك كۆرسەتكەن كىشى شۈبھىسىز ئېتىبارىنى يۈكسەلدۈرگەن بولىدۇ.

## ئەيىبلەرنى ئېنىقلاش توغرىسىدا

قېرىندىشىم، خەقنىڭ ئەيىبلىرىنى يۈزىگە سالمىغىنكى، باشقىلارمۇ سېنىڭ مەخپىي پەردەڭنى يىرتمىسۇن. كۆڭۈلنىڭ ئارزۇسىغا بېقىپ ئىش قىلمىغىنكى، ئۇستۇڭگە پۇشايمان يۈكى يۈكلىنىۋالمايسەن. ئەي ھۆرمەت ئەھلى، خەقنىڭ قىممىتىنى تونۇساڭ، خەقمۇ ساڭا ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ. ئەگەر تىلىڭنى بەك ئۇزارتىۋالغان بولساڭ، قولۇڭنى قىسقا تۇت، بىكاردىن ـ بىكار ھەر تەرەپكە قاچما.

جاھاندا بىرەر قىممەت ساھىبى بولمىغان كىشىنى تىرىك ھېسابلىما، ئۇ ئۆلۈكلەردىندۇر. قانائەتسىز كىشىنى دۇنيا مېلى قانداقمۇ باي قىلالىسۇن؟ دائىم ئاللادىن قورقۇش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ رەھمىتىدىنمۇ ئۈمىدلىك ياشا. دۈشمىنىڭدىن ئەپۇ سوراپ گۇناھىڭنى تىلەش يولى بىلەن زەپەر قۇچالايسەن. تۈز كۆڭۈللۈك بول، ئەدەپلىك ياشاشقا تىرىش، گۇناھتىن ساقلانغانلارنىڭ دوستلۇقىنى ئىستە.

سەۋرچان بول، كىشىنى قاقشاتمىغىنكى، ھۈنەر مەيدانىدا داڭق قازىنىسەن. زامان ئالىملىرى تەرياققا، جاھىللار ئۆلتۈرگۈچى زەھەرگە ئوخشايدۇ. ئەي خوجا، خەلق تەرياقتىن شىپا تاپۇر، ئەمما زەھەردىن كىم شىپا تاپالايدۇ؟ سەۋر، مۇلايىملىق، بىلىم كۆڭۈل تەرياقىدۇر. ھېرىس، غەرەز، ئاداۋەت بولسا ئادەمنى ئۆلتۈرگۈچى زەھەردۇر. بارلىق ياخشىلىقنىڭ بېشى خەققە نان بەرمەك (جەۋانمەردلىك كۆرسەتمەك)، ئىشىكىنى دوستلارغا ئوچۇق تۇتماقتۇر.

ھەرقانچە چوڭ ئالىم ۋە ھۈنەر ئەھلى بولساڭمۇ، يەنىلا ئۆزۈڭنى جاھىللاردىن ئۆتە دەپ ھېسابلا.

## ئەخمەق كىشىنىڭ ئالامەتلىرى

ئەخمەق ئادەمنىڭ ئىككى نىشانى باردۇر، يەنى باللارغا يولداشلىق، ئايالارغا چۈشكۈنلۈك. بالام، يامان خۇي ئىنسانىنى ھاياتتىن بەزدۈرەر. بەتخۇيلۇق كىشىنى ئۆلگەن ھېسابلا، ئۇ تىرىك بولالمايدۇ. ئەيىبىڭنى يۈزۈڭگە سېلىپ سۆزلىگەن كىشى ساڭا قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا توغرا يول كۆرسىتۇر.

ساڭا توغرا يول كۆرسەتكەن ھەربىر ئىنسانغا تەشەككۈرۈڭنى بىلدۈر. جاھان پازىللىرىنىڭ تېنى پاك بولىدۇ. سەن گۈزەل خۇي بىلەن ھايا لىباسىنى كەي. ھالىڭنى ئىككى مۇنۇ كىشىدىن يوشۇرما: ياخشى ھەكىمدىن، ھەقىقىي دوستتىن. ئىشىڭنىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۇرۇشۇشىنى ئىستىسەڭ، ئۆز ئارزۇيۇڭغا كۆرە ھەرىكەت قىلما، ئوغلۇم! قولۇڭدىن كەلسە ئايالار بىلەن يولداشلىق قىلما، سىرىڭنىمۇ ئۇلارغا ئاچما.

ئەي ئەقىللىق كىشى، شەرىئەت ۋە ئەخلاق بابىدا تىلغا ئېلىنمىغان نەرسىلەرگە ئەسلا يېقىن يولىما. تەڭرى ساڭا ھارام قىلغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرغىنكى، ياخشى نام قازىنىسەن، تەڭرى ئەلۋەتتە ساڭا رىزىق ئىشىكىنى ئاچقاندۇر. كۆڭلۈڭنى ئازادە تۇت، بەك ئازابلانما. قېرىندىشىم، تەبەسسۇم چىراي، خۇش سۆزلۈك بولغىنكى، ئالەمدە جەۋانمەردلىك بىلەن داڭق قازىنىسەن. ئەي سەۋدا كىشى، ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە كۆپ بېرىلمە، ئۇنىڭ ۋاقتى كەلمىگۈچە ئالدى ـ ئارقىسىنى ھېچكىم چۈشەنمەس.

كۆڭلۈڭنى كىرلاردىن پاكىزلا، قولۇڭدىن كەلسە پىتنە ـ پاسات تۇشۇما. ئوغلۇم، ئەمەلىڭگە بەك ئىشىنىپ كەتمەي، كۆڭلۈڭنى تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە باغلا. پۈتۈن بارلىقنىڭ ئەڭ ياخشىسى گۈزەل

خۇيدۇر. كىشىلەر گۈزەل خۇينى بەك ياخشى كۆرەر. ئوغلۇم، دائىم تۈز كۆڭۈللۈك بول، شەرەپلىك ئىنسانلارنى بېزىگەن مانا مۇشۇدۇر. شەھۋەتكە ئەسىر بولغان بىچارە كىشىنى هۆر بولسىمۇ قۇل دەپ بىل. ئەگەر تەڭرى ياخشى كۆرگەنلەرگە ئەگەشمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر ۋە ئۇلار بىلەن ئاز كۆرۈش. قىممەتسىز كىشىنى ئىقتىدار مەۋقەسىدە كۆرسەڭمۇ، ئۇنىڭغا ياخشى تىلەك تىلەشتىن تىلىڭنى تارت. پەسنىڭ ئىشىكىگە ئاياغ باسما، ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالساڭمۇ، هال ـ ئەھۋال سورىما. قولۇڭدىن كەلسە ئەخمەقنىڭ ئىشىنى ئۆز يولىغا قويۇۋەتمە، ئۇنىڭغا ئىش بۇيرىمىغىن، ئەمما رىغبەتىڭ ئار بولسۇن.

## دۈشمەنلەردىن ساقلىنىش توغرىسىدا

ئەي ئەقىل ئىگىسى، دۇنيادا چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار بولماسلىق ئۈچۈن ئىككى كىشىدىن ساقلان: ئاۋۋال غوۋغاچى تەبىئەتلىك دۈشمەندىن، ئاندىن جاهىللار بىلەن دوست بولۇشتىن يىراق تۇر. ئۆزۈڭنى دۈشمەندىن يىراقلاشتۇرۇش بىلەن تەڭ جاھىل دوستنى يېنىڭدىن يىراق قىلىشقا تىرىش. بالام، خەلققە سەت گەپ قىلما، ئۇلارغا قاتتىق تەگسەڭ، ئۇلار سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئەڭ گۈزەل خۇيلۇق كىمدۇر، بىلەمسەن؟ خەققە گەپ قىلماق شۇ كىشىگە يېپەك كىيىم كىيدۈرۈشتىنمۇ مەقبۇلدۇر.

ئاچچىقنى يەڭمەك ھەرقانداق باشبۇغنىڭ ئادىتىدۇر. بۇ ئىش ئاچچىق بولسىمۇ شېكەردىن تاتلىقتۇر. جاهاندا باشقىلار بىلەن ياخشى ئۆتمىگەن كىشىنىڭ هاياتى شۇبهە يوقكى، بەك ئاچچىق ئۆتىدۇ. لەنەتگەردى ۋە خەيرسىز ئادەم، ياخشى بىلگىنكى، سۈتى بۇزۇق بىر ئىنساندۇر، ئەزىزىم، باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن قۇتۇلماقچى بولساڭ، دائىم پاكىز ئىنسانلار بىلەن ئولتۇر.

## چۈشكۈنلۈك كەلتۈرىدىغان نەرسىلەر

كىشىگە قايسى خۇيلار چۈشكۈنلۈك كەلتۈرىدۇ؟ ئاڭلات دەيسەن، بۇلارنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي: بىرىنچىسى، چاقىرىلمىغان كىشىنىڭ چىۋىندەك ھەركىمنىڭ داستىخىنىغا قونۇشى. چاقىرىلمىغان تۇرۇپ مېھمانغا بارغان كىشى خەلق نەزىرىدە پەس، چۈشكۈن ۋە ئېتىبارسىزدۇر. ئىككىنچىسى، جاهىلنىڭ خەلققە يولباشچى بولۇشىدۇر. ئاندىن دائىم جاھىللىق قىلىدىغان، خەلق بىلەن قارشىلىشىدىغان ئادەملەرنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەك.

بۇيۈكلەردىن تېخىمۇ يۇقىرىدا ئولتۇرۇشنى ئارزۇلىغانلارنىڭ چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىشى يىراق ئەمەستۇر. ئۇنداق كىشىلەر سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالماس. يۈز سۆزۈڭ بولسىمۇ ئۇلارغا سۆزلىمە. دۈشمەنلەردىن ياردەم تىلىمە. جاهاندا بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر چۈشكۈنلۈك يوقتۇر. نىيىتى بۇزۇقلاردىن مۇراد ئىزدىمىگىنكى، يۈزۈڭگە چۈشكۈنلۈك توزانى قونمىسۇن. ئېتىبارسىزلىق ۋە ئىرادىسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالماسلىق ئۈچۈن، خوتۇن ۋە باللار بىلەن ئويۇنغا بېرىلمە.

(تەرجىمە قىلغۇچى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

# تۈركىيلەرنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقىدىكى ئورنى ۋە رولى①

شۈي شۈيا

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت مۆمىن تارىمى

3

ۋەزىر ئۇتبى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ئەمىرلىرى پۈتۈنلەي تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالدى. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ پارچىلىنىشى بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەتنى تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنى تىزگىنلەشتىن مەھرۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ ھۆكۈمەتنى تىزگىنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھەربىيلىك بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ بىرلىشىپ كېتىش يۈزلىنىشىنى پەيدا قىلدى. بۇ دەۋرنىڭ (982 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 999 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە) ئالدىنقى مەزگىلىدە مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، توقۇنۇش تۈركىي ھەربىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا ئورۇن بوشاتتى. تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ئەمىر ۋە ۋەزىردىن پايدىلىنىپ ھوقۇق تالىشىپ، بىرەر پارچە زېمىن ئىگىلەپ تەپرىقىچىلىك قىلماقچى بولدى. ئۇلار ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ھەر قېتىم زوراۋان تايىقاندا، باشقا خانلىقلارنىڭ قوشۇنلىرىنى ئەكېلىپ قارشى گۇرۇھنى باستۇردى. بۇنىڭ بىلەن سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ كۈچى كۈنسېرى ئاجىزلىشىپ، زېمىنى پەيدىنپەي يۇتۇۋېلىندى.

ۋەزىر ئۇتبىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، بۇخارادا دەرھال ئىسيان كۆتۈرۈلدى. سامانىيلار ئوردىسى خۇراسان ۋالىيسى تاشنى بۇخاراغا تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە چاقىرتتى. ئەمما، تاش ئۆزىنىڭ سىپاھسالار (قوشۇن قوماندانى) لىق ئەمەلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، رەقىبلىرى (سىمجۇر ۋە فائىق باشچىلىقىدىكى) بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئەمىرنى ھوقۇقنى قايتىدىن تەقسىملەشكە ماقۇل كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم سىمجۇر كوھىستاندا قېلىپ، ئوغلى ئەبۇئەلى ھىراتنىڭ ۋالىيسى بولدى. فائىق بولسا بەلخىنىڭ ۋالىيسى بولدى. شۇنداق قىلىپ تۈركىيلەر ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ ئەمىرنى تىزگىنلەپ، ناھايىتى زور سىياسىي ھوقۇققا ئىگە بولۇۋالدى. ۋەھالەنكى، مۇرەسسە ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بۇ كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى تاش بۇخارادىن كېتىشى بىلەنلا بۇزۇلدى. 983 — 984 ـ يىلى سىمجۇر ۋە فائىق گۇرۇھى تاشنىڭ بۇخارادىن كەتكەن

① بېشى ئۆتكەن ساندا

پۈرستىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ دۈشمىنى — ئۇتبى جەمەتىدىن بولغان مۇھەممەد بىنىنى ئۇزارنى ۋەزىر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تاس ئەمىلىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىبراھىم سىمجۇر قايتا سىپاھسالار بولدى. نەتىجىدە ئىككى چوڭ گۇرۇھنىڭ توقۇنۇشى ئاخىر پارتلىدى. تاس ئىسيان كۆتۈرۈپ نىشاپۇرنى ئىگىلىدى. ئۇ بۇيىلاردىن فەخرۇد - دەۋلە (Fakhr ad-Dawla)نىڭ ياردىمىگە ۋە پارس پادىشاھى شارائەد - دەۋلە ئەبۇل فاۋارىس (Sharaf ad? Daula Abul - Fawaris، بۇ كىشى بۇيىلارنىڭ خان جەمەتىدىن ئىدى) نىڭ ئىككى مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىغا ئېرىشىپ، سىمجۇر ۋە فائىققا قارشى چىقتى. ئەمما، ئۇ 987 - يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى نىشاپوردا يەنىلا سىپاھسالار ئىبراھىم سىمجۇر، ئوغلى ئەبۇ ئەلى ۋە ھاجىپ فائىقنىڭ قوشۇنىدىن مەغلۇپ بولۇپ، گۇرگانغا قېچىپ كېتىپ، كېيىنكى يىلى شۇ يەردە چۇما كېسىلى بىلەن ئۆلدى.

989 - يىلى ئەتىيازدا ئىبراھىم سىمجۇر ئۆلۈپ، ئوغلى ئەبۇ ئەلى خۇراسان ۋالىيسى بولدى. ئۇ سامانىيلار پادىشاھلىقى قوشۇنىنىڭ ئەمىرى بولۇپ، «ئىمادۇد - دەۋلە» (Imad - ud - Daulah) دېگەن نامغا ئېرىشتى ھەم كوھىستاننىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى فائىقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. فائىقمۇ ئەسلىدە ۋەزىر ئۇتبىغا ھەم سابىق خۇراسان ۋالىيسى تاسقا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىنلا سىمجۇر جەمەتى بىلەن بىرلەشكەن بولۇپ، تاسنى يېڭىش ئۇنىڭ كۈچىنى زورايتىپ، نىيىتىنى يامانلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ ۋاقىتتا ئورتاق دۈشمەن يوقالغاندىن كېيىن، فائىق بىلەن ئەبۇ ئەلىنىڭ ئۆز ئالدىغا چوت سوقۇشى مۇقەررەر ئىدى. ئەمىر نوھ II ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، دەسلەپتە ئەبۇ ئەلىنىڭ قوشۇن ئەمىرلىك ئەمىلىنى ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا فائىقنى قويدى. ئارقىدىن فائىق ھىراتقا بېرىپ، ئەبۇ ئەلىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق سوقۇشتى، ئەمما 990 - يىلى مەغلۇپ بولدى. ھالبۇكى، ئۇ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوردىغا ئاسىيلىق قىلىپ بۇخارانى ئىگىلەشكە ئۇرۇندى. لېكىن، يەنە ئەمىر نوھ IIگە خىزمەت قىلىدىغان تۈركىي سەردار بەگ تۇزۇن (Bektuzun) تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، مەرۋىگە (Marwar - Rud) قېچىپ كېتىپ، ئارقىدىن يەنە بەلخنى ئىگىلىۋالدى. ئەبۇ ئەلى بىر مەھەل داڭ چىقارغاندىن كېيىن، ئەمىر ئامالسىز ئۇنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بارلىق سامانىيلار ئۆلكىلىرىنىڭ ۋالىيسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى ھەم ئۇنىڭغا «ئاللاھ پاناھىغا ئالغان ئەمىرلەر ئەمىرى» (Divinely - aided Amirs of Amir) دەپ نام بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەبۇ ئەلى ئۆزىنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىگە تەمەننا قويۇپ، قوشۇنىنىڭ تەلىپى دەپ بارلىق خەزىنە كىرىمىنى، ھەتتا پادىشاھ جەمەتىگە بېرىلىدىغىنىنىمۇ ئايرىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بارلىق سامانىيلار ئۆلكىلىرىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي، ئىقتىسادىي چوڭ ھوقۇقى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى.

ھەرقايسى تۈركىي ھەربىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تۈركىيلەرنىڭ مەركەزدىن ئېغىش خاھىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سامانىيلار پادىشاھلىقىنى مالىمانچىلىققا پاتۇرۇپ، پارچىلاپ، ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئىستېلاچىلار ئاسانلا دەپسەندە قىلىدىغان نىشانغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ ۋاقىتتا ئىستېلاچىلارنىڭ قوشۇنلىرى ئاللىقاچان ماۋەرائۇننەھرنىڭ شىمالىغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. 991 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى ھارۇن بۇغراخان (Bughara Khan Harun) قوشۇن باشلاپ سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر نوھ II ھاجىپ ئاياچ (Ayach) نى قوشۇن باشلاپ ھارۇن بۇغراخانغا تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئەمما، ئۇ پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن نوھ II ۋە ئوردا ۋەزىرلىرى يېڭى دۈشمەن ئالدىدا چارىسىز قېلىپ، لەشكىرىي ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرغان تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەردىن ياردەم تىلىدى. تەخمىنەن 100 يىلدەك دەۋر

سۈرگەن سامانىيلار پادىشاھلىقى (مىلادىيە 900 ـ يىلى ئەمىر ئىسمائىلنىڭ سەففارىيلار خانلىقىنى مەغلۇپ قىلىپ، خۇراساننى ئىگىلىگەندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا) ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي تۈركىيلەرگە تايىنىپ تۈركىي مۇسۇلمان پادىشاھلىقى ــ قاراخانىيلار خانلىقىغا تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. چۈنكى، ماۋەرائۇننەھردىكى خەلق ئېغىر باج ـ سېلىق تۈپەيلى قاتتىق جەبرگە قېلىپ، سامانىيلار پادىشاھلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ھەمدە جەڭ چاقىرىقى بىلەن پۇقرالارنى مۇسۇلمان قاراخانىيلار قوشۇنلىرىغا قارشى تۇرغۇزۇشنىڭ ئىمكانىيىتى قالمىغان بولۇپ، خەلقنى قوزغاپ دۆلەتنى قوغداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

دۆلەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەمىر نوھ II ئامالسىز ئاسىي فائىقنى كەچۈرۈم قىلىپ، سەمەرقەندنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنىڭدىن بۇغراخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىنى توسۇشنى ئۈمىد قىلدى. ھالبۇكى، فائىق جەڭدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئاسىيلىق قىلىپ دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. بۇنىڭ بىلەن نوھ II ئامالسىز پايتەختنى تاشلاپ مازاندىران تەۋەسىدىكى ئامۇلغا (Amul) قېچىپ كەتتى. 992 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھارۇن بۇغراخان توسالغۇسىزلا سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى بۇخاراغا كىردى. فائىق بۇغراخاننىڭ ئالدىغا قارشى ئالغىلى چىقتى ھەم ئۇنىڭغا تەۋەلىك بىلدۈردى. بۇغراخان ئۇنى بەلخ ۋە تېرمىز (Termiz) نىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

بەزى تارىخىي كىتابلاردا (مەسىلەن، ئۇتبىنىڭ «كىتابەل يەمىنى» دېگەن كىتابى) فائىق بۇغراخاننى سامانىيلار پادىشاھلىقى زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەكلىپ قىلغان، دېيىلگەن. مىرخاۋەند (Mirkhwand) ۋە كېيىنكى بەزى تارىخشۇناسلار بولسا، ئەبۇ ئەلى بۇغراخان بىلەن سامانىيلار پادىشاھلىقى زېمىنىنى بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن، ئۇنى تاجاۋۇز قىلىشقا تەكلىپ قىلغان، دەپ قارىغان. ھالبۇكى، مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، بۇغراخاننىڭ بۇخاراغا خوجا بولۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلاردىن قارىغاندا، بۇغراخاننى غەربكە يۈرۈشكە تەكلىپ قىلغىنى فائىق بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا ئەبۇ ئەلىنىڭ بۇغراخان بىلەن كېلىشكىنىمۇ راست. بارتولدنىڭ ئېيتىشىچە، ئەبۇ ئەلى بۇغراخان بىلەن سامانىيلار پادىشاھلىقى زېمىنىنى بۆلۈشۈۋېلىش توغرىسىدا مەخپىي كېلىشىپ، بۇغراخان ماۋەرائۇننەھرنى، ئەبۇ ئەلى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆلكىلەرنى ئىگىلىمەكچى بولغان. بىراق، بۇغراخان بۇخارادىكى ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىنلا پۈتۈمگە خىلاپلىق قىلىپ، ئەبۇ ئەلىنى ئۆزىگە تەۋەلىك بىلدۈرۈشكە قىستىغان. بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ئەلى چىداپ تۇرالماي نىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئەمىر نوھ II نىڭ تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىشىغا ياردەملەشمەكچى بولۇپ، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭدىن ئۆزىگە «خەلىپە تەيىنلىگەن ۋالىي» دېگەن نامنى بېرىشنى شەرت قىلغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئەبۇئەلى بۇنىڭدا نوھ II بىلەن بىرلىشىپ بۇغراخاننى قوغلاپ چىقىرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ خۇراساننىڭ مۇستەقىل خوجىسى بولۇش نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى ھەم بۇنى قانۇنىيلاشتۇرماقچى بولغان. ۋەھالەنكى، مۇشۇنداق ئېغىر شەرتكە نوھ II يەنىلا ماقۇل بولغان. نوھ II يەنە بۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۈركمەنلەردىن ياردەم تىلىگەن ھەم خارەزمدىن ئابدۇللا بىننى ئۇزار (Abdauāh b.uzayr) نى چاقىرتىپ كېلىپ ۋەزىر قىلغان. تۈركمەنلەرنىڭ ھۇجۇمى ھەم بوۋاسىر كېسىلىنىڭ قىينىشى بىلەن بۇغراخان شۇ يىلى يازدا بۇخارانى تاشلاپ، سەمەرقەندكە چېكىنگەن. تۈركمەنلەر ۋە بۇخارا ئاھالىسى يول بويى چېكىنگەن تاجاۋۇزچىلارغا قوغلاپ زەربە بەرگەن. قارىغاندا، ئەبۇ ئەلى بۇغراخاننى چېكىندۈرۈش جەريانىدا ھېچقانچە رول ئوينىمىغان بولسا كېرەك. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئەمىر نوھ II بۇخاراغا كېلىپ، بۇغراخان تىكلىگەن قورچاق ئەمىر ئابدۇلئەزىز (Abd ـ al ـ Aziz)نى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ زەئىپ ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن تىكلىگەن.

بۇغراخان بۇخارادىن چېكىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، فائىق بەلختىن چىقىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ

بۇخارانى ئىگىلىمەكچى بولدى. ئەمما، ئەمىرنىڭ قوشۇنلىرىدىن مەغلۇپ بولۇپ، مەرۋىگە چېكىندى ھەم ئۇ يەردە رەقىبى ئەبۇ ئەلىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بەردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۈچى يەنىلا زور ئىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەبۇ ئەلى سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ «نۇسرىتى» نى ئۈيلىشىپ، ئەمىر نوھ II بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلايمەن دەپ يىغىپ قويغان نۇرغۇن پۇل - مالنى فائىققا ھەدىيە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار سامانىيلار پادىشاھلىقىغا قارشى ئىتتىپاق شەكىللەندۈردى. بۇ ماھىيەتتە ئوردىدىكى تۈركىي ياساۋۇللار گۇرۇھى بىلەن ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ بىرلىششى ئىدى. بۇ ئىتتىپاق سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈشىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەشتۈرۈۋەتتى.

سامانىيلار پادىشاھلىقى تۈركىيلەرنىڭ ئىچكى - تاشقى زەربىسىگە دۇچ كەلگەن، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە ئەنسىزلىك، پاراكەندىچىلىكتە قالغان پەيتتە، سەبۇق تېگىن پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ غەزنىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى ھەم ھىندىستانغا قىلغان يۈرۈشىدە نۇسرەت قۇچۇپ (986 — 987 - يىللىرى)، نۇرغۇن ئولجىغا ئېرىشىپلا قالماي، يەنە كۇپپارلارغا قارشى جەڭ قىلغان ئىلاھىي جەڭچى دېگەن نامغىمۇ ئېرىشتى. ئەينى ۋاقىتتا قاراخانىيلار خانلىقىدىن باشقا سەبۇق تېگىنلا ئەبۇ ئەلى ۋە فائىق بىلەن تىركىشەلەيدىغان بىردىنبىر كۈچ ئىدى. فائىق بىلەن ئەبۇ ئەلى 993 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە سامانىيلار ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىتتىپاق تۈزگەندىن كېيىن، ئەمىر نوھ II ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئامالسىز ئۆزىگە نامدىلا ئىتائەت قىلغان سەبۇق تېگىنىدىن ياردەم سورىدى. شۇنىڭ بىلەن سەبۇق تېگىن زور قوشۇننى ھەم 200 جەڭ پىلىنى باشلاپ شىمالغا يۈرۈپ، ئامۇ دەرياسىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. نوھ II يەنە گۇزگان (Guzgan، يەنى خۇشجاھان) ئەمىرى ۋە گەرجىستان (Gharjistan) ئەمىرىدىنمۇ ياردەم سورىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى مىلادىيە 994 - يىلى 11 - ئايدا ھىراتتا فائىق ۋە ئەبۇ ئەلىنىڭ قوشۇنى بىلەن سوقۇشتى. سوقۇشۇشتىن ئىلگىرى نوھ II قوشۇن قوماندانلىقىنى سەبۇق تېگىنگە تاپشۇرغانىدى. بىرلەشمە قوشۇن ئەبۇ ئەلى ۋە فائىقنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى گۇرگانغا (ئەينى ۋاقىتتا بۇيىلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى) قوغلىۋەتتى. بۇ غەلىبە بىلەن نوھ II سەبۇق تېگىنگە «ناسىرۇد - دىن ۋەد - دەۋلە» (Nasir ad-Din-wa'd-Dawla، دۆلەت ۋە دىنىنىڭ ھامىيسى) دېگەن نامنى ھەم خۇراساننىڭ ۋالىيلىقىنى، ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇد (Abul - Qasim - Mahmud)قا بولسا «سەيسەد-دەۋلە» (Says ad-Dawla، دۆلەتنىڭ شەمشىرى) دېگەن نامنى بەردى. سەبۇق تېگىن يەنە ئوغلى مەھمۇدنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ نىشاپوردا تۇرغۇزدى. ئۇ سامانىيلار پادىشاھلىقى قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئەبۇ ئەلىنىڭ ئورنىنى ئالدى. بەلخ، ھىرات، نىشاپور قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسى سەبۇق تېگىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ سەبۇق تېگىن سامانىيلار پادىشاھلىقى ئەمىرىگە ياردەملىشىپ، تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كۈچىنى خۇراسان رايونىغىچە كېڭەيتتى. نەتىجىدە نوھ II يولۋاسنى قوغلايمەن دەپ بۆرىنى باشلاپ، پادىشاھلىقىنى تېخىمۇ پارچىلىۋەتتى.

بۇ مەزگىلدىكى ۋەقەلەر توغرىسىدا تارىخىي كىتابلاردىكى بايانلار بىر - بىرىدىن سەل پەرقلىنىدۇ. جۇزجانى (Juzjani) نىڭ «تەبەكەتى ناسىرى» (Tabakat - i - Nasiri، ھەرقايسى پادىشاھلىقلارنىڭ تارىخى) دە ئېيتىلىشىچە، بۇغراخان بۇخارادىن چېكىنگەندىن كېيىن، سەبۇق تېگىن بەلخلىقلارنىڭ تەكلىپى بىلەن بەلخكە كەلگەن. ئەمىر نوھ II ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئىككى تەرەپ كېش (Kesh) تا سۆھبەت ئۆتكۈزگەن ھەم بىرلىشىپ خۇراسانغا قوشۇن تارتىپ ئەبۇ ئەلىنى مەغلۇپ قىلغان؛ يەنە 994 - يىلى 11 - ئايدا (ھىجرىيە 384 - يىلى رامزان ئېيىدا) ھىراتتا ئۇنى يەنە بىر

قېتىم مەغلۇپ قىلغان (بۇ يەردە فائىق تىلغا ئېلىنمىغان). بۇ جەھەتتىن ئىلگىرى ئەمىر نوھ II قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى سەبۇق تېگىنگە بەرگەن. ھالبۇكى، مەزكۇر ئەسەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچى خ. گ. راۋېرت (H.G.Raverty) فاسىخنىڭ (Fasih – i) بايانىنى دەلىللەپ، ئەبۇ ئەلى 992 (ھىجرىيە 382) ـ يىلى 1 ـ قېتىم ھىراتتا مەغلۇپ قىلىنغان، بۇغراخان بولسا 993 (ھىجرىيە 383) ـ يىلى بۇخاراغا خوجا بولغان، جوزجانى بۇنىڭدا بۇ ئىككى ۋەقەنىڭ رەت تەرتىپىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەن دېگەن ھەم فاسىخنىڭ بايانىغا ئاساسلىنىپ، ئەمىر نوھ II 994 (ھىجرىيە 384) ـ يىلى خوراساننىڭ ۋالىيلىقىنى سەبۇق تېگىنگە بەرگەن ھەم نىشاپوردا ئەبۇ ئەلىنى مەغلۇپ قىلغان، دەپ قارىغان.

بارتولدنىڭ ئۇتبى (Utbi – Manini) نىڭ بايانىنى ئاساس قىلىپ ئېيتىشىچە، بۇغراخان بۇخارادىن چېكىنگەندىن كېيىن (992 ـ يىلى يازدا)، سەبۇق تېگىن نوھ II نىڭ تەكلىپى بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە كەلگەن. ئىككى تەرەپ كېشتا كۆرۈشكەن ھەم سەبۇق تېگىن نوھ II گە ساداقەت كۆرسىتىشكە قەسەم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىشىپ ئەبۇ ئەلىگە ھۇجۇم قىلىپ، 994 ـ يىلى ئۇنى مەغلۇپ قىلغان. سەبۇق تېگىننىڭ ئوغلى مەھمۇد نىشاپوردا ئەبۇ ئەلىنىڭ ئورنىنى ئالغان.

ئەنگلىيىلىك ئالىم بوسفورتنىڭ ئېيتىشىچە، ئەمىر نوھ II فائىق ۋە ئەبۇ ئەلىنىڭ ئىسيانىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، 993 ـ يىلى سەبۇق تېگىننى ماۋەرائۇننەھرگە چاقىرتىپ كەلگەن. 995 ـ يىلى ئىسيانىنى تىنچىتقانلىق تۆھپىسى ئۈچۈن سەبۇق تېگىن «ناسىرۇد ـ دىن ۋەد ـ دەۋلە» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

«ئوكسفورد ئىران تارىخى» دا ئېيتىلىشىچە، ئەمىر نوھ II بىلەن سەبۇق تېگىن 994 ـ يىلى 8 ـ ئايدا (ھىجرىيە 384 ـ يىلى رەجەپ ئېيىدا) خوراساندا ئەبۇ ئەلى ۋە فائىقنى مەغلۇپ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ئەلى ۋە فائىق گورگانغا قېچىپ كېتىپ، يېڭىۋاشتىن كۈچ توپلىغان. نوھ II تەشەككۇر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سەبۇق تېگىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلىغا ھۆرمەت نامى بەرگەن ھەم مەھمۇدنى ئەبۇ ئەلىنىڭ ئورنىغا خوراسان ۋالىيسى قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى غاپوروفمۇ مۇشۇ قاراشنى ياقلىغان.

بۇلاردىن قارىغاندا، «تەبەكەتى ناسىرى» دىكى بايانلار ئاساسىي جەھەتتىن ئىشەنچلىك. راۋېرت بولسا بۇنى بۇرمىلىۋەتكەن. بۇغراخاننىڭ 992 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بۇخاراغا خوجا بولغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. سەبۇق تېگىننىڭ ھۆرمەت نامىغا ئېرىشىشىمۇ 994 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بولغان، ھەرگىزمۇ بوسفورت ئېيتقاندەك 995 ـ يىلى بولمىغان. «ئوكسفورد ئىران تارىخى» دىكى ئەبۇ ئەلى ۋە فائىقنىڭ مەغلۇپ قىلىنغان ۋاقتىمۇ (994 ـ يىلى 8 ـ ئاي) جوزجانىنىڭ بايان قىلغان ۋاقتىدىن (994 ـ يىلى 11 ـ ئاي) تەخمىنەن ئىككى ئاي پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، خوراساننىڭ ۋالىيلىق ئەمەلى سەبۇق تېگىنگە بېرىلگەن، ئۇ بولسا ئوغلى مەھمۇدنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىگەن، كېيىن مەھمۇد يەنە نوھ II تەرىپىدىن نىشاپورنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئەبۇ ئەلىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەبۇ ئەلى ۋە فائىق گورگاندا كۈچ توپلاپ قايتا ھۇجۇمغا ئۆتتى ھەم مەھمۇدنى قوغلىۋېتىپ نىشاپور قاتارلىق جايلارنى تارتىۋالدى (995 ـ يىلى ئەتىيازدا). ئەمما، ئۇ ناھايىتى تېزلا يەنە سەبۇق تېگىن ۋە مەھمۇدنىڭ كۈچلۈك قوشۇنىدىن قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ (بۇ ئۇرۇشقا نوھ II قاتناشمىغان)، نوھ II دىن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆتۈندى. ھالبۇكى، نوھ II ئەبۇ ئەلىگە كەڭچىلىك قىلىپ، فائىققا كەڭچىلىك قىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن فائىق قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. قارىغاندا، نوھ II بۇ ئارقىلىق ئىككىسىنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزماقچى بولسا كېرەك. بۇ قېتىمقى

غەلىبە بىلەن سەبۇق تېگىن ئاتا ـ بالا ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بارلىق سامانىيلار زېمىنىنى مەھكەم تىزگىنلىدى ھەم سامانىيلار پادىشاھلىقىنى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاشتا ۋە ئىچكى ـ تاشقى پاراكەندىچىلىككە تاقابىل تۇرۇشتىمۇ پۇتۇنلەي غەزنەۋىلەر پادىشاھلىقىغا تايىنىدىغان قىلىپ قويىدى.

996 ـ يىلى قاراخانىيلار خانلىقى يەنە سامانىيلار پادىشاھلىقىغا تاجاۋۇز قىلدى. ئەمىر نوھ II ئامالسىز يەنە بەلختە تۇرۇۋاتقان سەبۇق تېگىندىن ياردەم سورىدى. سەبۇق تېگىن زور قوشۇننى باشلاپ ماۋەرائۇننەھرگە كىردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۈچ ـ ھوقۇقى ئاجايىپ زورايغان بولۇپ، گۈزگان، شاھانا، قۇتتال (Khuttal) قاتارلىق جايلارنىڭ ئەمىرلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوشۇن باشلاپ كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ كۈچىگە تايىنىپ، نوھ IIدىنمۇ قوشۇن باشلاپ ئۆز قوماندانلىقىدىكى قوشۇنغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. ھالبۇكى، ۋەزىر ئابدۇللا بىننى ئۇزار بۇنى نومۇس دەپ بىلىپ، ئەمىر نوھ IIنى بۇ تەلەپنى رەت قىلىشقا قايىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سەبۇق تېگىن ئوغلى مەھمۇد ۋە ئىنىسى بۇغراچۇق (Buhrachuk) باشچىلىقىدا ئىككى تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى بۇخاراغا ئەۋەتىپ، ئەمىر نوھ IIنى ئۇزارنى ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئادىمى مۇھەممەد بىننى ئەبۇ زايىد (Abu Nasr Ahmad b.Muhammad.b.Abu Zayd) نى ۋەزىر قىلىشقا ھەم ئەبۇ ئەلى ۋە ھاجىپ ئىلمانگۇ (Ilimangu) نى ئۆزىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ قورال كۈچى بىلەن نوھ IIنى ئەيۋەشكە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھۆكۈمدار سۈپىتىدە قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن سۈلھى تۈزدى. سۈلھىگە ئاساسەن سامانىيلار پادىشاھلىقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ چېگراسى قاتۋان يايلىقى (Qatwan، سەمەرقەندنىڭ شىمالىدا) بولدى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تەلىپى بىلەن نوھ II ئاسمي تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەك فائىقنى سەمەرقەندنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. بۇ سۈلھى ئارقىلىق سەبۇق تېگىن قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ، سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ زېمىننى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ يۇتۇۋالدى ھەم ئۈچ تەرەپنىڭ ئەمەلىي ئىگىلىگەن رايونلىرىنى قانۇنىيلاشتۇردى. سەبۇق تېگىن ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ خوجىسى بولدى؛ قاراخانىيلار خانلىقى پۈتكۈل سىر دەرياسى ۋادىسىغىلا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. يەنە كېلىپ سەبۇق تېگىن سامانىيلار پادىشاھلىقى ھۆكۈمىتىنى پۇتۇنلەي تىزگىنلەپ، ئەمىر نوھ II ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل ھۆكۈمران بولماي قالدى. ۋەزىر ئەبۇ زايىدا ئەمەلگە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى بەش ئايدىن كېيىنلا تۈركىي قۇل ياساۋۇللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەمىر نوھ II ھىمايىچىسى سەبۇق تېگىننىڭ سامانىيلار ئوردىسىنى ئەيىبلىشىدىن ئەنسىرەپ سۈيىقەستچىلەرنى قاتتىق جازالىدى ھەم ئەلچى ئەۋەتىپ سەبۇق تېگىندىن ۋەزىرلىككە بىر كىشى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. سەبۇق تېگىن بولسا نوھ IIنىڭ نامزاتنى ئۆزى بەلگىلىشىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن نوھ II ئەل بارغاشى (Abul – Muzaffar Muhammad b.Ibrahim al al–Barghashi) نى ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى. بۇنىڭدىن سامانىيلار پادىشاھلىقى ئەمىرى نوپۇزىنىڭ ئاجىزلاپ قايسى دەرىجىگە بېرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ چاغدا سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ يوقىلىشى پەقەتلا ۋاقىت مەسىلىسى بولۇپ قالغانىدى.

مىلادىيە 997 ـ يىلى 7 ـ ئايدا نوھ II ئۆلدى. شۇ يىلى سەبۇق تېگىنمۇ ئۆلدى. نوھ IIنىڭ ئوغلى مەنسۇر (Abul – Harith Mansur) تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، مەنسۇر II دەپ ئاتالدى(997 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 999 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە). خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مەنسۇر II ئاقىل ۋە پازىل كىشى بولۇپ، تەختكە چىققاندىن كېيىن، قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن بىر مەھەل ئۆز ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىدىكى تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا پادىشاھلىقنىڭ ھوقۇقى ئاساسەن سەمەرقەند ۋالىيسى فائىقنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن، دۆلەت زەئىپلىشىپ، خەلق داد ـ پەريادتا

قالغان بولۇپ، مەنسۇر II گە ھېچ ئامال يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ تەختتە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىسيان پارتلىدى. تەخمىنەن 997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا فائىق قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى ئىلىك ناسىرخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىككى مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ سەمەرقەندتىن بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى. مەنسۇر II بولسا ئىككى مىڭ چەۋەندازغىمۇ تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچى بولمىغانلىقتىن، ئالمان ـ تالمان ئامۇلغا قېچىپ كەتتى. ھالبۇكى، فائىق يەنە نەسەبەت بىلەن ئۇنى بۇخاراغا قايتۇرۇپ كەلدى. قارىغاندا، فائىق ئۇنى كولدۇرلىتىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ كۈچى بىلەن ئەمىر (مەنسۇر II)نى قىستاپ بەگلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرمەكچى بولغان بولسا كېرەك. ئەمما، مەنسۇر II تۈركىي سەركەردە، ھاجىپ بەگ تۈزۈننى خۇراساننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ نىشاپۇرغا ئەۋەتىپ، ئۇنى سامانىيلار پادىشاھلىقى قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلغۇزدى. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل كۈچ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋاستىسىلا بولۇپ، مەنسۇر II بۇ ئارقىلىق بەگ تۈزۈن بىلەن فائىقنى تىركەشتۈرمەكچى ئىدى.

مەنسۇر II يەنە يېڭى ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرقايسى غوللۇق ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنى خاتىرجەم قىلىپ، فائىق بىلەن بەگ تۈزۈننى ئەپلەشتۈرمەكچى بولدى. ئەمما، بۇخارا ھاكىمىيىتىنى ھەقىقىي تۇتۇپ تۇرغۇچى بولغان فائىق بەگ تۈزۈننىڭ كۈچىيىپ ئۆزىگە تەھدىت سېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مەخپىي ھالدا كوھىستاننىڭ يېڭى ھۆكۈمدارى ئەبۇل قاسىم سىمجۇرنى بەگ تۈزۈنغا ھۇجۇم قىلىشقا قايىل قىلىپ، ئۆزى چەتتە تۇرۇپ پايدا كۆرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن 998 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇرۇش پارتلىدى. ۋەھالەنكى، ئۇرۇشتا بەگ تۈزۈن غەلىبە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ رەقىبى ئەبۇل قاسىم سىمجۇر بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، غالىبىيەتچى سۈپىتىدە بۇخاراغا قايتتى. فائىق ئارقىدىن يەنە ۋەزىر ئەل بارغاشى بىلەن تىركىشىپ قالدى. ئاقىۋەتتە شەيخلەرنىڭ كېلىشتۈرۈشى ئارقىلىق ئەل بارغاشى ئەمەلدىن قېلىپ، گۆزگانغا سۈرگۈن بولدى (شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ ۋەزىرمۇ سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا ھېچقانچە رول ئوينىيالمىدى). تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۈرەش ۋە بۆلۈنمىچىلىكلەر سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ كۈچىنى يەنىمۇ ئاجىزلىتىۋەتتى.

بۇ ۋاقىتتا مەھمۇد ئىنىسى ئىسمائىلنى (Ismail) يېڭىپ، غەزنەۋىلەر پادىشاھلىقىنىڭ تەختىگە چىققانىدى. ئۇ خۇراساننىڭ ۋالىيلىقىنى بەگ تۈزۈنغا تارتتۇرۇپ قويۇشنى خالىمايتتى. مەنسۇر II پۈتۈن كۈچى بىلەن بەگ تۈزۈن بىلەن مەھمۇدنىڭ مەنپەئىتىنى كېلىشتۈرمەكچى بولۇپ، مەھمۇدنىڭ غەزنىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ھەم ئۇنى بەلخ، ھىرات، بۇست ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، بۇ ئارقىلىق ئۇنى مەلۇم نەپكە ئېرىشتۈرمەكچى بولدى. ئەمما، مەھمۇد پۈتكۈل خۇراساننىڭ ۋالىيسى بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قورال كۈچى بىلەن بەگ تۈزۈننى نىشاپۇردىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بەگ تۈزۈن ئامالسىز سەراكىشتىكى (Saraksh) ئەمىر مەنسۇر II نىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئەگەر مەنسۇر II تېزلىكتە فائىق، بەگ تۈزۈن ۋە ئەبۇل قاسىم سىمجۇر بىلەن بىرلەشسە، ئۇ ھالدا مەھمۇد ئۇلارغا مۇقەررەر تەڭ كېلەلمەيتتى. بىراق، مەنسۇر II مۇ، فائىقمۇ مەھمۇد بىلەن مۇرەسسەلىشىشنى ئويلايتتى. شۇڭا، بۇ سامانىيلار پادىشاھلىقىنى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سەلتەنەتنى ئۈزارتىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلدى. يەنە كېلىپ فائىق ۋە بەگ تۈزۈننىڭ ئىككىلىسىلا ئەمىر مەنسۇر II نىڭ ئۆزلىرىنى سېتىۋېتىش ھېسابىغا مەھمۇدقا ياخشىچاق بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار 999 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سەراكىشتا مەنسۇر II نى تەختتىن چۈشۈردى ھەم مەرۋىگە كېلىپ مەنسۇر II نىڭ ئىنىسى ئابدۇل مەلىك (Abu'l-Fawaris Abd-al-Malik)نى تەختكە چىقاردى. ئۇ مەلىك II (999 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە تەختتە ئولتۇرغان) دەپ ئاتالدى.

تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ، جۈملىدىن فائىقنىڭ ھېلى قاراخانىيلارنىڭ، ھېلى سامانىيلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشى، بەگ تۈزۈننىڭمۇ ھېلى مەھمۇدقا، ھېلى سامانىيلار ئەمىرىگە

تايىنىشى بۇ مەزگىلدە سامانىيلار ئوردىسىنىڭ بۇ تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنى باشقۇرۇشقا مادارى قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار ھەر قېتىم تاشقى دۈشمەن (ئاساسلىقى قاراخانىيلار خانلىقى ۋە غەزنەۋىلەر پادىشاھلىقى) تاجاۋۇز قىلغاندا، ئۆز ئورنىنى ئۈستۈرگەن، ئۇلارغا زادىلا چىن كۆڭلىدىن تاقابىل تۇرمىغان. ئۇلار تاشقى كۈچلەردىن پايدىلىنىپ سامانىيلار پادىشاھلىقىدىن زېمىن بۆلۈۋېلىپ، كىچىك تەپرىقچى ھۆكۈمدار بولۇۋالغان. ئۇلارنىڭ (ئاساسلىقى ئەبۇ ئەلى گورۇھى ۋە فائىق گورۇھى) بۆلۈنمىچىلىك قىلمىشلىرى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ غەربكە كېڭىيىشىگە راۋان يول ھازىرلاپ بەرگەن ھەم سامانىيلار ئوردىسىنى غەزنەۋىلەر پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنىغا تايىنىپ لىڭشىپ قالغان ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدايدىغان قىلىپ قويغان. مانا مۇشۇنداق قىلىپ سامانىيلار پادىشاھلىقى دۆلەتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى تۈركىيلەر تەرىپىدىن پارچىلانغان.

مەنسۇر II تەختتىن چۈشۈرۈلگەندە، مەھمۇد بەلخكە كېلىپ بولغانىدى. ئۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مەنسۇر II نىڭ ئەنتىنى ئېلىپ بېرىشنى باھانە قىلىپ، قوشۇن باشلاپ نىشاپورغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ۋەھالەنكى، ئۇ فائىق، بەگ تۇزۇن ۋە ئەبۇل قاسىم سىمجۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىرلىشىپ ئاجايىپ كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەندىن كېيىن، دەرھال نىيىتىنى ئۆزگەرتىپ 999 ـ يىلى باش ئەتىيازدا ئۇلار بىلەن سۈلھى تۈزدى، جۈملىدىن نىشاپورنى بەگ تۇزۇنغا تاشلاپ بېرىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلدى. ئۆزى بولسا بەلخ ۋە ھىراتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنى يەنە بىر قېتىم سۈلھى ئارقىلىق تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىندى.

«تەبەكەتى ناسىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە، مەھمۇد مەنسۇر II نىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەن دەرھال ئۇنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ بېرىشنى باھانە قىلىپ، قوشۇن باشلاپ مەرۋىگە كەلگەن. فائىق بىلەن بەگ تۇزۇن ئەلچى ئەۋەتىپ مەھمۇد بىلەن سۆھبەتلەشكەن. ئىككى تەرەپ ھىرات ۋە بەلخنىڭ مەھمۇدنىڭ ئىلكىدە بولۇشىنى، مەرۋى ۋە نىشاپورنىڭ فائىق بىلەن بەگ تۇزۇننىڭ ئىلكىدە بولۇشىنى كېلىشكەن. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد 999 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا چېكىنىپ كەتكەن. راۋىرتىنىڭ ئېيتىشىچە بولسا، مەھمۇد مەلىك II بىلەن سوقۇشقاندا، مەلىك II يېڭىلىپ فائىق ۋە بەگ تۇزۇن بىلەن بىللە قېچىپ كەتكەن، جۈملىدىن مەلىك II بىلەن فائىق بۇخاراغا، بەگ تۇزۇن نىشاپورغا، ئەبۇل قاسىم سىمجۇر كوھىستانغا قاچقان، خوراسان مەھمۇدقا قالغان. تەخمىنەن مۇشۇ ۋاقىتتا مەھمۇد قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىنى ئىنىسى ناسىرغا بەرگەن ھەم بەلخنى پايتەخت قىلغان. قارىغاندا، راۋىرتى خاتالاشقان بولسا كېرەك. چۈنكى، مەھمۇدنىڭ ئىنىسى ناسىرنى قوشۇن ئەمىرلىكىگە تەيىنلىشى تەخمىنەن 5 ـ ئايدىن كېيىن بولغان. جوزجانىمۇ سۈلھى تۈزۈلگەن ۋاقىتنى خاتا ھالدا 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى (سەيشەنبە) دېگەن. ئەمەلىيەتتە 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پەيشەنبە بولۇشى كېرەك. سۈلھى تۈزۈلگەن ۋاقىتمۇ مۇشۇ يىلنىڭ باش ئەتىياز مەزگىلى بولۇشى كېرەك.

ئۇزاق ئۆتمەي، فائىق قاتارلىقلار مەھمۇدنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش يەنە باشلاندى. 999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى (سەيشەنبە) مەھمۇد مەرۋى ئەتراپىدا مەلىك II، بەگ تۇزۇن ۋە فائىق قاتارلىقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، زور نۇسرەت قازاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بارلىق زېمىننى ئىگىلىدى، شاھانانىڭ ھۆكۈمدارى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بەزى ھۆكۈمدارلارنىمۇ باش ئەگدۈردى. يەنە بۇ غەلىبىسىنى خەلىپە قادىر (al – Qadir، 991 — 1031) غا مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. نەتىجىدە ئۇ شەخسەن ئۆزى ناسىرنى خوراسان قوشۇنلىرىنىڭ ئەمىرى (Sipahsalar) لىككە ۋە خوراساننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، بەلخنى پايتەخت قىلدى. بۇ سەلتەنەتنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقىدىن ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان غەزنەۋىلەر پادىشاھلىقىغا ئۆتكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

مەلىك II ۋە فائىق ئۇرۇشتا يېڭىلىپ بۇخاراغا قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، قايتىدىن كۈچ توپلاپ مەھمۇد بىلەن ئۇرۇشماقچى بولدى ھەم بەگ تۇزۇننىمۇ ئۆزىگە قوشۇۋالدى. جۈملىدىن ئورتاق پايدا - زىيان تۇغۇنۇشى ئۇلارنى يەنە ۋاقىتلىق ئىتتىپاقلاشتۇردى. ھالبۇكى، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا فائىق ئۆلدى (999 - يىلى 8 - ئايدا). ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلغان، ئەمما بۇ ۋاقىتتا تولىمۇ كېچىككەنىدى. ئۇ ۋە سامانىيلار پادىشاھلىقىدىكى بىرنەچچە چوڭ تۈركىي ھەربىي گورۇھنىڭ كۈرىشى بۇ پادىشاھلىقنىڭ بارلىق ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئارىسىغا زىددىيەت ئۇرۇقى چېچىپ، ئۇنى تەدرىجىي پارچىلىۋەتكەن. سامانىيلار ھۆكۈمىتىنى نامدا بار، ئەمەلدە يوق قىلىپ قويۇپ، قوشۇنلىرىنى قومدەك چېچىۋېتىپ، ئەمىرنىڭ پەرمانىنى ئۆتمەس قىلىپ قويغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىزچىل داۋاملاشقان ئۇرۇش پۇقرالارنى ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتكە مۇپتىلا قىلىپلا قالماستىن، ئادەتتىكى دىندار ۋە دەھرىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچراتقانىدى. شۇڭا، قاراخانىيلار خانى ئىلىك ناسىرخان 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بۇخاراغا يېتىپ كەلگەندە، بۇخارا خەلقى ۋە ئادەتتىكى ئاقسۆڭەكلەر ئۇنى نىجات يۇلتۇزى سۈپىتىدە كۆرۈپ، مەلىك II نىڭ چاقىرىقىنى ( ئۇ خەلقنى قولىغا قورال ئېلىپ، تاجاۋۇزچىلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىشقا چاقىرىق قىلغانىدى) پىسەنتىگە ئالمىدى. ھەتتا دىندارلار ماۋەرائۇننەھر مۇسۇلمانلىرىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن قارشىلاشماسلىققا ئۈندىدى، چۈنكى ئۇلار قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشسە ئەھۋالى سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكىدەك يامانلىشىپ كەتمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىك ناسىرخان قىلىچىنى قانغا بويىمايلا بۇخارانى ئىگىلىدى. بەگ تۇزۇن تەسلىم بولدى. سامانىيلار پادىشاھلىقى ئەمىرى مەلىك II ۋە بارلىق خان جەمەتىدىكىلەر ئەسىر سۈپىتىدە ئۆزگەند (Uzgand) كە ئاپىرىلدى. ئىلىك ناسىرخان بۇخارا ۋە سەمەرقەندكە ۋالىي تەيىنلىگەندىن كېيىن، ئۆزگەندكە قايتتى ھەم مەھمۇد بىلەن سامانىيلار پادىشاھلىقى زېمىنىنى بۆلۈشۈشتە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. جۈملىدىن ئامۇ دەرياسى ئىككى تۈركىي مۇسۇلمان ھاكىمىيىتىنىڭ چېگراسى بولۇپ، سامانىيلار پادىشاھلىقى زېمىنى پۈتۈنلەي بۆلۈۋېلىندى.

مۇشۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىران تىللىق مۇسۇلمان پادىشاھلىقى 130 يىلغا يېقىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، تۈركىيلەرنىڭ ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن زەربە بېرىشى ئارقىسىدا ھالاك بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۈركىيلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

ئومۇملاشتۇرغاندا، تۈركىيلەرنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقىدىكى ئورنى ۋە رولى ھەرقايسى مەزگىللەردە ئۆزگىرىپ تۇرغان. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئورنى پەيدىنپەي ئۆسكەن، سىياسىي ئىشلاردىكى رولى ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەن.

بىرىنچى باسقۇچتا (943 - يىلىدىن ئىلگىرى) تۈركىيلەر ياكى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى قۇل بولۇپ سېتىلىپ سامانىيلار خانلىقىغا خىزمەت قىلغان، ياكى ئۆزلۈكىدىن ماۋەرائۇننەھر رايونىغا كېلىپ سامانىيلار پادىشاھلىقىغا ئەسكەر بولغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار بېقىندى ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما پادىشاھلىق زېمىنىنىڭ كېڭىيىشى، ئىمپېرىيىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدە ناھايىتى زور رول ئوينىغان. ئۇلار ئۇرۇشتىكى تۆھپىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى ياخشىلاپ ۋە ئۆستۈرۈپ، بەزىلىرى ھەتتا ۋالىيلىق ئەمىلىگە ئېرىشىپ، ئوردىنى ۋە ياساۋۇللار قوشۇنىنى تىزگىنلىگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ھوقۇقى، خۇسۇسىي قوشۇنى ۋە ئىقتىسادىي ئاساسىنى (پۇل ۋە يەر) بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گورۇھىنى شەكىللەندۈرگەن، نەتىجىدە ئۇلار

خانلىق هوقۇقى ئاجىزلىشىپ قالسىلا تەپرىقىچىلىك قىلىپ، سامانىيلار پادىشاھلىقىدىكى تۈركىيلەرنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەتتىن ئېغىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىران ئىلمىلقلارنى سىقىپ چىقىرىش كۈرىشى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ كۈرەش ماھىيەتتە ھەم ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپ بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپنىڭ كۈرىشى، ھەم مىللىي كۈرەش بولغان. تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى بىلەن ئىران ئىللىق ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ كۈرىشى بولسا، ئاساسلىقى فېئوداللىق كۈرەش بولغان.

ئىككىنچى باسقۇچتا (943 ـ يىلىدىن 982 ـ يىلىغىچە) تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ۋەزىر باشچىلىقىدىكى ئىران ئىللىق ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرغان. خان جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرغان نىزا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك ئىران ئىللىق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ داۋاملىق كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىسيانى سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ۋە تۈركىيلەرنى ئاساس قىلغان قوشۇنغا بولغان بېقىنىشچانلىقىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئوردىدىكى تۈركىي قۇل ياساۋۇللار گۇرۇھىنىڭ ھوقۇقى ۋە كۈچى ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، ئۇلار باشقا ئۆلكىلەردىكى تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى بىلەن بىرلىشىپ، تۈركىيلەرنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەن ھەم تەدرىجىي ئوردىنى ئىزگىنلىگەن. ئىككى قېتىملىق زور ئېلىشىش ئارقىلىق تۈركىيلەر ۋەزىر باشچىلىقىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى ئۈزلۈكسىز ئاجىزلاتقان، ھەتتا يوقاتقان. نەتىجىدە ئۇلار سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلغان. بۇ مەزگىلدە تۈركىيلەرنىڭ مەركەزدىن ئېغىش خاھىشى روشەنلىشىپ، ئاقىۋەتتە ئالپ تېگىن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم تۈركىيلەر سامانىيلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ، يېرىم مۇستەقىل غەزنەۋىلەر پادىشاھلىقىنى قۇرغان. تۈركىيلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتتىن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى مىللەتكە ئايلىنىشقا باشلىغان.

ئۈچىنچى باسقۇچتا (982 ـ يىلىدىن 999 ـ يىلىغىچە) تۈركىيلەر ئەمىرنى ۋە ھۆكۈمەتنى ئىزگىنلەپ، ئوخشاش بولمىغان تۈركىي سىياسىي ـ ھەربىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا ئايلانغان. بۇ خىل توقۇنۇشلار سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىپ، دۆلەت ئىچىدىكى سىنىپىي زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتكەن. پادىشاھلىقتىكى ھەرقايسى تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ، قاراخانىيلار ۋە غەزنەۋى تۈركىيلىرى بىلەن بىرلىشىپ، خانلىقنى پارچىلاپ، زېمىنىنى ئۈزلۈكسىز بۆلۈۋالغان. ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرى قاراخانىيلار ۋە غەزنەۋى تۈركىيلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىي رايونلىرىغا خوجا بولۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئاقىۋەتتە، خانلىقنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى تۈركىيلەرنىڭ قىسىپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا سامانىيلار پادىشاھلىقى ھالاك بولۇپ، بۇ مۇسۇلمان ئىران پادىشاھلىقى مۇسۇلمان تۈركىي خانلىقلىرىغا ئورۇن بوشاتقان.

تۈركىيلەرنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىدىكى رولىنىڭ كۈچىيىش جەريانىمۇ ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئىران ئىللىقلارنى ئۈزلۈكسىز سىقىپ چىقىرىش، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركىيلىشىش ئامىللىرىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش جەريانى بولغان. سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ باش كۆتۈرۈشىنىڭ تارىخىي مۇساپىسى (تۈركىي قۇل سودىسى قىلىش، تاھىرىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ئىزگىنلىشىدىن قۇتۇلۇش، سەففارىيلار پادىشاھلىقى بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىش

قاتارلىق) تۈركىيلەرنىڭ ئىران تىللىقلار پادىشاھلىقىدا ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلىشىنىڭ، شۇنداقلا تۈركىي ئامىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىنىڭ تارىخىي شارائىتىنى ياراتقان. پادىشاھلىق قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۆلۈنمىچىلىك ئامىللىرى (خان جەمەتىنىڭ ناسىر بىلەن ئىسمائىل باشچىلىقىدىكى ئىككى چوڭ مەزھەپكە بۆلۈنۈشى، سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئىككى چوڭ سىستېمىغا ئايرىلىشى، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىران تىللىق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ توپىلىڭى قاتارلىق) تۈركىيلەرنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقى ھاكىمىيىتىنى تىزگىنلىشىگە رېئال شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. تۈركىيلەرنىڭ ئىران مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشى (ئاساسلىقى قۇللارنى مەشقلەندۈرىدىغان مەكتەپلەر ئارقىلىق) ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا پۇت تىرەپ تۇرۇشىغا مەدەنىيەت ئاساسى سالغان. سامانىيلار پادىشاھلىقى بىلەن خەلىپە ھاكىمىيىتىنىڭ زىددىيىتى ئەرەب ئامىللىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۈزلۈكسىز سىقىپ چىقىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. 10 ـ ئەسىردە يېڭى پارس ئەدەبىياتى ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە ئەرەب تىلىنىڭ بارا ـ بارا تاشلىنىپ، ماۋەرائۇننەھردە «دارى»(Dari) تىلى دېيىلىدىغان بىر خىل ئومۇمىي تاجىك تىلىنىڭ شەكىللىنىشى بۇنىڭ دەلىلى ھېسابلىنىدۇ. تۈركىيلەر سەففارىيلار پادىشاھلىقى (خەلىپە قوللىغان) بىلەن بولغان ئۇرۇشقا قاتنىشىش، خەلىپە قوللىغان ئىران تىللىق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ توپىلىڭىنى (مەسىلەن، 50 ـ يىللارنىڭ دەسلەپىدىكى چاغانى ئىسيانى) تىنچىتىش ئارقىلىق ئەرەب ئامىللىرىنى سىقىپ چىقىرىش كۈرىشىدىمۇ زور رول ئوينىغان. تۈركىيلىشىش ئامىلىنىڭ كۈچىيىش جەريانى روشەن ھالدا سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ئەرەب ئامىللىرىنى سىقىپ چىقىرىش جەريانى بىلەن تەڭ راۋاجلانغان. تۈركىيلەرنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقىدىكى ئىران تىللىقلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىيلىشىش ئامىلىنىڭ كۈچىيىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. غەزنەۋىلەر پادىشاھلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى شۈبھىسىزكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركىيلىشىشىدىكى بىر دەۋر بۆلگۈچ زور ئىش بولغان. غەزنەۋىلەر پادىشاھلىقىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىدىن قارىغاندا، سامانىيلار پادىشاھلىقى 10 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركىيلىشىشىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. يەنە تۈركىيلەرنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ يوقىلىشىنى تېزلىتىش جەريانىدىن قارىغاندا، تۈركىيلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆپىيىشى، سىياسىي جەھەتتە كۈچىيىشى ھەم تۈركىي تىلىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشى تاجىك تىلىنى چەكلەش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك ئىران تىللىقلارنى تۈركىيلەشتۈرۈشتىن دېرەك بەرمەستىن، بەلكى ئىران تىللىقلارنىڭ بارا ـ بارا ھۆكۈمران مىللەتلىك ئورنىدىن مەھرۇم قېلىشىدىن دېرەك بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركىيلىشىشىگە سىياسىي شارائىت ھازىرلىغان. مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ياكى قوشۇلۇشى 10 ـ ئەسىردە ئانچە روشەن بولمىغان. تۈركىيلىشىش جەريانىنىڭ باشلىنىشىدىكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، تۈركىيلىشىش جەريانى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش جەريانى بىردەك بولمىغان. كەڭ كۆلەمدىكى تۈركىيلىشىش قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن غەزنەۋىلەر پادىشاھلىقى سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ كونا زېمىنلىرىنى بۆلۈپ ئىدارە قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن قانات يايغان.

(تەرجىمە قىلغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

(«ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان 4 ـ سانىدىن ئېلىندى، ئىزاھاتى قىسقارتىلدى.)

# «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ماتېرىيال مەنبەسى ھەققىدە

مانو ئىيجى (ياپونىيە)

ياپونچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **بارىجان زەپەر**

16 - ئەسىردە قەشقەر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئەۋلادى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆرەتۆپەدە دۇنياغا كەلگەن مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات تەرىپىدىن پارس تىلىدا يېزىلغان «تارىخى رەشىدىي»[①]نىڭ 14 — 16 - ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان تارىخىي ماتېرىيال ئىكەنلىكى توغرىسىدا بۇ يەردە توختالمايمەن. «ئەسلىي تارىخ» («Tarikhi - Asl») دەپ ئاتالغان 1 - كىتاب بىلەن «قىسقىچە تارىخ» («Mukhtasar») دەپ ئاتالغان 2 - كىتابتىن تەركىب تاپقان بۇ تارىخىي ماتېرىيال 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا دېنىسون روس تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئاساسلىق ھالدا ئېلىئاس تەرىپىدىن يېزىلغان كىرىش سۆز ۋە شەرھى كىرگۈزۈلۈپ، لوندوندا نەشر قىلىنغان. جاپالىق ئەجىر - مېھنەتنىڭ نەتىجىسى بولغان بۇ تەتقىقات كىتابى نەشر قىلىنىپ بىر ئەسىر ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ زور ئىشلىتىلىش قىممىتىنى نامايان قىلماقتا.

ئەمما، خېلى بۇرۇنلا مۇشۇنداق تەتقىقات مېۋىسى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، «تارىخى رەشىدىي»گە مۇناسىۋەتلىك ۋەسىقىشۇناسلىق (ماتېرىيال كىتابلار) تەتقىقاتى ۋە «تارىخى رەشىدىي»دە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 14 — 16 - ئەسىرلەردىكى موغۇللار دۇنياسىغا ئائىت تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى ھازىرغىچە تولۇق ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدا، مۇھاكىمە ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تېمىلار ناھايىتى كۆپ.

بۇ ماقالىدە يۇقىرىدا دېيىلگەن مۇھاكىمە قىلىشقا ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك كۆپلىگەن تېمىلار ئىچىدىكى «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ۋەسىقىشۇناسلىق تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ماتېرىيال مەنبەسى مەسىلىسى، يەنى مۇئەللىپ مىرزا ھەيدەر مەزكۇر ئەسەرنى يېزىشتا زادى قانداق تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان دېگەن ئاساسلىق مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىپ،

① «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئەسلىدە پارس تىلىدا يېزىلغانلىقى شەك - شۈبھىسىز، ئەمما تۈركىيىلىك توغان: «مىرزا ھەيدەر پارس تىلىدىكى ئەسىرى ئاساسىدا ئىينى چاغدا ئۆز قولى بىلەن چاغاتاي تۈركىي تىلىدىكى نۇسخىسىنىمۇ تاماملىغان» دېگەن ئۆزىگە خاس قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.
Ahmet Zeki. Validi.(Togan), «Haydar Mirza», Islam Ansiklopedisi 5. cilt, 1.Kisim Istanbul, 1950, S.388

ئومۇمىي جەھەتتىن نەزەر سېلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم. بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۆزۈمدىن بۇرۇن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەتقىقاتچىلىرى قازاق، قىرغىز قاتارلىق كۆپلىگەن مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس ئەسەر، ئىلمىي ماقالىلەردە ناھايىتى ئاددىي ھالدا پۇرتىپ ئۆتكەندىن باشقا، مەخسۇس مۇھاكىمە ـ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىدى. بۇ ماقالە «تارىخى رەشىدى»نىڭ ماتېرىيال مەنبەسى ۋە خاراكتېرى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۈچۈر بولۇش رولىنى ئوينىيالىسا، ئۆزۈمنى چەكسىز خۇشال ھېس قىلىمەن.

## 1

مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى»نى يېزىشىدىكى ئاساسىي مۇددىئاسى ئەينى چاغدا كىشىلەرنىڭ ئەسلىرىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنتۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان موغۇل خانلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى «يادنامە» شەكلىدە يېزىپ قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى (105a / 149①). ئۇ بۇ مۇددىئاغا يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان كۆپلىگەن ۋەسىقە ـ ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈپ، ئۇلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان موغۇل ۋە موغۇلىستان تارىخىغا دائىر مەلۇماتلارنى ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزۈش ئۈستىدە ئىزدەنگەن.

ھازىر مىرزا ھەيدەر پايدىلانغان ۋەسىقە ـ ھۆججەتلەرنى تارىخ كىتابلىرى، جۇغراپىيە كىتابلىرى، تەرجىمىھال ـ تەزكىرە تىپىدىكى كىتابلار، دىنغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلار قاتارلىق تۆت تۈرگە ئايرىپ كۆرسەتسەك، تۆۋەندىكىچە بولىدۇ.

### 1. تارىخ كىتابلىرى

(1) ئەلائىددىن ئەتا مەلىك جۇۋەينىينىڭ «تارىخى جاھانگۇشاي» (658A.H./ 1260 A.D ـ يىلى تاماملانغان) ناملىق ئەسىرى. مىرزا ھەيدەر موغۇل ئىمپېرىيىسى تارىخىغا دائىر پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ داڭلىق تارىخنامىنى ناھايىتى ئىشەنچلىك دەپ قارىغانلىقتىن، قارا قىتان سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى كۈچلۈكنىڭ توپىلىڭى بىلەن قەشقەرنىڭ موڭغۇللار تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنىشىغا دائىر مەلۇماتلارنى يېزىشتا پۈتۈنلەي مەزكۇر كىتابقا مۇراجىئەت قىلغان (288–293/213b–217b). ئۇنىڭدىن باشقا تاتار ئۇلۇسى توغرىسىدىكى بايانلار (360/274b)نىمۇ مەزكۇر كىتابتىن نەقىل كەلتۈرگەن.

(2) رەشىدىددىن فەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇت ـ تەۋارىخ» (710/ 1310 ـــ 1311 ـ يىللىرى يېزىلغان، ئولجىت ھاجىغا ھەدىيە قىلىنغان②). مىرزا ھەيدەر موڭغۇل ئىمپېرىيىسى تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، جۇۋەينىينىڭ ئەسىرى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان، پارس تىلىدا يېزىلغان، زور شان ـ شۆھرەتكە ئىگە بۇ تارىخنامىدىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختى بالاساغۇننىڭ بايانى (362/275a)، موغۇلىستان خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى تۇغلۇق تېمۇرخان بىلەن قانداشلىقى بولغان ئالانقۇادىن ئۆتۈپ نۇھنىڭ ئوغلى ياپەسقىچە بولغان ۋەقەلەر (447/331b)، بالىش (256/193b)، شۇنداقلا موڭغۇل

---

① تۆۋەندە ( )نىڭ ئىچىدىكى سانلاردىن ئالدىنقىسى «تارىخى رەشىدى»نىڭ دېنىسون روس تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ بەت سانىنى، كېيىنكىسى بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان پارس تىلىدىكى قولىيازمىسى (Or.157)نىڭ بەت سانىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، دېنىسون روسنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدە تېكىست قىسقارتىۋېتىلگەن ئەھۋالدا، ساككستون (Mirza Haydar Dughlat's Tarikhi-Rashidi A History of the Khans of Moghulistan. Persian Text Edited by W.M.Tackston.English Translation and Annotation by W.M.Thackston, cambridge Mass, 1996) تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ئىنگلىزچە تەرجىمىسى (قىسقارتىلما بەلگىسى Th)نىڭ بەت سانىنى كۆرسىتىدىغان ئەھۋالمۇ بار.

② «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نىڭ تاماملانغان يىل دەۋرىنى چۆرىدىگەن مەسىلىلەر ھەققىدە خوندا ماسانوبۇ تۈزگەن «رەشىدنىڭ تولۇق ئەسەرلىرىنىڭ بىبلوگرافىيىسى ھەققىدە» («غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا تەتقىقاتى»، 23 ـ سان، 1984 ـ يىلى؛ شۇ ماقالە «موڭغۇل دەۋرىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى قايتا كىرگۈزۈلگەن)گە قاراڭ.

ئىمپېرىيىسىنىڭ تۆت ئۇلۇسىنىڭ ئىزاھاتىنى بېرىش ئۈچۈن پايدىلانغان.

(3) جامال قارشى يازغان «مۇلھاقاتىس ـ سۇراھ» ( «سۇراھ»نىڭ قوشۇمچىسى، 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاماملانغان ). بۇ 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ئەل جەۋھەرىينىڭ «ئەس ـ سىھاھ» ياكى «ئەس ـ سۇراھ مىنەس ـ سىھاھ» دېگەن ئەسىرىنىڭ جامال قارشى تەرىپىدىن پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىغا قوشۇمچە قىلىنغان ئەرەب تىلىدىكى قوشۇمچىسى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن خانلىقلارغا دائىر مەلۇماتلار، بولۇپمۇ شەيخ، مۆتىۋەرلەر، ئۇستىكارلارغا مۇناسىۋەتلىك تەرجىمىھاللار كىرگۈزۈلگەن بۇ كىتاب مىرزا ھەيدەر تەرىپىدىن بالاساغۇن ۋە تىبەتلەرنىڭ بايانى (364, 403/275b, 328b) ئۈچۈن پايدىلىنىلغان.

(4) ھەمدەللاھ مۇستەۋفى قازۋىنىينىڭ «تارىخى گۇزىدە» (1130 ـ يىلى تاماملانغان/730) ناملىق ئەسىرى. ئاساسەن رەشىدىددىننىڭ «جامىئۇت ـ تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرى ئاساسىدا پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ تارىخنامىدىن مىرزا ھەيدەر موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تۆت ئۇلۇسىنىڭ بايانى (293/217b)، شۇنداقلا قەشقەرنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ھۆكۈمرانى سانىلىدىغان ئافراسىيابنىڭ نەسەبنامىسىنىڭ بايانى (286/213a) ئۈچۈن پايدىلانغان.

(5) شەرەفىددىن ئەلى يەزدىينىڭ «زەفەرنامە» ناملىق ئەسىرى. مىرزا ھەيدەر تېمۇرىيلەرنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان، يۇقىرى شان ـ شۆھرەتكە ئىگە بۇ تەزكىرىسىنىڭ مۇئەللىپىنىڭ ئىلمىگە ئاجايىپ يۇكسەك ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن قارىغان (84/58b)لىقتىن، بۇ ئەسەرنى باشقا ھەرقانداق تارىخ كىتابلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئەڭ زور چەكتە پايدىلانغان. ئۇ تۇغلۇق تېمۇر (15-22/13a-17a) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىلياس خوجا (23-37/17a-30a)غا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى، تېخىمۇ مۇھىمى تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەمىر تېمۇرنىڭ موغۇلىستانغا قىلغان بەش قېتىملىق يۈرۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بايانلار (39-50/31a-40b)نى بېرىشتە ئۆزىنىڭ ماقالىسى بويىچە يازماستىن، ئالايىتەن «زەفەرنامە»دىكى بايانلارنى ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەي ئۆز ئەينى نەقىل ئېلىپ ئىشلەتكەن. يەنە كەشمىر (كەم/432-430) ۋە تۇغلۇق تېمۇرنىڭ نەۋرىسى خەلىل سۇلتاننىڭ پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بايانلار (451/335b)نى يېزىشتىمۇ مەزكۇر كىتابتىن پايدىلانغان. بۇلاردىن باشقا يەنە، تۇغلۇق تېمۇردىن ئىلگىرىكى موغۇللارنىڭ تارىخىنى بايان قىلغاندا (5, 300, 447/8a, 221b, 331b)، «زەفەرنامە»نىڭ مۇقەددىمە قىسمىدىن پايدىلانغان.

(6) ئۇلۇغبېكنىڭ «ئۇلۇسى ئەربەئەيى چىنگىزىي» ( «چىنگىز جەمەتىنىڭ تۆت ئۇلۇسى») ناملىق ئەسىرى. تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئۇلۇغبېك نامىدا يېزىلغان بۇ تارىخ كىتابى ھازىر يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، نام ـ شەرىپى نامەلۇم كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان «تۈركىيلەر شەجەرىسى» (ياكى «شەجەرەتەل ـ ئەتراك») قاتارلىق ئەسەرلەردە بېرىلگەن بايانلار بويىچە «چىنگىز جەمەتىنىڭ تۆت ئۇلۇسى»دىكى مەزمۇنلارنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. مىرزا ھەيدەر بۇ كىتابتىكى موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تۆت ئۇلۇسىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان (148/104b). بۇ 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭدا، بولۇپمۇ قەشقەردە ئۇلۇغبېكنىڭ بۇ كىتابى تارقالغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(7) ئەبدۇررەززاق سەمەرقەندىينىڭ «تارىخى مەنزۇم» (مىرزا ھەيدەر «تارىخى مەنزۇم» دەپ ئاتىغان، پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ تارىخنامىنىڭ ئەسلىي نامى «مەتلەئى سەئدەين ۋە مەجمەئى بەھرەين» بولۇپ، بۇنىڭدا تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ 1470 ـ يىلىغىچە بولغان تارىخى سۆزلىنىدۇ) ناملىق كىتابى. مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»نى يېزىش جەريانىدا، ئۆزى پايدىلانغان تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئەبدۇررەززاقنىڭ بۇ تارىخ كىتابىنىڭ نامىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن (151/106b).

(8) مىرخاۋەند ۋە خاندەمىرنىڭ تارىخ كىتابلىرى. مىرزا ھەيدەر بۇلارنىڭ تارىخ كىتابلىرىنىڭ

رەسمىي ناملىرىنى خاتىرىلەپ قالدۇرمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مىرخاۋەندنىڭ «رەۋزەتۇس - سەفا فىسسىرەتۇل - ئەنبىيا ۋەل - مۇلۇك ۋەل - خۇلەفا» (پەيغەمبەرلەر، پادىشاھلار ۋە ئىزباسارلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى «پاكلىق باغچىسى») (929/1522 — 1523-يىللارغىچە بولغان ئىسلام دۇنياسى تارىخى) ۋە ئانا تەرەپ نەۋرىسى خاندەمىرنىڭ «ھەبىبەس - سىيەر فى ئەخبار ئەفرادەل - بەشەر» («قوش تەرجىمىھال») (930/1524 - يىلىغىچە بولغان ئىسلام دۇنياسى تارىخى ) دىكى مەزمۇنلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنلىكىدە گەپ يوق. مىرزا ھەيدەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ ئىككى داڭلىق تارىخ كىتابىدىن «ئالاچە» (ئۆلتۇرگۈچى) دېگەن سۆزنىڭ قوللىنىلىشىنى چۈشەندۇرگەن (121/84a)دە ۋە تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئەبۇ سەئىدنىڭ ئىش ئىزلىرى (108/73b)غا مۇناسىۋەتلىك جايلىرىدا پايدىلانغان.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلىرى تارىخقا دائىر كىتابلار بولۇپ، مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۆز ئەسىرى ئۈچۈن ھازىرمۇ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ۋەسسافنىڭ «ۋەسساف تارىخى»، شامىينىڭ «زەفەرنامە»سى، يەنە ھافىز ئەبۇلنىڭ كىتابلىرىدىن پايدىلانماستىن ئەكسىچە، ھازىرغا كەلگۈچە چېچىلىپ، يوقىلىپ كەتكەن جامال قارشى ۋە ئۇلۇغبېكلەرنىڭ كىتابلىرىدىن پايدىلانغانلىقى كىشىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ.

## 2. جۇغراپىيە كىتابلىرى

(1) ياقۇت ئەل رۇمىينىڭ «مۇئجەمەل - بۇلدان» ( «جۇغراپىيە لۇغىتى»، مۇئەللىپ 1229 - يىلى ۋاپات بولغۇچە بۇ كىتابنى يېزىشنى داۋاملاشتۇرغان ) ناملىق كىتابى. مىرزا ھەيدەر بۇ ئەرەب تىلىدىكى داڭلىق جۇغراپىيىشۇناسلىق كىتابىدىن تىبەتنىڭ جۇغراپىيىلىك تەسۋىرىنى يېزىش ئۈچۈن پايدىلانغان (403/328b).

(2) نامەلۇم شەخسنىڭ «سۇۋەرى ئىقلىم» ( «كىلىمات ئىقلىملىرى») ناملىق كىتابى. پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ جۇغراپىيىشۇناسلىق ئومۇمىي بايانىدىن بالاساغۇن ۋە موغۇلىستاننى چۈشەندۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىنىلغان (359, 361/274b, 275a).

(3) غىياسىددىن مەنسۇرنىڭ «جامى گىتى نەمائى» ( «دۇنيانى كۆرسەتكۈچى ئەينەك») ناملىق ئەسىرى. پارس تىلىدا يېزىلغان، ئالەم توغرىسىدىكى دەسلەپكى ساۋاتلار تونۇشتۇرۇلغان بۇ كىتاب قەشقەر (294/218a) ۋە تىبەت (403/328b) ھەققىدىكى تەسۋىرلەرنى يېزىش ئۈچۈن پايدىلىنىلغان.

(4) «تەئرىفى بۇلدان» ( «دۆلەتلەر تەزكىرىسى»). مىرزا ھەيدەر موغۇلىستاننى تەسۋىرلەشتە بۇ كىتابقا مۇراجىئەت قىلغان (359/274b)، ئەمما ئۇنىڭ مۇئەللىپى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە مەلۇمات يوق. پەقەت كىتابنىڭ نامىغا قاراپ، بۇ جۇغراپىيە توغرىسىدىكى كىتاب ئىكەن، دېگەن يەكۈنگە كېلىمىز.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلىرى جۇغراپىيە كىتابلىرى بولۇپ، مىرزا ھەيدەرنىڭ پارس تىلىدىكى ۋەسىقىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ياقۇتنىڭ ئەرەب تىلىدىكى جۇغراپىيە كىتابىدىنمۇ پايدىلانغانلىقى دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغايدۇ.

## 3. تەرجىمىھال - تەزكىرە تىپىدىكى كىتابلار

(1) ئابدۇرەھمان جامىينىڭ «نەفەھاتۇل - ئۇنس مىن ھەزەراتۇل - قۇدس» ( «سۆيگۈ تىنىقى») ناملىق ئەسىرى. يىتۇك شائىر، شۇنداقلا نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ تەسىرچان مۇرىتلىرىدىن بىرى بولغان جامىينىڭ تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلغان بۇ مەشھۇر ئەسىرىدىن[1] پايدىلىنىش ئارقىلىق مىرزا ھەيدەر نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ دانىشمەنلىرىدىن بولغان ئەلائىددىن ئەتتارنىڭ شاگىرتى — مەۋلانا نىزامىددىن خامۇشىينىڭ بايانى (195/139b)غا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. يەنە جامىينىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرى

بولغان ئابدۇلغەفۇر لارىي تەرىپىدىن يېزىلغان «شەرھى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان جامىينىڭ قىسقا تەرجىمىھالىدىنمۇ جامىي ھەققىدىكى بايانلارنى يازغاندا پايدىلانغان (Th121/143b).

(2) دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىنىڭ «تەزكىرەتۇش - شۇئەرا» («شائىرلار تەزكىرىسى»، 1487 - يىلى تاماملانغان) ناملىق ئەسىرى. مىرزا ھەيدەر بۇ پارس تىلىدا يېزىلغان، شائىرلار تەزكىرىسى بېرىلگەن داڭلىق ئەسەردىن تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سۇلتان ئەبۇ سەئىد دەۋرىدىكى ئەمىر مۇھەممەد سالىھنىڭ بايانى (205/161a)نى بېرىش ئۈچۈن پايدىلانغان.

(3) مەۋلانا مۇھەممەد قازىينىڭ «سىلسىلەتۇل - ئارىفىن» («دانىشمەنلەر تىزىمى»، 1504 - يىلى ئەتراپىدا يېزىلغان ) ناملىق ئەسىرى. مۇئەللىپ مۇھەممەد قازىي نەقشىبەندىيە تەرىقىتىدىكى تەسەۋۋۇپچى زات بولۇپ، بۇ تەرىقەتنىڭ ئەڭ مەرتىۋىلىك شەيخى خوجا ئەھرارنىڭ ئەتىۋارلىق شاگىرتى ئىدى. مىرزا ھەيدەر ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا بۇ كىشىگە ھەۋەس قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلمى ۋە نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىگە ئېھتىرام بىلدۈرگەنىدى. شۇڭا، ئۇ خوجا ئەھرار ھەققىدىكى پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ تەزكىرىدىن مۇھەممەد قازىي (212, 342/166a, 253a)، خوجا ئەھرار (113-114/77b-78a) ۋە خوجا ئەلائىددىن ئەتتار (Th119/141a)غا مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئۈچۈن پايدىلانغان.

(4) زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «ۋەقايىئ» (مۇئەللىپنىڭ 1530 - يىلى ۋاپات بولغۇچە بولغان خاتىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ناملىق ئەسىرى. ئادەتتە «بابۇرنىڭ كىتابى»، «بابۇرنامە» دېگەنناملار بىلەن تونۇشلۇق بولغان، موغال خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بابۇرنىڭ چاغاتاي تۈركىي تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسلىمىسىدىن مىرزا ھەيدەر بابۇرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى بايان قىلىش (174/121b) ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك پايدىلانغان. مىرزا ھەيدەر بابۇرنىڭ جىيەنى سۈپىتىدە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە بىر مەزگىلنى بابۇرنىڭ ھامىيلىقىدا ئۆتكۈزگەن. ئېلىئاسنىڭ ئېيتىقىنىدەك[②]، بابۇرنىڭ ۋاپاتىدىن ئالاھىزەل ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىي»گە قەلەم تەۋرىتىۋاتقان چېغىدا قولىدا «بابۇرنامە»نىڭ قولىيازمىسىنىڭ بولغانلىقى ناھايىتى قىزىقارلىق ئەمەلىيەتتۇر. «بابۇرنامە»نىڭ ھازىر ساقلىنىۋاتقان تېكىستلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ ئەسلىي نۇسخىسىغا يېقىن شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ دەپ قارالغان ھەيدەرئاباد نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلغۇچىسى ئا س بېۋېرىگې: «مىرزا ھەيدەردە بار بولغان تېكىست ھازىر بىزگە تونۇشلۇق بولغان ھەرقانداق تېكىستتىنمۇ مۇكەممەل بولسا كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. ئەمما، ھازىرغىچە مىرزا ھەيدەرنىڭ قولىدىكى نۇسخا تېپىلغىنى يوق.

## 4. دىنغا دائىر كىتابلار

ئەلى بىننى ئۇسمان بىننى ئەلى ئەل - جۇللابىي ئەل - ھۇجۋىرىينىڭ «كەشفەل - مەھجۇب» («كۆمۈلگەن سىرنىڭ ئېچىلىشى»، 11 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاماملانغان) ناملىق ئەسىرى. مىرزا ھەيدەر بۇ پارس تىلىدا يېزىلغان تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى ئومۇمىي بايان كىتابىدىن قىسقا بىر بۆلەكنى نەقىل كەلتۈرگەن (4/7b). مىرزا ھەيدەر نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ سوپىزم تەلىماتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغاچقا، يۇقىرىقى كىتابتىن ئۆز كىتابىغا دىنىي تۈس قوشۇش ئۈچۈنمۇ پايدىلانغان.

«تارىخى رەشىدىي»نىڭ «ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن»

---

① مىرزا ھەيدەر جامىينىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى سۈپىتىدە «شاۋاھىدۇن - نۇبۇۋۋە»، «نەفەھاتۇل - ئۈنس»، «ھەفت ئەۋرەڭ»، «شەرھى كافىيە» (شەرھى مۇللا)، «نەزمى ئەربەئىن»، «لەۋايىھ»، «شەرھى لەمەئات»، «شەرھى فۇسۇس»، «شەرھى مىمىيەۋۋ ھەمرىييەئى ئىبنى فەرىد»، «شەرھى رۇبائىيات»، ئۈچ دىۋانى، «مۇئەممما» ۋە «ئىنشا» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تىلغا ئالغان (Th121/144a).

② «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى 173 - بەت 1 - ئىزاھاتقا قاراڭ.

دېگەن مەزمۇنلار بىلەن باشلىنىشى بىر خىل مۇقەررەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ تېكىستىنىڭ ئىچىدە «قۇرئان»دىن ئېلىنغان نەقىل (263 ۋە باشقىلار) كۆپ جايدا ئۇچرايدۇ. ئۇ يەنە مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ كۈيئوغلى ئەمىر ئاسقا دائىر رىۋايەت (ھەدىس)نىڭ بىر بۆلۈكىنى شەيخ سەئىد كازەرۇنىينىڭ «سىيەرەن ـ نەبىي» («پەيغەمبەرلەر قىسسىسى») ناملىق كىتابىدىن، يەنە بىر بۆلىكىنى (282a / تەرجىمىدە قىسقارتىۋېتىلگەن 371) تەسەۋۋۇپچىلار تەرىقىتىنىڭ پىرى بولغان كۇبرا تەرىقىتىنىڭ ئىجادچىسى نەجمىددىن كۇبراننىڭ ئەسىرىدىنمۇ بىر نەقىل كەلتۈرگەن. يەنە، ئەبۇ يۇسۇف ھەمەدانىينىڭ «مۇقەددىمات»تىدىنمۇ ئابدۇلخالىق گىجدۇۋانىينىڭ سۆزىنى نەقىل (Th250/237b) كەلتۈرگەن. شۇنداقلا، شەيخ ئەبۇ ئەلى دەققاقنىڭ سۆزىنىمۇ ئۇنىڭ «مۇناجات» ناملىق كىتابىدىن نەقىل كەلتۈرگەن.

مىرزا ھەيدەر يەنە چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئورناتقان نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە دائىر ماتېرىياللاردىن، مەسىلەن، باھاۋىددىن نەقشىبەندىنىڭ «مەقامات» ناملىق كىتابىدىكى ماقالىلەردىن نەقىل (Th231/282a) كەلتۈرگەن، ئاندىن مىر ئەبدۇلئەۋۋەلنىڭ «جامىي» دېگەن ۋەسىقىسىدىنمۇ سۆز ئاچقان (Th119/141a). ئۇ ئۇلاردىن باشقا يەنە خوجا ئەھرار ۋە مۇھەممەد قازىيغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر (282a/ تەرجىمىدە قىسقارتىۋېتىلگەن 371) بىلەن بۇ تەرىقەتنىڭ سوپىزمىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھەممەد قازىي ۋە خاجە نۇرانىلارنىڭ ئىككى پارچە «رىسالە»سى (319 –306a ، 260a –255b/ تەرجىمىدە قىسقارتىۋېتىلگەن 397، 342)، خوجا ئەھرار تەرىپىدىن مۇھەممەد قازىيغا يوللانغان ئۇسسۇل ئويناپ ناخشا ئېيتىدىغان دەرۋىشلەر بىلەن ئارىلىشىشنى چەكلەش قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى قىزىقارلىق ئىلمىي ماقالە (166a – 165b/ تەرجىمىدە قىسقارتىۋېتىلگەن 212)، خاجە نۇرانىنىڭ تەسەۋۋۇپقا دائىر خەت ـ چەكلىرى (326a – 322a/ تەرجىمىدە قىسقارتىۋېتىلگەن 400) ۋە جامىينىڭ ئىلمىي ماقالىسىنىڭ ئەسلىيسى (306a – 305b/ تەرجىمىدە قىسقارتىۋېتىلگەن 397)دىن نەقىل كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇلار «تارىخى رەشىدىي»گە دىنىي تۈس قوشۇش رولىنى ئوينىغان.

بۇنىڭدىن باشقا، مىرزا ھەيدەر شىئە مەزھىپىنىڭ نۇرباخشى تەرىقىتىنىڭ «فىقھى ئەھۋەت» ناملىق ئوقۇشلۇقىنى كەشمىردە قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ قولىيازمىسىنى ھىندىستاننىڭ ئۇراما دېگەن يېرىگە ئەۋەتكەن چاغدا، ئۇنى غەلىتە مەزمۇندا ئىكەن دەپ ھۆكۈم قىلغان (453/text, 368).

يېقىنقىلار مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»نى يېزىشتا پايدىلانغان كىتاب ـ ۋەسىقىلەر ئۈستىدە توختالغاندۇر. بىز بۇ مەلۇماتقا كۆز يۈگۈرتكىنىمىزدە، مىرزا ھەيدەرنىڭ چاغاتاي تۈركىي تىلىدىن باشقا، پارس، ئەرەب تىللىرىنىمۇ پىششىق بىلىدىغانلىقىنى، بۇ تىللاردا يېزىلغان ئاساسلىق كىتاب ـ ۋەسىقىلەردىنمۇ تولۇق پايدىلىنالايدىغان سەۋىيىنى ھازىرلىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

ئەمما، مىرزا ھەيدەر بۇ كىتاب ـ ۋەسىقىلەردىن ئېرىشكەن بىلىملىرىنى ئۆزىنىڭ تارىخ كىتابىدا جانلىق قوللىنىش بىلەنلا چەكلەنمىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدىكى خىلمۇخىل ۋەقەلەرنى، شۇنداقلا ئۆزى يىغىپ توپلىغان موغۇللارغا مۇناسىۋەتلىك ئېغىزدا تارقىلىپ يۈرگەن خىلمۇخىل رىۋايەت ـ قىسسىلەرنىمۇ ئۆز كىتابىغا كىرگۈزگەن.

ئۇ موغۇلىستان ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدا تۇرىدىغان دوغلات جەمەتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن نىكاھ مۇناسىۋىتى قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قۇدرەت ئىگىلىرى، يەنى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ خان ۋە بەگلىرى، تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ مىرزا ۋە ئەمىرلىرى، شۇنداقلا دىنىي ساھەدە بىر مەزگىل مەشھۇر بولغان نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ شەيخلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. مىرزا ھەيدەرنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۇچرىشىشلىرىنىڭ خاسىيىتىدە ئۆزى توپلىغان موغۇللارغا ئائىت قىسسىلەرنىڭ ھەممىسى «تارىخى رەشىدىي»گە كىرگۈزۈلۈپ (76، 69، 68، 50، 23، 6، 2 ۋە باشقىلار)، بۇ كىتابقا ئۆزگىچە

قىممەت ئاتا قىلغان. مىرزا ھەيدەر سىياسىي، ھەربىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك رىۋايەت ـ قىسسىلەردىن باشقا، ئۆز ئەجدادلىرىدىن بىر كىشىگە چېتىلىدىغان، كىشىگە شادلىق بېغىشلايدىغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھېكايىسىنىمۇ (62-63/46a-47a) ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزگەن.

مىرزا ھەيدەر رىۋايەت ـ قىسسىلەردىن باشقا، بىر قانچىلىغان مۇھىم ئەسلىي ئورىگىناللىق ماتېرىياللاردىنمۇ پايدىلانغان. دوغلات ئائىلىسىدىن بولغان بىر ئەمىرگە تۇغلۇق تېمۇرخان تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن پەرمان (56/44a)، موغۇلىستاننىڭ سۇلتانى سەئىدخان تەرىپىدىن چىقىرىلغان يارلىق (309/227a) دېگەندەكلەر بۇنىڭ ياخشى مىسالى بولالايدۇ.

بۇلاردىن باشقا، مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دىكى بايانلارنى يېزىشتا پايدىلانغان ماتېرىياللارنىڭ ئارىسىدا يىلنامە ( تارىخ ) بار. يىلنامە ــ ئەرەب يېزىقىدىكى سانلىق قىممەتلەردىن پايدىلىنىپ، مەلۇم ۋەقەلىكنىڭ مەزمۇنىنى قىسقا سۆز ياكى جۈملىدە ئىپادىلەپ، بۇ سۆزنى تەشكىل قىلغان ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ سانلىق قىممەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بويىچە مەلۇم بىر يىلنى كۆرسىتىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل يىلنامىلەرنى مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۆز ئەسىرىدە قوللىنىشى، يەنى يىلنامىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىرىلىشى ئەينى چاغدا ئۇنىڭ موغۇللارنىڭ ئارىسىدا بىر تۈرلۈك ئىلىم، ئەدەبىي پائالىيەت دەپ قارىلىدىغانلىقىدا. لېكىن، مىرزا ھەيدەر ۋەقەلىكلەرنىڭ دەۋرىنى بېكىتىش ئۈچۈن، بەزىدە ئانچە توغرا بولمىغان يىلنامىلەرنىمۇ قوللىنىپ قالغان، دېگەن قاراشمۇ بار. بۇ نۇقتا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## 2

تېمۇرىيلەر خانلىقى ۋە موغال خانلىقىنىڭ شاھلىرى، شاھزادىلىرىگە تېپىك شەخسلەر بويىچە قارالغىنىغا ئوخشاش، تۈركىيلەشكەن، ئىسلاملاشقان موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادلىرى مەدەنىيەت جەھەتتە ئىران ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ روشەن تەسىرىگە ئۇچرىغان. مىرزا ھەيدەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇڭا، مىرزا ھەيدەر شەرەفىددىن ئەلى يەزدى، مىرخاۋەند، خاندەمىرلەردەك تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ تارىخچىلىرىنىڭ قولى بىلەن پۈتكەن پارس تىلىدىكى تارىخ كىتابلىرىنىڭ ئۇسلۇبىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە شېئىر، رىۋايەتلەرنى تۈركىي ـ تۈركىيلەپ قوللىنىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بۇ تارىخ كىتابىدا ئەدەبىي پۇراقنى قويۇقلىتىش ئۈچۈن تىرىشقان.

مىرزا ھەيدەر ئايازى تەخەللۇسىدا مۇتەقارىپ بەھرىنى قوللىنىپ، چاغاتاي تۈركىي تىلىدا «جاھاننامە» ناملىق شېئىرىي ئەسەرنى قالدۇرغان يېتۈك شائىر بولغاچقا، ئۇنىڭغا «تارىخى رەشىدىي»دىن ئىبارەت تارىخ كىتابىنى ئۆزى ئىجاد قىلغان شېئىرلار بىلەن بېزەش ھېچبىر تەسكە توختىمىغان بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتىمۇ مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە ئۆزى ئىجاد قىلغان شېئىرلارنىڭ بىرلا كۇپلېتىنى ئۆزۈپ ئېلىپ بەرگەن (مەسلەن، 143/100a؛ Th281-282/340a). ئەمما، ئۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماستىن، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پېشىۋالارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز كىتابىدا نەقىل كەلتۈرۈپ، ئىران ئەدەبىياتىغا دائىر بىلىمى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈش دەرىجىسىنى نامايان قىلغان.

مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە مەشھۇر شائىر سەئدىينىڭ «گۈلىستان»ىدىن ئىككى پارچە (266, 303/200a, 223a)، «بوستان»دىن ئۈچ پارچە شېئىر (Th282/340a, 340b, 341a) نەقىل كەلتۈرگەن. بۇنىڭدىن باشقا، جامىينىڭ مەسنەۋى شەكلىنى قوللىنىپ يازغان «ھەفت ئەۋرەڭ» (يەنى «يەتتە تەخت») ناملىق ئەسىرىنىڭ بىر قىسمى بولغان «سىلسىلەتۇز ـ زەھەب» («ئالتۇن زەنجىر»)تىنمۇ مۇسا پەيغەمبەرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەردىن بىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن (Th106/124b-125a)، يەنە

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ چاغاتاي تۈركىي تىلىدا ۋە پارس تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىدىنمۇ ئىككى پارچە شېئىر نەقىل (Th126/149b) كەلتۈرگەن.

مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۆز ئەسىرىدە فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە»سىدە ئۇچرايدىغان خوسرەۋ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى شىرۇيە ھەققىدىكى قىسسىدىن بېشارە (392/243a) بېرىشمۇئۇنىڭ ئىرانىنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق بۇ ئېپىك داستانىغا قارىتا چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. «تارىخى رەشىدىي» دىكى قەدىمكى پېرسىيە پادىشاھى ئانۇشىرۋاننىڭ دانالىقىغا دائىر «تارىخى ئاكاسىرە» («پېرسىيە پادىشاھلىرى تارىخى») ناملىق رىۋايەتتىن (Th107/126a–126b) مىرزا ھەيدەرنىڭ قەدىمكى ئىران ھەققىدىكى تەربىيىلىنىشىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بابۇرنىڭ «دىۋان»ى ۋە «مۇبەيىين» ناملىق ئەسىرىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان تەنقىدى (173/121b) ئۇنىڭ چاغاتاي تۈركىي تىلىدىكى شېئىرىي ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىدىغان پاكىت بولسا كېرەك.

ئۇلاردىن باشقا، مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىي»گە ئەينى چاغدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان دانىشمەن، ئالىم، شائىر، مۇئەممايى (تېپىشماق يازغۇچىسى)، كىتابچى، رەسسام، ئارخىتېكتور ۋە ناخشىچىلارغا ئائىت تەزكىرىلەرنى كىرگۈزگەن [(195 ـ 193) دېنىسون روس بۇ تەزكىرىنىڭ بىر قىسمىنىلا تەرجىمە قىلغان ] لىكى ئۇنىڭ تېمۇرىيلەر خانلىقى دەۋرىدە پارس تىلىدا يېزىلغان تارىخ كىتابلىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان بىر تۈرلۈك ئۇسلۇبىنى ئۆز ئەسىرىگە مۇجەسسەملەشكە تىرىشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ[①].

## 3

يۇقىرىقى مەلۇماتلار ئاساسىدا «تارىخى رەشىدىي» ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك يەكۈنگە ئېرىشەلەيمىز:

1. ئۆزۈندىن بۇيان تارقىلىپ كەلگەن ماتېرىياللارنى قوشقان ھالدا، مۇسۇلمان يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان توققۇز تۈرلۈك تارىخ كىتابى، تۆت تۈرلۈك جۇغراپىيە كىتابى، تۆت تۈرلۈك تەزكىرە ـ تەرجىمىھال تىپىدىكى ئەسەر ھەمدە سوپىزم ئومۇمىي بايانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچىلىغان دىنغا ئائىت كىتابلارنى پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلغان ئاساستا يېزىلغان ئەسەر.

2. مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخ كىتابىغا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەدىبلەر تەرىپىدىن يېزىلغان شېئىر، رىۋايەت قاتارلىق تۈرلەرنى كىرگۈزگەنلىكى بۇ ئەسىرىگە ئەدەبىي تۈس قوشۇش ئۈچۈن ئىزدەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

3. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مىرزا ھەيدەر ئۆز ئەسىرىدە پارس تىلىدا يېزىلغان تارىخ كىتابلىرىدا بولۇپمۇ تېمۇرىيلەر سۇلالىسىدىن بۇيان قوللىنىلىشقا باشلىغان بىر خىل يېڭى ئۇسلۇبنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، مىرزا ھەيدەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدا ئىشلىتىلىۋاتقان تىلنىڭ تۈركىي تىل ئىكەنلىكىگە قارىماستىن، «تارىخى رەشىدىي» يېقىنقى زامان پارس تىلىدا يېزىلغانلىقىدىن ئىبارەت تاشقى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئىچكى جەھەتتە ساقلانغان ئۇسلۇب تەرەپتىن سۆزسىز ھالدا يېقىنقى زامان پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىنى بويلاپ ماڭغان مۇنەۋۋەر ئەسەردۇر.

---

① مىرزا ھەيدەر بۇ ۋاقىتتا بابۇر بىلەن ئوخشاش. «بابۇرنامە»گە ھىراتنىڭ ھۆكۈمرانى سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ئوردىسىدا پائالىيەت قىلغان ئەمىر، سەردار، ۋەزىر، ئالىم، شائىر، رەسسام، كىتابچى، دورىگەر قاتارلىقلارغا دائىر تەزكىرىلەر كىرگۈزۈلگەن. بابۇرنىڭ بۇ بايانلىرىنىڭ مىرزا ھەيدەرگە تەسىر كۆرسەتكەنلىك ئېھتىماللىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى توغرىسىدا مەزكۇر ماقالە كىرگۈزۈلگەن كىتابنىڭ 1 ـ بۆلۈم 5 ـ بابىدا توختالغان.

ئەمما، بۇ يەكۈننى تۇرغۇزۇپ، ئېلىئاس، دېنىسون روسسنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە كىتابىنى قايتا مۇھاكىمە قىلىپ كۆرسەك، ئۇنىڭدا چوڭ بىر سەۋەنلىكنىڭ ساقلانغانلىقىنى بايقىيالايمىز. ئۇ بولسىمۇ ئېلىئاسنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا دائىر تۈپ يېتەكچى پرىنسىپقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدىن ئىبارەت. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئېلىئاس مىرزا ھەيدەر ئۆز كىتابىدا نەقىل كەلتۈرگەن كۆپلىگەن قىزىقارلىق شېئىر، رىۋايەتلەر ۋە دىن (ئاساسلىقى سوپىزم)غا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى قاتارلىقلارنى موغۇل تارىخى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى يوق دەپ قاراپ، تەرجىمە جەريانىدا چىقىرىۋەتكەن. لېكىن، نېمىلەرنىڭ موغۇل تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈش ئەسلىدىلا سۇبيېكتىپ مەسىلىدىن ئىبارەت. ئېلىئاسنىڭ بۇ قىلمىشى ئۇنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە كىتابىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «تارىخى رەشىدىي»نىڭ پۈتكۈل گەۋدىسىنى توغرا ئىگىلەشكە قادىر بولالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن تەنقىدلىنىشكە تېگىشلىك. بولۇپمۇ، موغۇل تارىخى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان نەقشبەندىيە مەزھىپىگە دائىر بايانلارنىڭ تەرجىمىدە پۈتۈنلەي دېگۈدەك چىقىرىپ تاشلىنىشىنى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش دېمەي تۇرالمايمىز.

1996 - يىلى ئامېرىكىلىق ساككىستون تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلغان «تارىخى رەشىدىي»نىڭ نەشرگە تەييارلانغان تېكىستى ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ئېلىئاسنىڭ كىتابىدىكى سەۋەنلىكلەرنى مەلۇم دەرىجىدە ياپقان دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئەمما، نەشرگە تەييارلانغان بۇ تېكىستنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن قوللىنىلغىنى ئازراقلا پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل قوليازمىدىنلا ئىبارەت. شۇ سەۋەبتىن، ساككىستون تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان تېكىستنى ھەرگىزمۇ تەلەپنى قاندۇرالايدۇ، دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا، بۇ مۇكەممەل بولمىغان تېكىست ئاساسىدا ئىشلەنگەن ئۇنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىمۇ مۇكەممەل نەرسە دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. دىنغا دائىر ئىلمىي ماقالە قاتارلىقلار بۇ قېتىمقى تەرجىمىدىمۇ قىسقارتىۋېتىلگەن.

بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، يېقىندا ئۆزبېكىستاندا ئورۇنبايېفلار تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلغان رۇسچە تەرجىمىسى سۈپەتلىك تۆت تۈرلۈك قوليازمىدىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، نىسبەتەن توغرا تۇرغۇزۇلغان تېكىستنى ئاساس قىلغان بولۇپ، قىسقارتىلمىغان، ئۇنىڭ قىممىتى نىسبەتەن يۇقىرى. لېكىن، بۇ تەرجىمىدە ئاساس قىلىنغان قوليازما تېكىستى ئاشكارا نەشر قىلىنمىدى.

مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئوتتۇز خىلدىن ئارتۇق قوليازمىسى ئىچىدىكى مۇنەۋۋەرلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەنگەن (نەشرگە تەييارلانغان) تېكىستلەرنى نەشر قىلدۇرۇش، شۇ ئاساستا يېڭى تەرجىملىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ناھايىتى چوڭ دەپ ئېيتماي تۇرالمايمىز.

(تەرجىمە قىلغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

(ياپونىيە شيوكادو نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 - يىلى 2 - ئايدا نەشر قىلىنغان « ‹بابۇرنامە› ھەققىدە تەتقىقات 4 - كىتاب، تەتقىقات قىسمى ‹بابۇر ۋە ئۇنىڭ دەۋرى›» دېگەن كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.)



# تارىخ ئۇنتۇمايدۇ

(شائىر ۋە تارىخچى مەرھۇم مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى خاتىرىسىگە)

مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

تارىخ — ئىنسانىيەتنىڭ بارلىققا كېلىش، راۋاجلىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىش جەريانى دېمەكتۇر. ئۇنىڭغا ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئۇتۇق - مۇۋەپپەقىيەتلىرى، غەلىبە - سەمەرىلىرى، شۇنىڭدەك ھالاكەت، مەغلۇبىيەتلىرى، ئەگرى - توقاي قىسمەتلەر بىلەن تولغان ھاياتلىق پائالىيەتلىرىدىن يەكۈنلەنگەن قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلىرى پۈتۈلگەن بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئىنسانىيەت تارىخى دېمەك — يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، ئازلىقتىن كۆپىيىش، كىچىكلىكتىن زورىيىش، مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىش، غالىبىيەتتىن قەد كۆتۈرۈش، پەسىزلىك بىلەن تىز پۈككەنلەر قۇل بولۇش، ئەقىل ۋە جاسارەت بىلەن مۇشت تۈگكەنلەر خوجايىن بولۇش تارىخى دېمەكتۇر. بۇ ماكرو جەھەتتە بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ جەريان - مەزمۇنى بولسا، مىكرو جەھەتتە بىر دۆلەت، بىر مىللەت تارىخىنىڭ ئۆزىگە خاس جەريان - مەزمۇنىدۇر.

يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يەنە بىر ئىنقىلاب خاراكتېرلىك مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى نامايان قىلدى. ئىنسانىيەت تارىخى يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەنلا خاتىرىلىنىشكە باشلىغان بولۇپ، ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ھەرقايسى دەۋرلەردە ۋە ھەرقايسى جايلاردا ئوخشىمىغان تەبىقە كىشىلىرى تەرىپىدىن مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارىي رەۋىشتە شۇ دەۋرنىڭ، شۇ جاينىڭ ھەم شۇ خەلقنىڭ تارىخى خاتىرىلىنىپ كەلگەن. ئىنسانىيەت تارىخى مانا شۇ ھەرقايسى دەۋرلەردە، ھەرقايسى جايلاردا بارلىققا كەلگەن خەلقلەر تارىخىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدۇر. ھەرقايسى مىللەت - قوۋملارنىڭ تارىخى بولسا، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئاجرالماس تەركىبىي قىسىملىرىدۇر. بىر دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇ دۆلەتنىڭ تارىخى شۇ دۆلەتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تارىخىنىڭ مۇجەسسىمىدۇر. ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر قاتارى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە بىر ئۆلۈش ھەسسە قوشۇپ كېلىۋاتقان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. خەلقىمىز ئىنسانىيەتنىڭ، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ مىللىي

تۈركۈملۈك بىر ئەزاسى سۈپىتىدە باشقىلار بىلەن ئورتاق تارىخ ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۆزىگە خاس مىللىي تارىخ ئەنئەنىسىگىمۇ ئىگە.

ئىنسانىيەت 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇپ، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ شانلىق مەزگىللىرىنى قوچۇۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، مەۋجۇتلۇق پائالىيەتلىرى جەريانىدىكى كۆلكە بىلەن يىغىدىن پۈتۈلگەن قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنىڭ مۇجەسسىمى ھېسابلانغان تارىخ تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئەجدادلار روھىدىن ئۆلگە، تارىختىن ساۋاق ئېلىپ، مىللەتنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، يېتىپ كېلىۋاتقان خىرىس ۋە رىقابەتكە تاقابىل تۇرۇش ھەم ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلىشىشقا شارائىت ھازىرلاش نۆۋەتتىكى تەخىرسىز مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا تارىخ ئاساسەن تارىخىي خاتىرە ـ تەزكىرە شەكلىدە قەلەمگە ئېلىنىپ كەلگەن بولۇپ، يېقىنقى 200 يىلدىن بۇيانقى ئېلىمىز ئىچى ـ سىرتىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، بۇ خىل مەشغۇلات ھەرقايسى دەۋرلەردە دېگۈدەك جارى بولۇپ كەلگەن. جۈملىدىن خەلقىمىزدە«شەجەرىسىز ئۇرۇق ـ قوۋم، خاتىرىسىز سورۇن، ۋەقە، تەزكىرىسىز جاي ـ ماكان، قەبرە، مازار، نەسەبنامىسىز چوقا (باش)، رىسالىسىز كاسىپ ـ ھۈنەرۋەن، دىۋانسىز ئوردا ـ مەھكىمە، ھۆكۈمدار، ئەنگە ئېلىنمىغان ھودۇد ـ چېگرا، تاغ ـ دەريا، سۇ، كۆل، ئورمان، كان، مەدەن، يايلاق، مال ـ چارۋا، باغ ـ ئېكىنزار، سودا، دېھقانچىلىق، ھۈنەر، تىرىكچىلىكلەر... بولماسلىقى» ھەرقاچان تەكىتلىنىپ ۋە تەپتىش ـ نازارەت قىلىنىپ كەلگەن. ئەنە شۇنداق تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق بۇ مەشغۇلات نەتىجىسىدە تارىخىمىز ئەڭ دەسلەپتە تارىشىغا ھەم تاشقا، كېيىن بولسا خوتەن قەغىزىگە پۈتۈلۈپ تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي جەرياندا ھەر تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەقە ـ ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن، بۇ قىممەتلىك پۈتۈك ـ ۋەسىقىلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. شۇنداقتىمۇ تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدىن ئامان قالغان خېلى كۆپ ۋەسىقىلىرىمىز ئېلىمىز ئىچى ـ سىرتىدىكى مۇزېي، كۈتۈپخانىلاردا ھېلىغىچە ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

بۈگۈنكى كۈندە بىز قىسمەتكە باي تارىخىمىزنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك يازما خاتىرىلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا (بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تېخى ئېلان قىلىنمىغاچقا، جامائەت ئۇلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلاردىنلا خەۋەردار)، ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلىشىپ كەتكەن، پاراكەندىچىلىك بىلەن تولغان تارىخىي ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ ماھىيەت ـ ھەقىقىتىنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆزىتىپ، چىۋەرلىك بىلەن بايقاپ، قانچىلىغان تۈنلەردە قارا چىراغ ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىش بەدىلىگە تارىخىمىزنى قەلەمگە ئېلىپ بىزگە قالدۇرغان شىجائەتلىك تارىخچى ئۆلىما ـ ئۇستازلىرىمىزغا ئىختىيارسىز ھالدا ئاپىرىن ـ تەھسىنلەر ئوقۇماي تۇرالمايمىز. ئاشۇ تارىخىي ئابىدىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ تىلغا ئېلىشقا مۇمكىن بولمىسىمۇ، «مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرى»دىن باشلاپ، «تارىخى رەشىدىي»، «تارىخى رەشىدىي ـ زەيلى»، «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «زەپەرنامە»، «غازات دەرمۈلكى چىن»، «تارىخى ئەمىنىيە» ۋە «تارىخى ھەمىدىي» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تارىخ ـ تەزكىرىچىلىكىمىزنىڭ نامايەندىلىرى سۈپىتىدە ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالىمىز.

تارىخىمىز 20 ـ ئەسىرگە كىرىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەنئەنىۋى تەزكىرىچىلىكىمىز تارىخ تۇيغۇسى يېتىلگەن بىر قىسىم ئوغلانلىرىمىزنىڭ تارىخقا مەسئۇلىيەت بىلەن قاراپ خاتىرىلىشى نەتىجىسىدە ئۆز ئىزىنى تېپىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن نامايەندىلەرنىڭ داۋامى تەركىبلىرى سۈپىتىدە قەلەمگە ئېلىندى. بۇ خۇسۇستا نەزەر سالىدىغان بولساق، كەم تېپىلىدىغان غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن ئىشقا كىرىشىپ، يۇرت تارىخىنى يورۇتۇش يولىدا خالىس ھىممەت بىلەن ئەجىر قىلغان، ھاياتلىقىدا تېگىشلىك ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، نۆۋەتتە كەلگەندە تەزكىرىچىلىك

تارىخىمىزنىڭ ئالتۇن بەتلىرىگە نامى پۈتۈلگۈسى مۆھتەرەم ئەزىزلىرىمىزدىن ئىلى رايونىدىن نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت (ئۇيغۇر بالىسى)، ئىمىنجا باھاۋىددىن، تېيىپجان ھادى، قۇمۇل رايونىدىن ھاپىز نىياز، ئابدۇللا ئەھمىدى، تۇرپان رايونىدىن خېۋىر تۆمۈر، ئاقسۇ رايونىدىن مۇھەممەدئىمىن بائىزىي، قەشقەر رايونىدىن ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم، مۇھەممەدئىمىن قۇربانىي (ئىشقىي)، خوتەن رايونىدىن مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجى، ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ داموللا ھاجى ... قاتارلىقلارنىڭ نامى ھەرقاچان كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ.

بىزنىڭ بۇ يەردە زىكرى قىلماقچى بولغىنىمىز ئەنە شۇلاردىن بىرى، 20 ‐ ئەسىردە خوتەندە ياشاپ، ئازغىنە كەم بىر ئەسىرلىك ھاياتىنى خوتەن تارىخىنى يورۇتۇش يولىدىكى ئىلمىي، ئىجادىي مەشغۇلات بىلەن ئۆتكۈزگەن ھۆرمەتلىك ئۇستاز، شائىر ۋە تارىخچى مەرھۇم مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجىنىڭ ئۆمۈر بايانىدۇر.

مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجى ئۆزىنىڭ يۈز بېيىتلىق نەزمىي تەرجىمىھالىدا:

«مىڭ توققۇز يۈز يەتتىدە كېلىپدۇرمەن دۇنياغا،
ئاتا ‐ ئانام خۇش بولۇپ يۆرگەپتۇرلەر تاۋاغا...»

دەپ يازغىنىدەك، 1907 ‐ يىلى 11 ‐ ئاينىڭ 9 ‐ كۈنى خوتەن (ئىلچى) شەھىرىنىڭ ئورداكۆلبېشى مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى روزىبەگ ھاجىم بىلەن ئانىسى توختىخان ھاجىم خوتەندە ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈمەتدارچىلىق بىلەن ئۆتكەن بەگ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. جۈملىدىن، ئانىسى توختىخان ھاجىم خوتەن تارىخىدىكى مەرىپەتپەرۋەر ھۆكۈمدار ئەلىشىر ھاكىمبەگنىڭ پەننەرىسى ئىدى.

مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجى ئائىلىسىدىكى ئەۋزەل شارائىتلار تۈپەيلى تۆت يېشىدىلا خوتەن شەھىرىنىڭ غۇجامكۆلبېشى مەھەللىسىدىكى مۇدەررىس ئەھمەد ھاجىمنىڭ باشلانغۇچ دىنىي مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئەينى چاغدا خوتەندىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتى ھېسابلىنىدىغان يېڭىشەھەر جامە مەدرىسىسىگە ئوقۇشقا كىرىپ، مەشھۇر مۇدەررىس ئۆلىما نەمىتۇللا ئاخۇنۇمنىڭ تەربىيىسىگە ئۆتكەن. 1919 ‐ يىلدىن 1922 ‐ يىلغىچە بۇ مەدرىسىدە ئوقۇش جەريانىدا كۈندىن ‐ كۈنگە ئەقىل كۆزى ئېچىلىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىۋاتقاندا، ئاتىسى ئۇنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەج قىلىشقا ئېلىپ كېتىدۇ.

ئۇ چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1924 ‐ يىلدىن باشلاپ خوتەن پوچتىخانىغا خىزمەتكە كىرىدۇ. 1927 ‐ يىلى خىزمەتتىن چېكىنىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ دەسمايە سېلىپ بېرىشى بىلەن خوتەن ‐ قەشقەر ئارىلىقىدا سودىگەرچىلىك قىلىشقا باشلايدۇ. 1933 ‐ يىلى خوتەن قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندە، قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسىدىن كېيىن تەشكىل قىلىنغان خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بىلەن يەنە پوچتىخانىدا خىزمەت قىلىدۇ. 1935 ‐ يىلى ماخۇسەن خوتەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، قاراقاشقا ھاكىم بولۇپ تەيىنلەنگەن چوڭ ئاكىسى يۈسۈپ بەگھاجىنىڭ يېنىدا 1937 ‐ يىلىغىچە ئۇنىڭ مەھرىمى بولۇپ تۇرىدۇ. 1937 ‐ يىلى قاراقاشتىن خوتەنگە قايتىپ، گۈلباغ رەستىسىدە دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلىدۇ.

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ۋە بايلارنى تۇتۇپ باستۇرۇشقا كىرىشكەندە، 1938 ‐ يىلى مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجىنىڭ ئاكىسى يۈسۈپ بەگھاجىمۇ تۇتقۇن قىلىنىپ، بارلىق مال ‐ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجىنىڭ تۆت ئېغىزلىق دۇكىنىمۇ شۇ قاتاردا مۇسادىرە

قىلىنىدۇ. بارلىق دەسمايىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجى روزىغارنى تەۋرىتىشكە باشقا ئىلاجى بولمىغاچقا، يېزىغا چىقىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئۇ ھاياتىدا يۇقىرىقىدەك بىرقاتار ئەگرى ـ توقاي كەچمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر تەرەپتىن تىرىكچىلىكىنىڭ غېمىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەدرىسىدە ئوقۇغان چاغلىرىدا پەيدا بولغان شېئىر ـ نەزمىگە بولغان ئىشتىياقىنىڭ تۈرتكىسىدە يېنىدا ساقلاپ يۈرگەن نەۋائىي، ھۇۋەيدا، فۇزۇلىي قاتارلىق شائىرلارنىڭ دىۋانلىرىنى ئوقۇپ، ئۇلاردىن ئىلھام ئالىدۇ ۋە ئۆزىگە تەسىر قىلغان ھادىسىلەر توغرىسىدا ئاددىي شېئىرلارنى يازىدۇ. مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە، جۈملىدىن ئەدەبىيات ۋە تارىخ ئۆگىنىشكە بولغان ھەۋىسى توغرىسىدا بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك: ئۇ 1927 ـ يىللىرى قەشقەر بىلەن خوتەن ئارىلىقىدا سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرگەن مەزگىلىدە قەشقەردىن بۇخاراغا ئوقۇغىلى بارغان ئىككى نەپەر تالىپنىڭ قايتىشىدا بۇخارادىن ئەرزان باھادا ئەكەلگەن بەش ئۇلاغ كىتابنى قەشقەردە ساتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. بىر ـ بىرىدىن ئېسىل كىتابلارنى كۆرۈپ، گويا غايىب خەزىنىگە ئۇچرىغاندەك ھاياجانلىنىپ كەتكەن بەگھاجى خۇشاللىقتا تالىپلار بىلەن تالىشىپ يۈرۈپ، تۆت ئۇلاغ كىتابنى بىراقلا سېتىۋېلىپ خوتەنگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ خوتەندە بۇ كىتابلارنىڭ بىر قىسمىنى ئەھمەد ھاجى، نەمىتۇللا ئاخۇنۇم قاتارلىق ئۇستازلارغا ھەدىيە قىلغاندىن باشقا، ئەدەبىيات ۋە تارىخقا ئائىت كۆپ قىسمىنى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ، ئوقۇپ مۇتالىئە قىلىشقا كىرىشىدۇ.

ئۇنىڭ 1930 ـ يىللاردا يازغان شېئىرلىرىنى دەسلەپتە شائىر مۇھەممەدتۇردى قاسىمى[①] كۆرۈپ پىكىر بېرىپ يېتەكلىگەن بولسا، 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇ شائىر بىلال ئەزىزى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، يازغان ئەسەرلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ پىكىر ئېلىپ، ئىجادىي قابىلىيىتىنى قەدەممۇقەدەم ئۆستۈرۈشكە تىرىشىدۇ، ۋەتەن ھەم مىللەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ.

ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئىش شۇكى، 19 ـ ئەسىردە يۇرۇڭقاشتا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىما باھاۋىددىن ئەلەم ھاجى «سائادەتۇل ـ ئۇمرا» («ئۇمۇر سائادەتلىرى») دېگەن نام بىلەن 40 باب، 97 پەسىلدىن تەركىب تاپقان زور ھەجىملىك بىر كىتاب تەسنىف قىلغان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى بابى «ئەسرارى خوتەن» دەپ ئاتىلىپ، مەخسۇس خوتەن تارىخىغا بېغىشلانغانىكەن. باھاۋىددىن ئەلەم ھاجى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بۇ كىتابنى يۇرۇڭقاشنىڭ مىڭبېگى يۈسۈپبەگكە ئىمكانىيەت بولغاندا جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى ۋەسىيەت قىلىپ تاپشۇرغان. كېيىنكى مەزگىللەردە يۈسۈپبەگ ئۇ كىتابنى مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجىغا بەرگەن. مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجى بۇ كىتابنى 1940 ـ يىللارغىچە ئۆز يېنىدا ساقلاپ، قايتا ـ قايتا ئوقۇپ ئۆزلەشتۈرگەن. نەتىجىدە تارىختا بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ كۈچىيىپ، خوتەن شەھىرىدىكى تارىخ بىلىدىغان مويسىپىت ئۆلىمالارنى ئىزدەپ تارىخ ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. ئۇ شۇ جەرياندا ئىلگىرى ياقۇپبەگنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، ياقۇپبەگ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن خوتەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاخۇن قېزىبەگ دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان «تەزكىرەئى خوتەن» دېگەن كىتابنى ئۇچرىتىدۇ ۋە بۇ كىتابنىمۇ ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ ئۆگىنىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرى شىنجاڭدا كەينى ـ كەينىدىن ئەگرى ـ توقاي ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى تولىمۇ كەسكىنلىشىپ

---

① مۇھەممەدتۇردى قاسىمى ــ «خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئۈچ يىللىق پىغانى» دېگەن شېئىرنىڭ ئاپتورى بولۇپ، خوتەندە كۆزگە كۆرۈنگەن دېموكراتىك شائىر ئىدى. ئۇ 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

كەتكەنىدى. بۇ خىل داۋالغۇشلار خوتەنگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنىدى، ئەلۋەتتە. جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك تەڭسىزلىكلەر، ھۆكۈمرانلارنىڭ مۇستەبىتلىكى، ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى چىرىكلىك، پارىخورلۇق ۋە ھوقۇق - ئەمەل تەمەسىدە ئەۋج ئېلىپ كەتكەن چېقىمچىلىق - مۇناپىقلىقلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئازابلانغان مۇھەممەدئابدۇللا 1942 - يىلىدىن 1946 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا «قىياپىتى زامان»، «ۋىجدانسىزلار»، «ھايات يوللىرى»، «شەۋقۇل - شەرەفۇل - ۋىجدان - ئىنسان» سەرلەۋھىلىك شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە بولغان قايغۇسىنى، شۇنداقلا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، يالىقىنى يالاۋاتقان ۋىجدانسىز مۇناپىقلارغا بولغان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدەك، بارلىق پالاكەتنىڭ بىلىمسىزلىك، نادانلىقتىن كېلىدىغانلىقىنى، خەلقنى ئىلىم - مەرىپەت بىلەن قوراللاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى دەلىللەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ بۇ ئەسەرلىرى بىلەن بىرگە يەنە، ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىدە يېزىشنى ئويلاپ تەييارلىق كۆرۈپ كېلىۋاتقان خوتەننىڭ مىڭ يىللىق تارىخىغا بېغىشلانغان چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي تارىخىي ئەسىرى «تارىخى ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن»نى يېزىشقا كىرىشىدۇ.

شائىرنىڭ «ۋىجدانسىزلار» دېگەن شېئىرى 1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئون بىر ماددىلىق «تىنچلىق بىتىمى»نىڭ روھىغا ئاساسەن، خوتەندە ئېلىپ بېرىلغان دېموكراتىك سايلامدا خەلق بىلەن قارشى مەيداندا - ئەكسىيەتچىلەر تەرەپتە تۇرۇپ، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يەرلىك قولچوماقلىرى ئەخمەتتوختى ئەلەم (خوتەننىڭ شۇ چاغدىكى قورچاق مۇئاۋىن ۋالىيسى) قاتارلىقلارنىڭ مۇناپىقلارچە قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان بولۇپ، بۇ شېئىر جەمئىيەتتە تارقالغاندىن كېيىن كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ئەخمەتتوختى ئەلەم 1947 - يىلى 17 - ئىيۇلدىكى سىياسىي تۇتقۇن قىلىش ۋەقەسىدە مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجىنىمۇ تۇتۇپ، ئۇنى چوماقلاپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجى ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، قاراقاش ئاقتامدىكى بۇرھان ھەزرىتىمنىڭ يېنىغا بېرىپ پاناھلىنىدۇ.

ئەخمەتتوختى ئەلەمنىڭ چوماقچىلىرى مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجىنى ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ئۇزۇندىن بۇيان توپلىغان 500 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب - ماتېرىياللىرىنى ھەم ئۆزى يازغان ئەسەرلىرىنىڭ قولىيازمىلىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ. بۇلاپ كېتىلگەن بۇ ماتېرىياللار شۇ چاغدىلا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، بەختكە يارىشا شائىر كېيىنكى چاغلاردا ئۆزىگە شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن قىممەتلىك تارىخىي ئەسىرى «تارىخى ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن»نى باشقا جايغا يوشۇرۇپ قويغاچقا، بۇ ئەسەر شۇ قېتىمقى ئاپەتتىن ئامان قالىدۇ.

1949 - يىلى شىنجاڭ ئازاد بولۇپ، خوتەندىمۇ ئازادلىق شادىيانلىرى ياڭراشقا باشلىغاندا، مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجى ئازادلىق خۇشاللىقىغا چۆمگەن بولسىمۇ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «ئەكسىيەتى كىتاب يازغان» دېگەن گېپى بىلەنلا 1951 - يىلى تۈرمىگە تاشلىنىپ، 1956 - يىلىغىچە تۈرمىدە ياتىدۇ. بەختكە يارىشا، 1956 - يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدىن ئۇيغۇر سايرانى، ئابدۇرېشىت ئىسلامى ۋە ئەنۋەر بايتۇرلار ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت قەدىمكى كىتابلارنى يىغىۋېلىش خىزمىتى بىلەن خوتەنگە كېلىدۇ. بۇ چاغدا مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجىنىڭ مەدرىسىدە ئوقۇغان چېغىدىكى ئۇستازى، خوتەندە كۆزگە كۆرۈنگەن مەرىپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر زات ئەھمەد ھاجى ئۇلارغا مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجىنىڭ خوتەن تارىخى ھەققىدە كىتاب يازغانلىق «گۇناھى» ئۈچۈن تۈرمىدە ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ھەققىدە مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجى شۇنداق يازىدۇ:

دەردۇ ئەلەم، كۆلپەتتە يېتىپ ئىدىم ھەيرانى،
يېتىپ كەلدى خوتەنگە بۇ دەم ئۇيغۇر سايرانى.
ئىزدەپ كەلگەن ئىگەنلەر خوتەندىكى ئەسەرنى،
ئەھمەد ھاجىم ئېيتىپتۇ مەندەك خۇنى جىگەرنى.
مېنى ئېلىپ كەلدىلەر باش ساقچىغا كۆپ ئىلدام[1]،
قاراپ تۇرغان ئىگەنلەر ئابدۇرەشىد ۋە ئىسلام.
ئېلىپ قولغا كىتابنى ئازاد قىلدى تۇرمىدىن،
ئەجەب قاتتىق، دەھشەتلىك بۇ قاراڭغۇ زۇلمىدىن...

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجىنى تۇرمىدىن ئاجرىتىپ، ئۇنىڭغا خوتەن تەۋەسىدە ساقلانغان قەدىمكى كىتاب ـ قولیازمىلارنى ئىزدەپ تېپىپ ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپشۇرۇپ، «تارىخى ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن» كىتابنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ. مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجى شۇ چاغلاردا خوتەندە كۆزگە كۆرۈنگەن يەنە بىر ھۆرمەتلىك شائىر مۇھەممەد ئىبراھىم ئاخۇنۇم (فەنايى) بىلەن بىرلىكتە قەدىمكى كىتابلارنى يىغىش ئىشىغا كىرىشكەن بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەرلىك مىللەتچىلەرنى تازىلاش ھەرىكىتى باشلىنىپ، مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجى «يەرلىك مىللەتچىلەرگە كىتاب يوللاپ بەرگەن» دېگەن تۆھمەت بىلەن شەھەردىن قوغلاندى قىلىنىپ، قاراقاش دەرياسىغا رىجىم ئاستىدا تاش يىغىش ئەمگىكىگە ئەۋەتىلىدۇ. 1960 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا بولغان بېسىم تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ، خوتەن شەھىرىدىن يۈزنەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چۆلگە بوز يەر ئېچىشقا ئائىلىسى بىلەن ھەيدىلىدۇ. شائىر ئۇ يەردە ھازىرقى يالغۇزجىگدە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە 1981 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىلىرىغىچە بوز يەر ئاچىدۇ.

1979 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى قولغا ئېلىنىپ، بۇ خىزمەتكە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق ئىلىم ئەھلىلىرى جەلپ قىلىنىدۇ. شۇ قاتاردا خوتەندىن ھۆرمەتلىك زات، ئالىم ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ داموللامۇ مەزكۇر خىزمەت ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىدۇ. داموللام بۇ جەرياندا كۇتۇپخانىدىكى قەدىمكى كىتابلار ئارىسىدا مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجىنىڭ «تارىخى ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن» دېگەن ئەسىرىنىڭمۇ ساقلانغانلىقىنى، ئەمما كىتاب ئۈستىگە چاپلانغان باغاقچىدا «بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئالەمدىن ئۆتكەن» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ داموللام رەھبەرلىككە مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجىنىڭ خوتەندە تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى، ئەپسۇسكى ئۇنىڭ جاڭگالدا ئېغىر ئەمگەك ئاستىدا قىينىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. 1981 ـ يىلى ئابدۇرېشىت ئىسلام قاتارلىق تەتقىقاتچىلار خىزمەت بىلەن خوتەنگە كەلگەندە، مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجىنى بوز يەردىن ئاچقىتۇرۇپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەمدى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئىشتىياق بىلەن ئىجاد قىلىدىغان دەۋرنىڭ كەلگەنلىكىنى، خاتىرجەم ھالدا قولغا قەلەم ئېلىپ داۋاملىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ ھەمدە تەشكىلگە ئۇنى بوز يەردىن يۆتكەپ چىقىش تەكلىپىنى بېرىشىدۇ.

---

[1] ئىلدام ـــ تېز. ئىتتىك دېگەن مەنىدىكى يەرلىك شېۋە.

1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىنوف ھامىد خىزمەت بىلەن خوتەنگە كېلىدۇ. بۇ چاغدا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئەنۋەر بايتۇرمۇ خوتەندە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، بۇلار مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجىنى ئالاھىدە يوقلايدۇ ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە تونۇشتۇرۇپ، شۇلار ئارقىلىق نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئاقلايدۇ ھەم خوتەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلىنىپ، مۇۋاپىق تەمىنات بىلەن تۇرمۇشىمۇ كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەر جەھەتتىن خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن بۇ ناتىۋان قەلەم ساھىبى قايتىدىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئەل - يۇرتنىڭ باياشاتلىقىغا يۈزلىنىۋاتقان يېڭىچە قىياپىتىنى، ئۆزىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇپ، يېڭى ھاياتقا قەدەم قويغاندىن كېيىنكى خۇشاللىقلىرىنى تېما قىلغان خېلى كۆپ شېئىرلارنى يازىدۇ. خوتەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنى رەتلەش خىزمىتىگە ياردەملىشىپ، خوتەننىڭ چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدىكى تارىخىغا ئائىت كۆپلىگەن ئەسلىمە - ماقالىلەرنى يازىدۇ. ئابدۇرېشىت ئىسلام، ئەنۋەر بايتۇر، ھاجى نۇرھاجى قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن «تارىخى ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن» دېگەن ئەسىرىنى «خوتەن تارىخى» دېگەن نام بىلەن نەشرىيلەشتۈرۈپ يېزىپ چىقىدۇ. خوتەننىڭ ھەببۇللا مۇفتىھاجى ھاكىمىيىتىدىن بۇيانقى تارىخىي ۋەقەلىكلىرى بايان قىلىنغان «خوتەن ۋاقىئاتلىرى» دېگەن يەنە بىر تارىخىي ئەسىرىنى يازىدۇ.

ئۇ 1985 - يىلى شەرەپلىك ھالدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى قارىمىقىدىكى تارىخ تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىنغانلىق گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ ھەم شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىرقانچە قېتىملىق تارىخ تەتقىقاتى مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ داۋاملىق شېئىر ئىجادىيىتى ۋە تارىخىي ئەسلىمە يېزىشقا كىرىشىپ، كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ «يېڭى قاشتېشى»، «خوتەن گېزىتى»، «تارىم» قاتارلىق گېزىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرىدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن يازغان شېئىرلىرىنى يىغىپ دىۋان تەرتىپىدە رەتلەپ چىقىدۇ. 1985 - يىلىدىن باشلاپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يازغان 20 پارچىگە يېقىن تارىخىي ئەسلىمىسى «يېڭى قاشتېشى»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، «خوتەن ناھىيىسى تارىخ ماتېرىياللىرى» قاتارلىق ژۇرنال ۋە مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدا زىكرى قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىلىم - مەرىپەت ھېرىسمەنلىكى ۋە ئەدەبىي - تارىخىي يېزىقچىلىق ئىشتىياقى بىلەن غەرەزسىز ئۆتكۈزگەن، بىر ئەسىرگە يېقىن ھاياتىدا پاراغەتتىن مۇشەققەتتى كۆپ بولغان بۇ زاتى مۇبارەك 1998 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خوتەن شەھىرىدىكى ئۆيىدە 91 - يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. مەرھۇمنىڭ جەسىتى خوتەن شەھىرىدىكى سۇلتانىم قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

مەلۇمكى، تارىختا «شەھىدانە خوتەن» دەپ نام ئالغان قەدىمكى ماكان خوتەننىڭ تارىخى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرىدۇر. ۋەھالەنكى، بۇ يۇرتنىڭ تارىخى ھەرقايسى دەۋرلەردە مۇشۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قەلەم ئەھلىلىرى تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان تارىخىي مەنبەلەر ئاساسىدا دېگۈدەك چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىنمىدى. شۇنداقتىمۇ، شىنجاڭ تارىخى ھەم ئۇيغۇر تارىخى بويىچە تەشكىللىك ياكى ئايرىم ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش، تەتقىقاتلار ئېھتىياجى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆپلىگەن نوپۇزلۇق تارىخشۇناس ئالىملار خوتەنگە كېلىپ، خوتەننىڭ قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان تارىخى، بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخى ۋە يەر ناملىرى ھەققىدە مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجى بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولغان. چىڭ

سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ۋە مىنگو دەۋرىدىكى خوتەن تارىخىنىڭ تىرىك شاھىتى، خوتەن تارىخىغا ئائىت كۆپلىگەن تارىخىي تەزكىرە - ھۆججەتلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان بۇ مويسىپىت ئۇستاز ئۆز ھوزۇرىغا كەلگەن ئىلىم ئەھلىلىرىنى قانائەتلىنەرلىك ئۇچۇر، مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىگەن. نۆۋەتتە مەرھۇمنىڭ ھوزۇرىدا ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولغان زاتلاردىن ئۇيغۇر سايرانى، ئابلىمىت روزى، ئابدۇرېشىت ئىسلام، ئەنۋەر بايتۇر، ليۇ زىشياۋ، ئىمىنوف ھامىد، ئەھمەد زىيائى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ھاجى نۇرھاجى، ئابدۇلھەمىد يۇسۇپ دامولla ھاجى، ئوسمان ھاجىم ۋە رەجەپ يۇسۇپلەرنى ئاتاپ ئۆتسەك ئارتۇقچە بولماس.

بۈگۈنكى كۈندە مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجىدىن بىزگە مىراس بولۇپ قالغىنى خوتەن تارىخى ھەققىدىكى تۆت پارچە كىتابى ۋە ھەرقايسى ژۇرنال، مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى ئېلان قىلىشقا تەييارلانغان 20 پارچىدىن ئارتۇق تارىخىي ئەسلىمىسى ۋە بىر قىسىم شېئىرلىرىدىن ئىبارەت. ئۇ «تارىخى ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن» دېگەن ئەسىرىدە تۈرك - ئۇيغۇر زېمىنلىرى، تۈرك - ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە قىسقىچە توختالغاندىن كېيىن، ئاساسلىق قىلىپ خوتەننىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى، بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن باشلاپ چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى ياقۇپبەگ قوشۇنىنى يوقىتىپ، خوتەندە ئورۇنلاشقانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مىڭ يىلغا يېقىن تارىخى شېئىرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان.

ئۇنىڭ «خوتەن تارىخى» دېگەن ئەسىرى يۇقىرىدىكى «تارىخى ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن» دېگەن ئەسەرنىڭ نەسرىيلەشتۈرۈلگەن نۇسخىسى بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن تېخىمۇ كېڭەيتىپ يېزىلغان.

«خوتەن ۋاقىئاتلىرى» دېگەن ئەسىرىدە بولسا، 1760 - يىللىرىدىن 1937 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ خوتەندىكى ھۆكۈمرانلىقى، خوتەندە چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن كۆپ قېتىملىق قوزغىلاڭلار، بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى، ياقۇپبەگنىڭ خوتەندىكى ھۆكۈمرانلىقى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ياقۇپبەگ قوشۇنىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، خوتەندە يولغا قويغان ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى، خوتەن يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ سېلىنىشى، شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبىسىدىن كېيىن مىنگو دەۋرىدە خوتەننى باشقۇرغان ھۆكۈمدارلار، بۇ جەرياندىكى خەلق تۇرمۇشى، 1930 - يىللاردىكى خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ تەپسىلاتى، ماخۇسەننىڭ خوتەننى بېسىۋېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قاتارلىق جەريانلار ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن.

«خوتەن ناھىيىسىنىڭ تارىخى ھەققىدە ئەسلىمە» دېگەن ئەسىرىدە جۇڭخۇا مىنگونىڭ 2 - (مىلادىيە 1913 -) يىلى خوتەن ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، 1933 - يىلىدىكى خوتەن قوزغىلىڭى ۋە ماخۇسەن ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىگىچە بولغان ئارىلىقتا خوتەن ناھىيىسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن ئامباللارنىڭ ئەھۋالى خوتەندىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەقەلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر 1989 - يىلى 4 - ئايدا خوتەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن «خوتەن تارىخ ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىنىڭ 7 - قىسمى سۈپىتىدە مىخ مەتبەئەدە بېسىپ تارقىتىلغان.

خەيرىيەت، خوتەن تارىخىنىڭ پەرۋىشكارى، خوتەن خەلقىنىڭ ئىپتىخارى مەرھۇم مۇھەممەدئابدۇللا بەگھاجى يۇقىرى ئەسەرلىرى بىلەن قەلبىمىزدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ. بىز مەرھۇمنىڭ ئەسەرلىرىنى ساقلاۋاتقان ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ بۇ ئەسەرلەرنى يورۇقلۇققا چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن مەرھۇمنىڭ روھىغا ئەمىنلىك تىلەيمىز!

(ئاپتور قاراقاش ناھىيە ياۋا يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# «تەزكىرەئى ئەسھابۇل - كەھف»نىڭ كاتىپى ھەققىدە

راجەپ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2007 - يىللىق 1 -، 2 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان «تەزكىرەئى ئەسھابۇل - كەھف»تە بۇ ئەسەرنىڭ ھىجرىيە 1367 (مىلادىيە 1948) - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تۇرپاننىڭ تويۇقتا ھەمدۇللا قارىھاجى ئاخۇنۇمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى فىدائىمۇھەممەد مەخدۇمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن رەجەپ ئىبنى ھافىز موللا دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى قەيت قىلىنغان. «تەزكىرەئى ئەسھابۇل - كەھف» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم ھەم خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە بارغىنىمدا، بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىغان مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت بىلەن مۇشۇ تەزكىرە ھەققىدە پىكىرلەشتىم. ئۇ تەزكىرىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە كۆچۈرگۈچىسى ھەققىدە توختالدى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تەزكىرىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى، كۆچۈرگۈچىسى ھەققىدىكى مەلۇماتنى قايتا ئوقۇپ چىقىپ، كۆچۈرگۈچىنىڭ پىچان ناھىيە دالانكارىز يېزا يوغانقىر كەنتىدىكى رەجەپ ھافىز ئاخۇن شۇ بولۇشى مۇمكىن دېگەن قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. چۈنكى، مەن رەجەپ ھافىز ئاخۇننىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت مېنىڭ رەجەپ ھافىز ئاخۇن ھەققىدە ئېيتقانلىرىمنى ئاڭلاپ، بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ بېقىشىمنى، بۇ «تەزكىرەئى ئەسھابۇل - كەھف»نى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىپلا رەجەپ ھافىز ئاخۇننى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭدىن «تەزكىرەئى ئەسھابۇل - كەھف»نى كۆچۈرگەن - كۆچۈرمىگەنلىكىنى سورىدىم ھەمدە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2007 - يىللىق 1 - سانىنى كۆرسەتتىم. رەجەپ ھافىز ئاخۇن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تەزكىرىنىڭ ژۇرنالغا بېسىلغان قىسمىنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزى كۆچۈرگەن تەزكىرە شۇ ئىكەنلىكىنى، تەزكىرىنى كۆچۈرگەندە ئۆزىنىڭ تويۇق مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقانلىقىنى، شۇ ۋاقىتتا 18 ياشقا كىرگەنلىكىنى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلارنى ھاياجان بىلەن قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتى. بىز تۆۋەندە رەجەپ ئىبنى ھافىز موللام ۋە ئۇنىڭ

قانداق زوروريەت بىلەن بۇ تەزكىرىنى كۆچۈرگەنلىكى بىلەن تونۇشۇپ كۆرەيلى.

پىچان ناھىيىسىدە بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئەمەلىي تەجرىبىسىنىڭ مولللۇقى، جامائەت ئارىسىدىكى ئابرۇيىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان رەجەپ ئىبنى ھافىز موللا 1930 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پىچان ناھىيە دالانكارىز يېزىسىدا ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ھافىز ئاخۇن ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زات بولۇپ، ئۆز مەھەللىسىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىدى. ھافىز ئاخۇن ئوغلى رەجەپنى ئۆزىنىڭ ئىزىنى باسقۇدەك يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كىچىكىدىن باشلاپلا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، دىنىي جەھەتتىن تەلىم بېرىشكە باشلىغان. ئاتىسىنىڭ قاتتىق تەلەپ قويۇپ تەربىيىلىشى، ئەتراپلىق يېتەكلىشى، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن رەجەپ موللا توققۇز ياشقا كىرگەندە قۇرئان ساۋاتى چىقىپ، ئائىلىسىدە «نامى ھەق»، «تۇھفەتۇن ـ نەسايىھ» دېگەن كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلىغان، كېيىن ھافىز ئىمام ئۇنى دالانكارىز يېزىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن دىنىي ئۆلىما گاسىپ ئاخۇنغا ئوقۇشقا بېرىدۇ. رەجەپ ئاخۇن تەلەپچان، كۆيۈمچان گاسىپ ئاخۇننىڭ قولىدا بەش يىل ئوقۇيدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ زور تىرىشچانلىقى، ئۇستازىنىڭ ھەر تەرەپلىمە يېتەكلىشى، تەلىم بېرىشى بىلەن «نامى ھەق»، «تۇھفەتۇن ـ نەسايىھ»، «كافىيە»، «بىدان»، «مۇزى»، «زەنجانى»، «ئەۋامىل»، «ھەركات»، «مەتنى كافىيە» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ تامامالايدۇ. بۇ چاغدا رەجەپ ئاخۇن ئەرەب، پارس تىللىرىدىن ساۋاتى چىقىپ، كېيىنكى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس ھازىرلايدۇ.

ھافىز ئىمام رەجەپ ئاخۇننىڭ ئۆگىنىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى يەنە ئەينى دەۋردە شىنجاڭ بويىچە يېتۈك ئالىم دەپ نام ئالغان، تۇيۇق مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان ھەمدۇللا داموللا ھاجىغا ئوقۇشقا بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا تۇيۇق مەدرىسىدە يەنە تۇرپان رايونىدا مەشھۇر ئاتالغان ھەبىبۇللا دامولللا، گاسىپ ئاخۇنلار مۇدەررىس ئىدى. رەجەپ ئاخۇننىڭ يېڭى ئۇستازلىرى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئۇ ئىلگىرى ئوقۇپ بولغان كىتابلاردىن «زەنجانى»، «ئەۋامىل»، «ھەركات»، «مەتنى كافىيە» دېگەن كىتابلارنى قايتا ئوقۇشقا سالدى. ئۇستازلىرى ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا «شەرھى موللا»، «مۇختەسەر ۋەقايى»، «شەرھى ۋەقايى»، «فىقھى كەيدان»، شەيخ سەئىدىنىڭ «بوستان»، «گۇلىستان» قاتارلىق كىتابلاردىن تەلىم بېرىدۇ. رەجەپ ئاخۇن باشقا كىتابلارنى تىرىشىپ ئوقۇش بىلەن بىرگە «بوستان»، «گۇلىستان»نى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ، ئۇنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلايدۇ.

تۇيۇقتىن پاكىستانغا ئوقۇشقا بېرىپ، پاكىستاندا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، پاكىستان «دىيۇبەند مەدرىسە»دە بەش يىل مۇدەررىسلىك قىلغان گاسىپ ھاجى دامولللا 1947 ـ يىلى ئانا يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، تۇيۇق مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇيۇق مەدرىسىدە ئوقۇتۇش قايتا جانلىنىدۇ. گاسىپ ھاجى دامولللا مەدرىسىدىكى تالىپلارغا پاكىستاندىن ئۆزى ئېلىپ كەلگەن «تەلخىس»، «مەتنى تەلخىس»، «ئەلپىيە»، «ئىسساغۇجى»، «قالە ئەقۇل»، «ھىدايى شېرىف»، «تەپسىر جالالەيىن»، «رەۋزەتۇل ئوقالا»، «نىبتەھۇل ـ ئەدەب» قاتارلىق كىتابلاردىن تەلىم بېرىدۇ. رەجەپ ئاخۇن بۇ كىتابلاردىن كۆپرەك ئىلىم ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن، بۇ كىتابلار پەقەت

ئۇستازى گاسىپ ھاجى داموللامدىلا بار بولغاچقا، ئۇلارنى خالىغان ۋاقىتتا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇستازىنىڭ كىتابلىرىنى كۆچۈرۈپ ئوقۇش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. رەجەپ ئاخۇن بۇ پۇرسەتنى قەدىرلەپ، بىر تەرەپتىن ئۇستازىدىن تەلىم ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇستازىنىڭ كىتابلىرىدىن «ئىساغوجى»، «قالە ئەقۇل»، «بەدىل ئامالى» قاتارلىقلارنى ئەسلىدىكى يېزىقىدا كۆچۈرۈپ چىقىپ، شۇ بويىچە ئوقۇيدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرى سەۋىيىسى كۈنسايىن ئۇسۇپ بارىدۇ ھەم خەتتاتلىقىمۇ ئاساس سالىدۇ.

رەجەپ ئاخۇنىنىڭ ئىجتىھات بىلەن كىتابنى كۆچۈرۈپ ئوقۇشى ئۇستازلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇستازى ھەمدۇللا داموللا ھاجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى فىدائىمۇھەممەد مەخدۇمنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن فىدائىمۇھەممەد مەخدۇم 1948 ـ يىلى يىل بېشىدا رەجەپ ئاخۇنغا: «لۈكچۈندە ئۆتكەن مەرھۇم پىر ئۇستازىمىز ئەھمەد غوجامنىياز قۇسۇرىي قەلەمگە ئېلىپ، تۇيۇق ئەسھابۇل ـ كەھفكە ۋەخپە قىلغان «تەزكىرەئى ئەسھابۇل ـ كەھف» بىزگە قالدۇرۇلغان ئۆلمەس مىراس، بىز ئۇنى قەدىرلىشىمىز، كېيىنكىلەرگە مىراس قالدۇرۇشىمىز زۆرۈر، شۇڭا بۇ كىتابنى كۆچۈرۈپ چىقىڭ» دەپ، تۇيۇق ئەسھابۇل ـ كەھف مازارىنىڭ شەيخلىرى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەھمەد غوجامنىياز قۇسۇرىي (ئەھمەد غوجامنىياز قۇسۇرىي 1717 ـ يىلى پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازىرى مەدرىسە ئالدى مەھەللىسىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، مىلادىيە 1802 ـ يىلى «رەۋزەتۇز ـ زەھرا» ناملىق داستاننى، «دۇرۇل ـ ئىمان» دېگەن كىتابنى يازغان، «قەسىدە بۇردىيە» دېگەن ئەسەرنى تەرجىمە قىلغان، مىلادىيە 1827 ـ يىلى ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان) قەلەمگە ئالغان «تەزكىرەئى ئەسھابۇل ـ كەھف»نى كۆچۈرۈشنى تاپشۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن رەجەپ ئاخۇن ئۈچ ئاي سەرپ قىلىپ، تەزكىرىنى چىرايلىق، توغرا كۆچۈرۈپ چىقىدۇ. فىدائىمۇھەممەد مەخدۇم كۆچۈرۈلۈپ چىققان تەزكىرىنى ئەسلىي تەزكىرە بىلەن سېلىشتۇرۇپ، تەزكىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدا كىم تەرىپىدىن كۆرۈلگەنلىكى ئەسكەرتىلمىگەنلىكىنى بايقاپ، رەجەپ ئاخۇنغا بۇنى تولۇقلاپ قويۇشنى بۇيرۇيدۇ. رەجەپ ئاخۇن ئۇستازىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تەزكىرىگە: «ھىجرىيە 1367 (مىلادىيە 1948) ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۇرپاننىڭ تۇيۇقتا ھەمدۇللاھ قارىيھاجى ئاخۇنۇمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى فىدائىمۇھەممەد مەخدۇمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن رەجەپ ئىبنى ھافىز موللا كۆچۈرگەن» دەپ تولۇقلاپ قويىدۇ.

رەجەپ ئاخۇن «تەزكىرەئى ئەسھابۇل ـ كەھف»نى تەلەپكە لايىق كۆچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، فىدائىمۇھەممەد مەخدۇم ئۇنىڭغا يەنە ئەھمەد غوجامنىياز قۇسۇرىي تەرىپىدىن ئەرەب تىلىدىن پارسچە ۋە چاغاتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان مىسىرلىق شەيخ مۇھەممەد بۇسۇرىنىڭ «قەسىدە بۇردىيە» دېگەن كىتابنى كۆچۈرۈپ چىقىشنى تاپشۇرىدۇ. رەجەپ ئاخۇن بۇ كىتابنى ئەرەبچە، پارسچە ۋە چاغاتايچە ئۈچ خىل يېزىقتا كۆچۈرۈپ چىقىپ، ئۇستازى فىدائىمۇھەممەد مەخدۇمغا تاپشۇرىدۇ (ھازىر بۇ كىتابنىڭ ئۈچ خىل يېزىقتا كۆچۈرۈلگەن قولىيازما نۇسخىسى پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازارى كوناشەھەر جامە مەسچىتىنىڭ خاتىپى نەسرۇللا مەخسۇم ھاجىمنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتىدۇ).

رەجەپ ئاخۇن 1948 ـ يىلى ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىملەر ۋە ئوقۇغان كىتابلىرى ئاساسىدا «ھەج ئەمەللىرى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ. ھەمدۇللا دامولla ھاجى، گاسىپ ھاجى دامولla بۇ كىتابقا

يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ئەپسۇس، بۇ كىتاب «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

1949 ـ يىلى ھەمدۇللا داموللا ئىككىنچى قېتىم ھەج سەپىرىگە چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا رەجەپ ئاخۇن توقسۇن ئېلانلىق مەدرىسىسىگە بېرىپ مۇھەممەد ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇمدىن بىر يىل تەلىم ئېلىپ، «شەرھى ۋەقايى»، «مەسنەۋى شېرىف» دېگەن كىتابلارنى قايتا ئوقۇپ، بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. ھەمدۇللا دامولla ھەجدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، رەجەپ ئاخۇن يەنە تويۇق مەدرىسىسىگە قايتىپ كېلىپ، ئوقۇشىنى 1953 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. 1953 ـ يىلى ئومۇمىي سايلام باشلانغاندىن كېيىن، رەجەپ ئاخۇن تويۇقتىن دالانكارىز يېزىسىغا قايتىپ كېلىدۇ. 1954 ـ يىلىدىن باشلاپ دالانكارىز يېزا يوغانقىر جامە مەسچىتىگە ئىمام، خاتىپ بولىدۇ. بۇ جەرياندا رەجەپ ئاخۇن يەنە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، 1955 ـ يىلى يىل ئاخىرىغىچە دالانكارىزدىن لۈكچۈنگە قاتناپ، لۈكچۈن تۆۋەن مەھەللىدىكى ساۋۇت داموللامدىن «تەپسىرى قازى بەيزاۋى» دېگەن كىتابتىن تەلىم ئالىدۇ.

رەجەپ ئاخۇن ئوقۇش جەرياندا دىنىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەندىن سىرت، ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن. ئۇ 1976 ـ يىلى پىچان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پارسچە تېببىي كىتاب «قارابادىن كەبىر»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ كىتابنى ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى كۆپەيتىپ بېسىپ، يېزىلاردىكى تېببىي خادىملارغا تارقىتىپ بەرگەن. رەجەپ ئاخۇن 1977 ـ يىلى يەنە ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پارسچە «تېببىي زۇمرەت» دېگەن كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇ يەنە 1981 ـ يىلى ئىمام ئەبۇلەيس سەمەرقەندىينىڭ ئىسلام ئەخلاقىغا دائىر كىتابى «مۇپەررىھۇل ـ قۇلۇب» ( «دىللارنى شادلاندۇرغۇچى ئىلىم»)نى كۆچۈرۈپ چىققان. 1981 ـ يىلى پارسچە «تۆھفەتۇن ـ نەسايىھ» (نەسىھەت تۆھپىسى) دېگەن كىتابنى پارسچە كۆچۈرۈپ ئۆگەنگەن. 1984 ـ يىلى ئىمام رەببانىينىڭ تەسەۋۋۇپقا دائىر «مەيدەئى مىئات» دېگەن ئەرەبچە كىتابنى كۆچۈرۈپ چىققان.

رەجەپ ئاخۇن ئەينى ۋاقىتتا كۆچۈرۈپ چىققان «تەزكىرەئى ئەسھابۇل ـ كەھف»نىڭ بۈگۈنكى كۈندە جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكى ئۇنى چەكسىز مەمنۇن قىلدى. رەجەپ ئاخۇن «تەزكىرەئى ئەسھابۇل ـ كەھف» بىلەن «قەسىدە بۇردىيە» دېگەن ئىككى كىتابنىڭ خەت شەكلى، جۈملە قۇرۇلمىسى، سۆز ئىشلىتىش ئۇسلۇبلىرىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ھەمدە «تەزكىرەئى ئەسھابۇل ـ كەھف» ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ نەسرىي ۋە نەزمىي قىسمىنىڭ خەت نۇسخىسى، خەت شەكلى تامامەن ئوخشاش بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەھمەد غوجامنىياز قۇسۇرىينىڭ قەلىمىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىدۇ. يەنە ئەھمەد غوجامنىياز قۇسۇرىي يازغان «تويۇق ئەسھابۇل ـ كەھف ھەققىدە مۇخەممەس»نىڭ تاختايغا (بۇ تاختاي پولات تاۋلاش ھەرىكىتىدە يۇزىدىكى مۇخەممەس قىرىپ چىقىرىۋېتىلىپ، ئاشخاندا ئاشتاختا قىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى رەجەپ ئاخۇن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن) كۆچۈرۈلۈپ، «تويۇق ئەسھابۇل ـ كەھف»نىڭ ئالدىغا بېكىتىلگەن مۇخەممەسنىڭ خەت نۇسخىسىنىڭمۇ «تەزكىرەئى ئەسھابۇل ـ كەھف»نىڭكى بىلەن تامامەن ئوخشاشلىقى، يەنى بىر ئادەمنىڭ قەلىمىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، يۇقىرىقى ئەسەرلەرنى ئەھمەد غوجامنىياز قۇسۇرىينىڭ قەلەمگە ئالغانلىقىنى، «تەزكىرەئى ئەسھابۇل ـ كەھف»نىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى نۇسخىسىنىڭ مەزمۇنى، شەكلى «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغىنى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى

ئېيتىدۇ.

ۋاھىتجان غوپۇر بىلەن ئەسقەر ھۇسەيىننىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ( مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىلى 4 - ئاي نەشرى) دېگەن كىتابىدا ئەھمەد غوجامنىياز قۇسۇرىي ھەققىدە توختالغاندا: «... شائىر ئەھمەد غوجامنىياز ئازغىنا كەم بىر ئەسىرلىك ئۆلمىي، ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا لىرىك غەزەل، مۇخەممەسلەرنى يېزىشتىن تاشقىرى، مىلادىيە 1802 - يىلى ئۈچ مىڭ مىسرالىق مەشھۇر دىداكتىك داستان ‹رەۋزەتۇز - زەھرا›نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئۆلمىي، بەدىئىي تەرجىمە ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ‹تەزكىرەئى ئەسھابۇل - كەھف›، ‹قەسىدە بۇردىيە›... قاتارلىق ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان دىنىي، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان» دېيىلگەن. ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىنلەرنىڭ بۇ بايانى ۋە «تەزكىرەئى ئەسھابۇل - كەھف»نىڭ كاتىپى رەجەپ ھافىز ئاخۇننىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان «تەزكىرەئى ئەسھابۇل - كەھف» ئەھمەد غوجامنىياز قۇسۇرىي تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان دېيىشكە بولىدۇ.

رەجەپ ئاخۇن يەنە «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «تەزكىرەئى ئەسھابۇل - كەھف»نى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن:

«خۇداۋەندە بالاۋۇ پەستى تۇئى،
چەگۇيەم ھەمە ... ھەستى تۇئى»

دېگەن مىسرادىكى چۈشۈپ قالغان سۆزنىڭ «ئەشيا» ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە تەزكىرىنىڭ ئاخىرىدىكى «ساقىنامەكى مەرگى يەكسان كېرەك بولادۇر» دېگەن شېئىرنىڭ ئاخىرىدىكى:

«زامانە جەۋرىدىن دىل خەستە ئىمىن،
رەسا ئېردىكى تەرتىپ، سۆزلەرى چىن.»

دېگەن مىسرالاردىكى «ئىمىن» دېگەن شائىرنىڭ تىلغا ئېلىنمىغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ. رەجەپ ھافىز بۇ ئىككى مىسرانىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا:

«زاماننىڭ جەۋرىدىن ئازار يېگەن دىللىرى،
ئارام تېپىپ بولدى چىن تەرتىپ بىلەن سۆزلىرى.»

دەپ ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلار تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ «تەزكىرەئى ئەسھابۇل - كەھف»نى تەتقىق قىلىشىدا پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

(ئاپتور تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)




توپلىغۇچى: قۇربانجان ئابدۇقادىر

## مەۋلانە جالالىددىن رۇمىي ھېكمەتلىرى

* روھ دەرەخ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. گەرچە ئۇ تۇپراق ئىچىدە بولسىمۇ، ئەسىرى شاخلاردا نامايان. ئەگەر دەرەخنىڭ بىرەر شېخى سۇنسا، يىلتىزىدىن كۈچ بولغىنى ئۈچۈن يېڭىدىن ئۈسۈپ چىقىۋېرىدۇ. ئەگەر يىلتىز چىرىگەن بولسىچۇ، ئۇنىڭدا شاخمۇ، ياپراقمۇ قالمايدۇ.

* دېڭىزغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن پەقەت بىر كوزا سۇ ئېلىش بىلەن قانائەتلىنىش ئېچىنارلىق. دېڭىزدىن ئېلىش مۇمكىن بولغان دۇر ـ جاۋاھىرلار ۋە باشقا قانچىدىن ـ قانچە نەرسىلەر بار تۇرۇپ، سۇنىلا ئېلىشنىڭ نېمە قىممىتى بار؟ ئەقىللىق ئىنسانلار بۇنىڭ بىلەن قانداق قىلىپ ماختىنىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى قانداقمۇ ئادەم ھېسابلايدۇ؟

* دۇنيادا ئۆلمەس بىر نەرسە بار. ئەگەر ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ، ئۇنى ئۇنتۇمىساڭ، قورقمىساڭمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، بىر پادىشاھ مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن سېنى يېزىغا ئەۋەتتى. سەن تاپشۇرۇۋالغان ئىشنى قىلماي، باشقا يۈز تۈرلۈك ئىشنى ئادا قىلساڭمۇ، ھېچ ئىش قىلمىغان بولىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بۇ دۇنياغا بىر ئىش ئۈچۈن كەلگەن، غايە بىردۇر.

* زامانىمىز ئالىملىرىمۇ قىلنى قىرىق يارىدۇ. ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەرنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئەمما، ناھايىتى مۇھىم، ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ يېقىن بولغانىنى، يەنى ئۆزلىرىنى بىلمەيدۇ. ھەممە نەرسىدىن يېقىن بولغىنى ئۇلارنىڭ مەنلىكى.

* سۆز ـــ ئىدراك قىلىشتا سۆزگە موھتاج بولغانلار ئۈچۈندۇر. سۆزسىز ئىدراك قىلغانلارنىڭ سۆزگە قانداق ئېھتىياجى قالىدۇ؟ ئىدراك قىلىشنى بىلگىنى ئۈچۈن ئاسماننىڭ، يەرنىڭ ھەممىسى سۆزدۇر.

* چىراغ بولسا ئۆزىنىڭ ئېگىزدە بولۇشىنى ئىستىمەيدۇ، ناۋادا ئىستىگەن تەقدىردىمۇ باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىنى كۆزلەيدۇ. كىشىلەر بولسا ئۇنىڭ نۇرىدىن زوق ئالىدۇ. چىراغ مەيلى پەستە ياكى ئېگىزدە بولسۇن، بەرىبىر شۇ چىراغدۇر، ئەبەدىي قۇياشتۇر. ئۇلۇغ زاتلار يۈكسەكلىك، ئورۇن ۋە مەۋقە ئىستىسە، دېمەككى، خەلقنىڭ ئۇلارنى كۆرەلەيدىغان كۆزلىرى يوقتۇر.

* نەبىيلەر ۋە ۋەلىيلەرنىڭ مەقامى ھېسابلانغان ئۆلۈمسىز ھاياتقا يېتىشمەكچى بولساڭ، نەپسىڭدىكى يامانلىقلاردىن ۋاز كەچمىكىڭ ۋە ياقتۇرمايدىغان نەرسىلىرىڭگە تەھەممۇل (سەۋر)

ئەتىمىكىنىڭ كېرەك بولىدۇ.

* ئىت قانچىلىك پەس بولۇشىغا قارىماي، سۇلتانىنىڭ قولىدا ئوۋغا بېرىشنى ئۆگىنىدۇ؛ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆگەنگەن، كۆرگەن نەرسىلىرىنى ـــ ئودۇل كەلگەن يامان جايلاردا يېتىپ يۈرۈشنى، تاپقان ئۆلۈمتۈكنى يەپ كېتىشنى ئۇنتۇيدۇ. قورغىيمۇ شۇنداق. ئۇلار سۇلتانىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا ئوۋ سەنئىتىنى ئۆگىنىدۇ، ئۆلۈمتۈك يېيىشنى بەس قىلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ھەتتا ئۇچار قۇش ۋە ھايۋانمۇ ياماندىن ياخشىنى پەرق ئېتىدۇ. ئەقىل ۋە پاكىزلىقتا ھەممىدىن ئۈستۈن بولغان ئىنساننىڭ بۇ جەھەتتىكى سۇسلۇقى ناھايىتى ياماندۇر.

* قوپال جىسمىنىڭ لەتىپ بولغانلار (قەلب ۋە ئەقىل) بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ساپلىقى ۋە لاتاپىتىمۇ قەلب ۋە ئەقلىنىڭ شاراپىتى بىلەن بولىدۇ. لەتىپ بولغانلارسىز جىسمىنىڭ ھۆرۈن، ئىش خۇشياقماس، مەينەت ۋە كىردۇر.

* ئادەم بىر تاغقا ئوخشايدۇ. ياخشى ياكى يامان سۆزۈڭنىڭ ئەكسى ئۆزۈڭگە، پەقەت ئۆزۈڭگە قايتىدۇ. مەن ياخشى گەپ ئېيتقانىدىم، تاغ يامان جاۋاب قايتۇردى، دېيەلمەيسەن. بۇ مۇمكىن ئەمەس! چۈنكى، تاغدا بۇلبۇل سايرىسا، ئەكس سادا بولۇپ ھېچقاچان ئېشەك ياكى قاغىنىڭ ئاۋازى قايتمايدۇ. ئەكس سادا ئېشەك ئاۋازى بولسا، دېمەك بىلگىنكى، بوياقتا ھاڭرىغانمۇ ئېشەكتۇر.

* بۇ دۇنيانىڭ زۇلمىتى ۋە تۈنى ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدا قالىدىغان نەرسە ـــ سۆزنىڭ نۇرى.

* ئالەمگە تەرتىپ بەرمەك ئۈچۈن يارىتىلغانلار ئەمەس، بەلكى ئىشلىرىنى نىزامغا سالماق ئۈچۈن يارىتىلغان زاتلار بەختلىكتۇر.

* يۈرىكىدە ئۆي قۇرۇش ئىشقى بولمىسا، مىمار ئۇنىڭ خەرىتىسىنى سىزمايدۇ. بۇغداي بىر يىلدا ئالتۇننىڭ باھاسىدا، باشقا بىر يىلى تۇپراق قىممىتىدە سېتىلىشى مۇمكىن. ھەر ئىككى يىلدىمۇ ئۇنىڭ سۈرىتى بىر خىل ـــ بۇغدايدۇر. بىراق، ئۇنىڭ قەدرى ئىشق تۈپەيلى مەيدانغا كەلمەكتە. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش سېنىڭ سەنئىتىڭمۇ پەقەت سەن ئۈچۈن ئەزىزدۇر. ئۇنىڭغا رىغبەت كۆرسىتىپ، ئۇنى سۆيۈپ ئۆگەنگۈچى (ئىشق) تېپىلمىغۇچە ئۇ يەنە شۇ ھالدا قېلىۋېرىدۇ.

## شەيخ سەئدى ھېكمەتلىرى

* مىسكىنگە جاپا سېلىش ئىنسانلىق شانىغا ياراشمايدۇ. چۈمۈلىنىڭ ئالدىدىن دان ئېلىپ قاچقان قۇش پەسكەشتۇر.

* يامانلىق ئويلىغان قارانىيەتلىك ئادەمگە مەنسەپ، مەرتىۋە ۋە پۇرسەت بەرمە. دۈشمەنىنىڭ زىنداندا، دۆتنىڭ بولسا قەپەستە بولغىنى ياخشى.

* ھەمىشە ئۆزۈڭدىن ياخشىسىنى ئىزدە. ئۆزۈڭگە ئوخشاشلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ۋاقتىڭنى زايە قىلىش دېگەنلىكتۇر.

* مەن ساڭا دېڭىزغا چۈشمە دېمىدىم. چۈشىدىغان بولساڭ توپانغىمۇ بەرداشلىق بېر دېمەكچىمەن.

* سەندە پەزىلەت دېڭىزىنىڭ ئۈنچىلىرى بولسا، ئۇنى كىبىرسىز ۋە مەغرۇرلۇق دەۋاسى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئايىغىغا چاچ. قارىغىنا! گۈل ـ چېچەكلەر پۇتۇنلەي ئاشۇ كەمتەر قارا تۇپراقتا ئۈنىدۇ.

* ۋۇجۇدۇڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارغا تولغان بىر شەھەردۇر. سەن ئۇ شەھەرنىڭ سۇلتانى، ئەقلىڭ بولسا ۋەزىرىڭدۇر. بۇ شەھەردە كىبىر، تەمە ۋە ئاچ كۆزلۈكتەك بىرمۇنچە بەڭۋاش پەسكەشلەر بار. ھاۋايى ـ ھەۋەس يانچۇقچى ئوغرىلاردۇر؛ رازىلىق ۋە تەقۋادارلىق بولسا، بۇ شەھەرنىڭ ئۆزىگە يارىشا ياخشى ئادەملىرىدۇر. پادىشاھ يامانلارغا ئىنايەت قىلسا، ياخشىلارنىڭ ھۇزۇرى قالسۇنمۇ؟

* قولۇڭدا پاكىز سۇ بار ئىدى، غەپلەت بىلەن ئۇنى قولۇڭدىن چىقاردىڭ. ئەمدى تەيەممۇمدىن باشقا يولۇڭ يوق.

* ئوغلۇم، ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىيالنى كاللاڭدىن چىقىرىپ تاشلا، قانائەت ئايغىنى سالامەتلىك ئېتىكى بىلەن ياپ. چۈنكى، چوڭلار ئېيتىدۇ: بەختۇدۆلەت كۆچۈپ قولغا كەلتۈرىدىغان نەرسە ئەمەس، ئازراق ھاياجانلانغىنىڭ تۇزۇك.

* دانالار ناداندىن نەپرەتلەنسە، نادانلار دانادىن يۈز ھەسسە يىرگىنىدۇ، بۇنى سەن بىلىپ قوي.

* ھەقتائالانىڭ يېقىن بەندىلىرى كەمبەغەلچە ھايات كەچۈرىدىغان بايلاردۇر ۋە ھەممەتكە باي بولغان كەمبەغەللەردۇر. بايلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھىممەتلىكى شۇكى، ئۇ كەمبەغەللەرنىڭ غېمىنى يەيدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ ياخشىسى شۇكى، ئۇ بايلارنىڭ قولىغا قاراپ تۇرمايدۇ.

* تاشقى قىياپەت جەھەتتە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئادەمدۇر، مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ خار — تۆۋىنى ئىتتۇر. ئەمما، دانىشمەنلەرنىڭ بىردەك پىكرى بويىچە، ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان ئىت ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەمدىن مىڭ ياخشى.

## مەۋلانا ھۈسەيىن ۋائىز كاشفىي ھېكمەتلىرى

* بەندە ھەربىر ئىشىدا نىيەت ـ ئىقبالىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنى، پاك تەڭرىنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلغاي، ئۆز نەپسى ۋە غەرىزىنى ئارىغا قوشمىغاي. چۈنكى، نەپسانىي غەرەز ھەققانىي ئەمەلنى ۋەيران قىلىدۇ.

* دەرھەقىقەت، قەتئىي ئىرادە — بەرىكەتنىڭ كۆچىتى، روناق تېپىشنىڭ ئاساسىدۇر.

* ھېچقانداق سۆپەت ئادەملەرگە، خۇسۇسەن ئۇلۇغلارغا، دۆلەتمەنلەرگە (نىسبەتەن) ساخاۋەتتىن ياخشىراق ئەمەستۇر.

* ۋاپا — سېخىيلار، ئالىملارنىڭ ئىشىدۇر. ئەگەر ئەھدە رۇخسارى ۋاپا خالى بىلەن زىننەتلەنسە، كۆڭۈل قۇشلىرىنى ئوۋلاشنىڭ شۇنداق بىر تورى ھازىرلانغان بولىدۇكى، ھېچبىر كۆڭۈل قۇشى بۇ توردىن قۇتۇلالمايدۇ.

* كېڭەشنىڭ مەنپەئىتى بىسياردۇر: بىرىنچىسى، ئىشنى ياخشىلىقتا يېقىنلاشتۇرىدۇ؛ ئىككىنچىسى، (بىرەر ئىشقا) كىشىلەر بىلەن كۆپرەك كېڭەش قىلغاندىن كېيىن قەدەم قويۇلسا، ئۇ ئىشتىن گەرچە نەتىجە چىقمىسىمۇ، زەرىرى يەتمەيدۇ، خالايىق تەنە قىلمايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، بىر كىشىنىڭ زېھنى ئەتراپ — ئالەمنى ئىھاتە قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بەس، مەملىكەت باشلامچىلارغا ئېھتىياجلىقتۇر. شۇڭا، ئاۋۋال دانىشمەنلەر بىلەن كېڭەشمەي تۇرۇپ، مۇشكۇل ئىشقا كىرىشمەسلىك كېرەك.

* مەملىكەت ئادالەتسىز بەرپا بولمايدۇ، ئادالەت ئەل سىياسىتىسىز مەۋجۇت بولمايدۇ. پادىشاھ ئادالەت بىلەن سىياسەتتىن بىخەۋەر بولسا، پات پۇرسەتتە مەملىكىتىگە پەرىشانلىق يېتىدۇ.

* ئۆتۈپ كېتىدىغان ھەربىر پۇرسەت تەڭداشسىز گۆھەردۇركى، ئىنسان ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى، باھاسىنى بىلىشى كېرەك. چىقىۋاتقان ھەربىر نەپەس (تىنىق) نى غەنىيمەت بىلىپ، زايە قىلماسلىق كېرەك.

* سۆھبەتنىڭ تەسىرى تولىمۇ چوڭدۇر. ياخشى سۆھبەت — ئەتتار (خۇشبۇي نەرسىلەر ساتقۇچى) مەسەللىكتۇر. گەرچە ئۇنى ئالمىسىمۇ قېشىدا ئولتۇرسا، خۇشبۇي ھىددىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ يامان سۆھبەت تۆمۈرچى مەسەللىكتۇر. گەرچە ئوتىدا كۆيمىسىمۇ، تۈتۈن ـ تۇمانلىرىدىن دىماغ پەرىشان بولىدۇ.

* رەئىيەتمۇ پادىشاھلارنىڭ خەزىنىسىدۇر، بەلكى خەزىنىلەردىن ياخشىراقتۇر. چۈنكى، ئۇ سەرپ قىلىنغان بىلەنمۇ تۈگىمەيدۇ. پۇقرا مالدار بولسا، پادىشاھ مالدارنىڭ پادىشاھى بولىدۇ؛ ئەگەر پۇقرا گاداي بولسا، شاھ گادايلارنىڭ پادىشاھى بولىدۇ.

* كېڭەشنى تەمەگەر، گۇمانخور، غەيۋەتچىلەردىن باشقا ھەر تائىپىدىن سورىماق كېرەك.

(توپلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتى)

# «جامىئۇت ـ تەمسىل»دىن

مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

## ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

دۇنيادا پەقەت ھالال ئىشلە، ھالال يە، ھارامدىن تېپىلغان مال ھېچكىمگە ۋاپا قىلمايدۇ. بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تېگىشلىك ھېكايەت كەلتۈرىمىز.

ئېيتىشلىرىچە، گىلان شەھىرىدە بىر دۆلەتمەن كىشى بار بولۇپ، ئۇ چىراغ يېغى سېتىش بىلەن شۇغۇللىناتتى ۋە بۇنىڭدىن كۆپ كىرىم ھاسىل قىلىپ بېيىپ كەتكەنىدى. ئۇ پۇل تېپىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكىدىن خىزمەتچىسىگە:

— باشقىلارغا ياغنى ئۆلچەپ بېرىۋاتقان چېغىڭدا قاچا ئىچىگە باش بارمىقىڭنى تىقىپ تۇر، شۇنىڭدا خېلىلا ياغ بىزنىڭ پايدىمىزغا قالىدۇ، — دەپ ئۆگىتەتتى. خىزمەتچىسى بولسا ئۇنىڭغا:

— ئەي خوجام، بۇنداق قىلغاندا ئەل ھەققىگە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ. بۇنداق ئۇسۇل بىلەن تېپىلغان ھارام بايلىقنىڭ كاساپىتىگە ھەممە بايلىقىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئەپسۇس ـ نادامەتنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. باش بارماقنى ياغقا تىقىپ قانچىلىك پايدا تاپالارسىز؟ ! — دەيتتى.

بۇنىڭغا خوجايىنىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ مۇنداق دەيتتى:

— ھەي ئەقىلسىز، بۇ سودىگەرچىلىكنىڭ سىرى، سودىگەرلەر ئازغىنا نەرسىنىڭمۇ مېھرىدىن كەچمەسلىكى كېرەك. شۇڭا دانالار: «تامچە ـ تامچە يىغىلىپ دەريا بولۇر» دېيىشكەن.

ساپ دىل خىزمەتچى بولسا ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— ئەي خوجام، دانالار: «ھارام بايلىق ۋاپا قىلماس، ۋاقتى كېلىپ سۇدەك دەرياغا ئېقىپ كېتۇر» دەپ ئېيتىشقان. بۇنى يادىڭىزدا تۇتقايسىز، — دەيتتى.

خوجايىن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي،ئۆزىنىڭ دېگىنى بويىچە يول تۇتۇشنى خىزمەتچىدىن قاتتىق تۇرۇپ تەلەپ قىلاتتى. خىزمەتچى ئىلاجسىز ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە سودا قىلاتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياغچى خوجايىن باشقا بىر شەھەردە چىراغ يېغىنىڭ ناھايىتى قىممەتلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆز شەھىرىدە بىر ئوبدان پۇل تېپىپ تۇرغىنىغا قارىماي، شۇ شەھەرگە دەريا ئارقىلىق ياغ ئېلىپ بارماقچى بولدى. ھەممە پۇلىنى سەرپ قىلىپ، مىڭدىن ئوشۇق كۈپكە ياغ قاچىلاپ، دەريا سەپىرىگە چىقتى. كۈتۈلمىگەندە دەريا شامىلى چىقتى. مەللاھ (ماتروس) لار ئۇنىڭغا:

— ئەي خوجام، ئەگەر ئەزىز جېنىڭىزنىڭ ئامان قېلىشىنى ئىستىسەڭ، ياغلارنى تۆكۈپ كېمىنى يەڭگىللىتەيلى، بولمىسا، ھەممىمىز ھالاك بولىمىز، — دېيىشتى.

ئۆلۈمدىن قورققان باي ھەممە يېغىنى تۆكۈشكە مەجبۇر بولدى. قىلغان خىراجىتى ۋە پۇلىغا

ئىچى ئېچىشىپ، ياش تۆكۈپ زار - زار قاقشىدى. ساپ دىل خىزمەتچى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:
— ئەي خوجام، بارماقلاپ قاقتى - سوقتى قىلمىغىنىڭىزدا كۆپ - ئىدىشلاپ تۆكمىگەن بولاتتىڭىز، — دېدى.
كېمە يۈكتىن بوشاپ، شامال تىنچىغاندىن كېيىن، باي ھەممە مۈلكىدىن ئايرىلغىنىغا نادامەت چېكىپ يۈز - كۆزىگە ئۇرۇپ، پىغانى بارغانسېرى ئۆرلىگىلى تۇردى. خىزمەتچى بولسا ئۇنىڭغا دېدى:
— كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن، تامچىلاپ ھارام يىغمىغىنىڭدا شۇ ھالغا چۈشمەس ئىدىڭ.
«بارماقلاپ قاقتى - سوقتى قىلمىساڭ، ئىدىشلاپ تۆكمەيسەن» دېگەن تەمسىل شۇ ۋەقەدىن قالغانىكەن.
دانالار: «بىراۋغا يامانلىق قىلساڭ، ئۆزۈڭگە يانۇر» دېيىشىدۇ. ھەقىقەتەن ھاياتتا كىمكى ياخشىلىق قىلسا ياخشىلىق، يامانلىق قىلسا يامانلىق كۆرۈشى مۇقەررەردۇر. بۇ توغرىدا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن تېگىشلىك ھېكايەت ئاڭلىغايسىز.
ھېكايەت قىلىشلىرىچە، بەسرە شەھرىدە بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇنى ئەبۇل قاسىم سەفا دېيىشەتتى. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزى توغرىسىدا شۇنداق ھېكايەت قىلدى:
— ئاتامدىن بىر قىلىچ مىراس قالغانىدى. بۇ قىلىچ ناھايىتى قىممەت باھالىق بولۇپ، ئۆتكۈرلۈكىدە تەڭدىشى يوق ئىدى. كۈنلەر ئۆتۈپ تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالدىم ۋە ياشاش مېنىڭ ئۈچۈن تەسلىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۆز - ئۆزۈمگە دېدىم: «بۇ قىلىچ ئەمىر ئابباسقا لايىق سوۋغاتتۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا سوۋغا قىلسام، ئورنىغا ئىنئام بېرىدۇ». شۇنداق خىيال بىلەن يولغا چىقتىم. يولدا بىر ئەرەبكە ئۇچراپ قالدىم. بىز بىر نەچچە كۈن بىللە يول يۈرۈپ، ئۈلپەت بولۇپ قالدۇق. پاراڭلاشقاچ بۇ ئەرەبنىڭ بەنۇ تەمىم قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدىم. بۇ قەبىلىگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ پەقەت غەرەزلىك دوستلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭدىن شۈبھىلىنىپ، ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشقا باشلىدىم. ئۇ مېنىڭ يېنىمدا قىممەت باھالىق قىلىچ بارلىقىنى ۋە ئۇنى ئەمىرگە ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلىۋالغانلىقتىن، ئارقامدىن قالماي كېلەتتى. شەھەرگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە ئۇ بىر يەردە قالدى، مەن بولسام ئەمىرنىڭ سارىيىغا يول ئالدىم. ئەمىر قىلىچنى قوبۇل قىلىپ، تېگىشلىك ئىنئاملار بىلەن بىرگە مىڭ دىنار قىزىل ئالتۇن سوۋغا قىلدى. ئۇلارنى ئېلىپ ئارقامغا قايتتىم. كۈتۈلمىگەندە يولۇمدا ھېلىقى ئەرەب چىقىپ قالدى ۋە دېدى:
— ئەي بابا ئەجەم، تاسادىپىيلىقنى قارا، يەنە ساڭا ھەمراھ بولىدىغان بولدۇم.
مەن ئەرەبنىڭ مېنى ئەتەي پايلاپ تۇرغانلىقىنى، ماڭا قىلىنغان سوۋغا - سالاملارنى تارتىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى ئاستىرتىن كۆزىتىپ يۈردۈم. يېزىلاردىن ناھايىتى يىراق بولغان دەرەخلىك ۋە جاڭگاللىق بىر يەرگە يېتىپ كەلگەندە ھېلىقى ئەرەب ماڭا:
— ئەي يىگىت، نېمىشقا مېنىڭدىن يىراقلاشماقچى بولۇۋاتىسەن؟ نېملا بولمىسۇن مەن سېنىڭ دوستۇڭغۇ، نېمىشقا ماڭا يېقىن يۈرمەيسەن؟ — دېدى.
مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلمىدىم. ئاتنى تېزرەك ھەيدەشكە باشلىدىم. ئۇنىڭ ماڭا قەست قىلماقچى بولغانلىقىنى سەزگىنىمدىن خەۋەر تاپقان ئەرەب قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، ئۈستۈمگە ئېتىنى چاپتۇرۇپ باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. قورالىم يوق بولغانلىقتىن ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، جاڭگالغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. مەن پىيادە قېچىۋاتاتتىم، ئۇ بولسا ئارقامدىن ئاتلىق قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. يىراقتا — دەرەخلەر ئارىسىدا بىر گۈمبەز كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇنى يېزا بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، شۇ يەرگە قاراپ قاچتىم. يېتىپ كېلىپ قارىسام، يەھۇدىيلارنىڭ ۋەيرانە ئىبادەتخانىسى ئىكەن. ئەرەب مېنىڭ ئېتىمنىمۇ ئەگەشتۈرگىنىچە ئارقامدىن قوغلاپ كېلىۋېتىپ:
— ئۆز ئايىغىڭ بىلەن قاسساپخانىغا كەلدىڭ. ئەمدى ھېچقاياققا قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، — دېدى.
مەن ئىلاجسىزلىقتىن ئىبادەتخانا ئىچىگە كىردىم. ئىبادەتخانا ئىچى بەك قاراڭغۇ ئىدى. تەقدىرگە تەن بېرىپ، تەۋەككۈل قىلغىنىمچە ئۈندىمەي ئولتۇردۇم. ئەرەب ئېتىنى دەرەخقە باغلىدى. ئارقىدىن

ئىبادەتخانا ئىچىگە كىردى. كېيىن بىلسەم، بۇ ئىبادەتخانا ئۇ ئەرەبنىڭ قارارگاھى بولۇپ، قاراقچىلىقتىن تاپقان نەرسىلىرىنى شۇ يەرگە يوشۇرىدىكەن. مەن ئىشەك ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدىم. قاراڭغۇدا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىگەن ئەرەب قىلىچىنى ئوينىتىقىنىچە ۋارقىرايتتى:

— ئەي ئەجەم، ئەجەل سېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. ئەمدى بېلىڭدىكى مىڭ دىنار قىزىل ئالتۇن مېنىڭكىدۇر.

مېنىڭ ئىشەك ئارقىسىدا ئىكەنلىكىمدىن خەۋەرسىز ئەرەب ئۆينىڭ بۇرجىكىدىن پەسكە چۈشكىلى بولىدىغان چوڭقۇرغا چۈشۈپ، مېنى ئىزدەشكە باشلىدى. مەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئېتىلىپ تاشقىرىغا چىقتىم ـ دە، ئىبادەتخانا ئىشىكىنى ياپتىم. ئىشەك تۆمۈردىن ياسالغان بولۇپ، ناھايىتى ئېغىر ئىدى. تاقاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يوغان زەنجىرلەر ئېلىپ قويۇلغانىدى. ئەرەب ئىشىكنىڭ يېپىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، قولغا چۈشكەنلىكىنى بىلدى ۋە زار ـ زار يىغلاپ يېلىنىشقا باشلىدى:

— ئەي بابا ئەجەم، مەن نېمە يامان نىيەت قىلغان بولسام، شۇ ئۆزۈمگە قايتىپ كەلدى، نېمە قىلغان بولسام، ئۆزۈمگە قىلدىم، ساڭا ئورا كولاپ، ئۆزۈم چۈشتۈم. ئەي ئەجەم، بۈگۈن مۇرۇۋۋەت قىلىدىغان كۈن. مېنى كەچۈر، ئىشىكنى ئاچ، ئالدىڭدا قىلغان ئىشلىرىمغا تۆۋا قىلاي.

مەن ئۇنىڭغا:

— ئەي يارىماس، تۆۋەڭنىڭ پايدىسى يوق، سېنى بۇ يەردىن ساق ـ سالامەت چىقارماق ئۆزۈمنى ھالاك قىلماق دېمەكتۇر. سېنىڭ مۇشۇ قاراڭغۇ ئىبادەتخانا ئىچىدە ئۆلمىكىڭنىڭ ئۆزى ساۋابتۇر. سەن ئۆزۈڭ ئۆز ئايىغىڭ بىلەن ئەجەل قوغلىشىپ كەلدىڭ. سەن قانچىلىغان گۇناھسىزلارنىڭ قاتىلىسەن! — دەپ جاۋاب بەردىم.

مەن ئەرەبتىن قاچىمەن دەپ يۈگۈرۈۋېرىپ، تازىمۇ چارچىغانىدىم. شۇڭا خاتىرجەم ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالىشاتتىم. ئۇ ھامان يالۋۇرۇپ دەيتتى:

— ئەي بابا ئەجەم، كىمكى ياخشىلىق قىلسا، ياخشىلىق تاپىدۇ. ماڭا ياخشىلىق قىل، ئىشىكنى ئاچ، يېنىمدا مىڭ دىنار قىزىل ئالتۇنۇم بار، ئۇنى ساڭا بېرىمەن. ئاتنى بەش يۈز دىرھەمگە سېتىۋالغانىدىم، ئۇمۇ سېنىڭ بولسۇن.

مەن ئۇنىڭغا ئىستېھزا قىلىپ:

— ئەي ئەخمەق، ئاتنى بەرسەڭمۇ، بەرمىسەڭمۇ بەرىبىر ئۇ مېنىڭ. يېنىڭدىكى ئالتۇن نېسىپ بولسا، ئېھتىمال ئۇمۇ مېنىڭ بولۇپمۇ قالار. سەن بۇ يەردە ئۆلسەڭ، ساۋاب بولىدۇ — دېدىم.

ئەرەب تېخىمۇ يېلىنىپ:

— ئەي يىگىت، ئۆي بۇرجىكىدىكى ئورا ئىچى ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلار بىلەن لىق تولغان. ئىشىكنى ئاچ، ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئېتىبار قىلماي ئېتىمنى مىندىم ۋە ئۇنىڭ ئېتىنىمۇ ئەگەشتۈرۈپ بەسرە شەھىرىگە يول ئالدىم.

ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندە ئەمىر ئالدىغا بېرىشىمغا توغرا كەلدى. يول يۈرۈپ مۇشۇ ئىبادەتخانا ئالدىغا يېتىپ كەلگىنىمدە، قاراقچىنىڭ تەقدىرى مېنى قىزىقتۇرۇپ قالدى. ئىشەك ئېتىك تۇراتتى. ئۇنى ئېچىپ ئىچكىرى كىردىم. ھېلىقى ئەرەب سوزۇلۇپ ياتقان بولۇپ، گۆشلىرى تۇپراققا ئايلىنىپ سۆڭەكلىرىلا قالغانىدى. بېشى ئاستىدا چەم ھەميانغا سېلىنغان ئالتۇن تۇراتتى. كېيىن ئورىغا چۈشتۈم. ئۇ يەردىكى ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنىلا ئالدىم. ئۇنىڭدىن باشقا رەخت ـ ماتالارمۇ كۆپ ئىدى. نەزم:

قانچىلىك بولسا نەسىبەم، ئارتۇق ـ كەم ئەمەس بېرۇر،
ئالمىسام ھەم زورلىشىپ، ئالغىن دەپ، ئىلدام بېرور.

بۇ ھېكايەتنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، كىمكى باشقىلارغا ئورا كولىسا، ئۇنىڭغا ئۆزى چۈشۈشى مۇقەررەردۇر. شۇڭا، ھاياتتا پەقەت ياخشىلىق قىلىپ، باشقىلارغا ئازار بەرمەي ياشاش لازىم. نېمە تېرىساڭ شۇنى ئورىسەن، دەپ بىكار ئېيتىشمىغان.



# غىزا بىلەن سالامەتلىكنىڭ مۇناسىۋىتى

ھاجى مۇھەممەد باقى ئالىم

## 1. غىزالىنىش قائىدىلىرى

1) تاماقنى ئۆز ۋاقتىدا يېيىش، بەك تويغۇچە يېمەسلىك كېرەك.

2) قورساقنى ھەددىدىن زىيادە تويغۇزماستىن، ئازراق يېگۈسى بار ۋاقىتتا تاماق يېيىشنى توختىتىش كېرەك.

3) تاماقنىڭ سۈپىتى ياخشى، شەكلى كۆركەم، تەملىك، خۇش پۇراق بولغىنى ياخشى. بۇزۇلغان ۋە چىرىگەن بەتبۇي يېمەكلىكلەرنى، ئىسسىق كۈنلەردە تۆت سائەتتىن ئارتۇق تۇرۇپ قالغان تاماقلارنى يېمەسلىك كېرەك. چۈنكى، بۇنداق تاماقلاردا ھەرخىل مىكروبلار ئاسان كۆپىيىپ، تاماقتىن زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4) تاماق يېگەندە، ئالدى بىلەن ئاسان سىڭىدىغان سۇيۇق تاماقلارنى يېيىش، كېيىن تەستە سىڭىدىغان كۈچلۈكرەك تاماقلارنى يېيىش لازىم. تاماقنى ئالدىرىماي ئوبدان چايناپ يېيىش كېرەك. چۈنكى، تاماقنىڭ تۇنجى ھەزىمى ئېغىزدا باشلىنىدۇ. چايناش ۋە شۆلگەي بەزلىرى سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تاماقنىڭ تەركىبى ئۆزگىرىپ ھەزىمگە لايىقلىشىدۇ. چالا چايناپ ئالدىراپ يۇتۇۋەتكەن تاماقلار ئاشقازاننى ئاغرىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى بۇزىدۇ.

5) تاماق يېگەن ۋاقىتتا كۆڭۈل ئوچۇق بولۇش، خۇشال - خۇرام ھالدا يېيىش كېرەك. غەمكىنلىك، غەزەپلىك ۋە ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتتا يېگەن تاماق ئوبدان ھەزىم بولمايدۇ ھەم بەدەنگە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

6) تاماق يېڭى پىشۇرۇلغان، يۇمشاق ۋە سىڭىشلىك بولۇشى لازىم. كونا، قاتتىق - قۇرۇق تاماقلار، شۇنىڭدەك بەك قىزىق تاماقلار ئاشقازاننى غىدىقلاپ، ئۇنىڭ دىۋارلىرىنى زەخمىلەندۈرۈشى، ھەتتا راك پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

7) كېچە - كۈندۈزلۈك تاماقنىڭ نىسبىتى: بىر كۈندە تۆت قېتىم تاماق يېگەندە، مىقدارى ئازراق بولغىنى ياخشى. ئەتىگەندە سۈت، قايماق، ئازراق تاتلىق يېمەكلىكلەر، يۇمشاق نان ۋە بىر دانە تۇخۇم؛ چۈشتە گۆشلۈك شورپا؛ كەچتە يەڭگىلرەك تاماق يېيىلسە بولىدۇ. ئۇزۇن كېچىلەردە كېچىسىمۇ ئازراق تاماق يېسە بولىدۇ. بۇنداق تاماقلارنى يېگەندىن كېيىن، ئازراق ھەرىكەت قىلىپ ئاندىن ئىشلەش لازىم. لېكىن، كۈنىگە ئىككى قېتىملا تاماق يەپ قورساقنى تويغۇزۇپ ئادەتلەنگەنلەر، تاماقتىن كېيىن

بىر سائەت ئارام ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەرقانداق ۋاقىتتا قورساقنى چىڭ تويغۇزۇپلا جىددىي ھەرىكەتلەرنى قىلىش ياخشى ئەمەس.

8) تاماق يېيىشتىن ئىلگىرى ياكى تاماقتىن كېيىنلا ئۇسسۇزلۇق ئىچىش ئانچە ياخشى ئەمەس. يېمەكلىك يەپ بىر - ئىككى سائەتتىن كېيىن، ئۇسسۇزلۇق ئىچىش پايدىلىق. قىزىق تاماق يەپ تۇرۇپ، بەك سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك لازىم. ئىچىدىغان ئۇسسۇزلۇقنىڭ قىزىقلىقى تاماق قىزىقلىقىنىڭ دەرىجىسىگە تەڭ ياكى يېقىنراق بولۇشى كېرەك.

9) كۆكتات يېگەندە، ئاز - تولا سۈت ئىچكەن ياخشى. چۈنكى، سۈت ھايۋانىي ئوزۇقلۇق بولۇپ، كۆكتات بىلەن ئوبدان كېلىشىدۇ. كۆكتاتلارنى كۆپ يەيدىغانلار سۈتنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشى لازىم. ئېمىۋاتقان بالىلارنى پەقەت سۈت بىلەنلا بېقىپ، ئۇلارغا كۆكتات ۋە گۆش، ياغلىق تاماق يېگۈزمەسلىك ياخشى ئەمەس. بۇنداق بالىلارنىڭ تېنى ساغلام بولمايدۇ ياكى كېسەلچان بولۇپ قالىدۇ.

10) ھەرقانداق ئاقسىللىق تاماقنى يېگۈچىلەر ئازراق مېۋە ۋە كۆكتاتلارنى يەپ تۇرۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، قان ئازلىق كېسەللىكى كېلىپ چىقىدۇ. قوغۇن - تاۋۇزنى كۆپ يېگەندە، گۆش ۋە شورپىلارنىمۇ يەپ - ئىچىش لازىم. چۈنكى، قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىق بەزى مېۋىلەرنىڭ بەدەندىكى ياغ ماددىسىنى ئېرىتىش ۋە سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىۋېتىش رولى كۈچلۈكرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا گۆش - ياغ تەلەپ قىلىنىدۇ. مېۋە - چېۋىلەرنى ئوبدان ھەزىم قىلالمايدىغانلار ئالما، ئانار، ئامۇت، لىمون، پورتىخان قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ ئىچسە بولىدۇ. توڭ، چىرىگەن مېۋىلەر ۋە خام سەيلەرنى ھەرگىز يېمەسلىك لازىم. چۈنكى، بۇ ئادەمنى زەھەرلەپ قويىدۇ.

11) گۆش، بېلىق، سۈت، قايماق قاتارلىق ئاسان چىرىيدىغان نەرسىلەرنى يېيىشكە بەك دىققەت قىلىش لازىم. ئازراق بۇزۇلغان يېمەكلىكلەر زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. غىزا يەپ بولغاندىن كېيىن، يېرىم سائەتتىن بىر سائەتقىچە ئەتراپىدا سەيلە - ساياھەت قىلىنسا تاماق ياخشى ھەزىم بولىدۇ. تاماق يەپ بولۇپلا غۇسۇل قىلىش (يۇيۇنۇش)، جىنسىي ئالاقە، ئېغىر ئەمگەك، كۈچلۈك ھەرىكەتلەرنى قىلىش زىيانلىق.

12) بىر خىل تاماقنى بىر كۈندە ئىككى - ئۈچ قېتىم يېمەسلىك ياكى ھەر كۈنى بىر خىللا تاماق يېمەسلىك لازىم. تاماقلارنىڭ تۈرىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئىشتىھا تۇتۇلۇش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر قېتىمدا قاتتىق - يۇمشاق، ئىسسىق - سوغۇق، ئاسان ھەزىم بولىدىغان، تەستە ھەزىم بولىدىغان يېمەكلىكلەرنى، مەسىلەن، سۈت بىلەن بېلىق، قوغۇن بىلەن قېتىق قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يېمەسلىك كېرەك.

13) ياشانغان كىشىلەر غىزاغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى ۋە تاماقنى ئاز - ئاز، پات - پات يەپ تۇرۇشى لازىم. قىرىق - ئەللىك ياشتىن ئۆتكەنلەر تۇخۇمنى بەك كۆپ يېمەسلىكى لازىم.

14) كېچىدە تاماق يېيىشكە توغرا كەلسە، تاماق يەپلا ئۇخلىماسلىق لازىم. بۇنداق بولغاندا ھەزىم بۇزۇلىدۇ. كېچىسى تاماق يېگەندىن كېيىن، بىر - ئىككى سائەت ئۇخلىماسلىق كېرەك.

15) ياز كۈنلىرى تاماق يېگەندە، تاماقنىڭ ئالدىدا يۇيۇنۇش پايدىلىق. لېكىن، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىنلا مۇنچىغا چۈشۈش، چاچ چۈشۈرۈش ياخشى ئەمەس، بۇنداق ئىشلارنى تاماق يەپ بىر - ئىككى سائەتتىن كېيىن قىلغان ياخشى.

16) تاماق، قاچا - قومۇچ ۋە لۆڭگە، داستىخانلارنىڭ پاكىزلىقىغا دىققەت قىلىش. تاماق يېيىشنىڭ ئالدى - كەينىدە قولنى سوپۇنلاپ يۇيۇش، پاكىز قوشۇق، چوكا، پىچاق ۋە باشقا سايمانلارنى ئىشلىتىش كېرەك. داستىخان ۋە قاچا - قومۇچنىڭ رەڭگى ئامال بار ئاق رەڭلىك بولغىنى ياخشى. چۈنكى، ھەرخىل رەڭلەرنىڭمۇ ئادەم روھىغا تەسىرى بار. قول بىلەن تاماق يېگەندە قولنىڭ، بولۇپمۇ تىرناق ئارىلىقلىرىنىڭ تازىلىقىغا دىققەت قىلىش لازىم.

17) مۇمكىنقەدەر ھەربىر ئادەم تاماقنى بىردىن كىچىك قاچىغا بۆلۈپ يېگەن ياخشى. ئىككى، ئۈچ ئادەمنىڭ بىر قاچىدا تاماق يېيىشى ياخشى ئەمەس، ئۇنداق بولمىغاندا كېسەللىك ئۆز ئارا يۇقىدۇ.

باشقىلاردىن ئاشقان تاماقلارنى يېمەسلىك لازىم.

18) تاماققا ھاشاراتلار چۈشۈش ۋە توپا ـ چاڭ قونۇشتىن ساقلىنىش لازىم، بۇنىڭدىن خەتەرلىك كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ. تاماقلارغا توپا ـ چاڭلار ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن ئۈستى يېپىق بولۇشى كېرەك.

19) ئاشخانا ۋە تاماق يەيدىغان ئۆي ناھايىتى پاكىز، ئاقارتىلغان، ھاۋالىق بولۇشى، ھەرخىل بەتبۇي گاز ۋە بۇسلار بولماسلىقى كېرەك. ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش ياخشى. قالايمىقان ئولتۇرۇپ يېگەن تاماقلار ياخشى ھەزىم بولمايدۇ.

20) تاماق يەيدىغان قاچىلار چىنە، فارفور، سىلىق قاچا بولۇشى لازىم. مىس، تۆمۈر، ئاليۇمىن، سۇلياۋ قاچىلاردا تاماق يېمەسلىك، ئەگەر مىس قاچىدا تاماق يېيىشكە توغرا كەلسە، قەلەيلەنگەن بولۇشى لازىم. چۈنكى، قەلەيسىز مىس قاچىدا تاماق يېگەندە ياكى سۇ قاينىتىپ چاي ئىچكەندە، مىس تەسىرى بىلەن كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

21) تاماق يېگەندە قول ۋە ئېغىزنى پاكىز سۈرتۈپ تۇرۇش كېرەك، تاماقنى ئۇزاق چايناش، خولۇپلىتىپ ئىچىش، گالنى قېقىش ۋە ئادەم يىرگىنىدىغان باشقا قىلىقلارنى قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. تاماق يېيىش جەريانىدا بىر ـ بىرى بىلەن قاتتىق ـ يىرىك گەپلىشىش ياكى بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلىش ياخشى ئەمەس. چىرايلىق سۆز ۋە خۇش چاقچاقلار بىلەن تاماق يېگەن ئەڭ ياخشى.

22) تاماقتىن كېيىن پاكىز سۇ ئىچىش كېرەك، لىمون جەۋھىرى بىلەن تەييارلانغان سۇ تېخىمۇ ياخشى. توڭلاتقۇدا ساقلانغان، سوۋۇتۇلغان سۇ ۋە پاكىز سۇلاردىن ياسالغان مۇز ۋە ماروژنىلارمۇ ياز كۈنلىرى پايدىلىق، قىش كۈنلىرى پايدىسىز.

23) كوچا ـ بازارلاردىكى ئاشپەز، ناۋاي، باققال، كاۋاپچى ۋە باشقىلارنىڭ تازىلىقى ناچار بولسا، ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى يېمەسلىك لازىم. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۈچۈق قويغان، تازىلىققا دىققەت قىلمىغان، چىۋىن قونغان تاماقلىرى ناھايىتى زىيانلىق. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، ئېغىز تازىلىقىغا دىققەت قىلىش، چىش ئارىلىقلىرىدا تۇرۇپ قالغان تاماق قالدۇقلىرىنى تازىلىۋېتىش ۋە ئېغىزنى ئوبدان چايقاش لازىم.

## 2. غىزالىنىش ئۆلچىمى

ھەرقانداق ئادەم ئوزۇقلىنىشتا ئۆزىنىڭ مىزاجى، جىسمانىي قۇۋۋىتى، جىنسى، يېشى، ئەمگىكى، پەسىل ۋە بەدەن ئېھتىياجىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىشى، قورساقنى بەك تويغۇزۇۋەتمەسلىكى ياكى بەك ئاز ئوزۇقلىنىپ، بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتمەسلىكى لازىم.

1) ياش بويىچە غىزا يېيىش: يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلار ئۈچۈن ئەڭ سىڭىشلىك غىزا ئانا سۈتىدۇر. باللار ئۆسۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولغان غىزالارغا بولغان ئېھتىياجى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، باللارنىڭ مىزاجىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارغا قۇۋۋەت ماددىلىرى كۆپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى بېرىش كېرەك. ياغلىق ھەم كراخماللىق غىزالارمۇ باللارغا ماس كېلىدۇ. ياشانغانلارنىڭ بۇلارغا بولغان ئېھتىياجى ئازراق بولىدۇ. شۇڭا، ياشانغانلارغا ياغلىق، ئاقسىللىق غىزالارنى ئاز بېرىش لازىم. كراخماللىق ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەرنىڭ مىقدارىنى ياشنىڭ چوڭىيىشىغا قاراپ كۆپەيتىش كېرەك. ئامال بار ھەركىم ئۆزىنىڭ مىزاجىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان غىزالارنى ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلىنىشى لازىم.

2) جىنس بويىچە غىزا يېيىش: ئاياللارغا نىسبەتەن ئەرلەر جىسمانىي ئەمگەكنى كۆپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەرلەرنىڭ غىزاغا بولغان ئېھتىياجى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەرلەر غىزانى ئاياللاردىن كۆپرەك يېيىشى كېرەك. ئىسسىق پەسىلگە قارىغاندا، سوغۇق پەسىلدە ئوزۇقلۇقلارغا بولغان ئېھتىياج كۈچلۈك بولىدۇ. بولۇپمۇ ئادەم ئورگانىزمىدا ھارارەت پەيدا قىلىپ قۇۋۋەتنى ئاشۇرغۇچى غىزالاردىن، مەسىلەن، قايماق، گۆش، تۇخۇم، سېرىقماي، شېكەرلىك،

كراخماللىق غىزالارنى قىشتا كۆپرەك ئىستېمال قىلىش، يازدا ئازراق ئىستېمال قىلىش، ئەمما ھۆل مېۋە ـ چېۋىلەرنى، سوغۇقلۇق يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ياز پەسلىدە ئەھۋالغا قاراپ كۆپرەك ئىستېمال قىلىش كېرەك. لېكىن، بەك سوغۇق سۇ، مۇز سۇيى قاتارلىقلارنى كۆپ ئىچمەسلىك لازىم. ئەگەر بۇ نەرسىلەر كۆپ ئىستېمال قىلىنسا، ئاشقازان سوۋۇپ ھەزىم بۇزۇلىدۇ.

3) پەسىل بويىچە غىزا يېيىش: سوغۇق جايلاردا ياشايدىغان كىشىلەر ئىستېمال قىلىدىغان غىزالارنى ئىسسىق جايلاردا ياشايدىغان كىشىلەر ئىستېمال قىلسا سىڭمەيدۇ. ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ يۇمشاق غىزاغا بولغان ئېھتىياجى يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىدە بەدەندىكى قۇۋۋەت ئاسان تارقاپ كەتمەيدۇ. لېكىن، مېڭە ۋە نېرۋىنىڭ (مىزاجىدا) قۇۋۋىتى كۆپ سەرپ بولۇش تۈپەيلىدىن ھەزىم بىرئاز ئاجىزلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئادەملەر تېز ھەم ئاسان سىڭىدىغان، بەدەننى كۈچلەندۈرىدىغان غىزالارنى ئىستېمال قىلىشى كېرەك.

4) ئوزۇقلىنىش ۋاقىتلىرى: غىزا يېيىش ئۈچۈن ۋاقىت بەلگىلەش كۈندىلىك مەشغۇلاتنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ بولىدۇ. لېكىن، غىزانى ھەمىشە مەلۇم بىر ۋاقىت ئىچىدە يەپ ئادەتلەنگەن ياخشى. بۇنداق قىلماي خالىغان ۋاقىتتا غىزا ئىستېمال قىلىپ ئادەتلىنىپ قالسا، ئاشقازاننىڭ ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىش تەلىپى ۋە ھەزىم قىلىش خىزمىتى بۇزۇلىدۇ. كىچىك باللار ھەر ئۈچ سائەتتە، چوڭلار تۆت ـ بەش سائەتتە بىر قېتىم غىزالانسا بولىدۇ. ھەرقانداق غىزا تۆت سائەتتىن تۆت يېرىم سائەتكىچە سىڭىپ بولىدۇ. ئاشقازان يېرىم سائەت ئەتراپىدا دەم ئالغاندىن كېيىن، غىزا ئىستېمال قىلىنسا، ياخشى ھەزىم بولىدۇ. بەدىنى ئاجىز ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئاجىزلاپ كەتكەن كىشىلەر قورسىقىنى بەك تويغۇزۇشقا بولمايدۇ. ئادەم ھەر ئۈچ ـ تۆت سائەتتە بىر قېتىم ئاز ـ ئازدىن ئوزۇقلىنىپ تۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. بۇنداق قىلغاندا، غىزالار ئاسان ھەزىم بولىدۇ. بىمارلارغا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ سۈت، شېكەر، نوقۇت سۈيى، شورپا ئىچىشى ۋە يېيىش ئاسان، سىڭىشى تېز غىزالارنى بېرىش كېرەك. غىزا بەك كۆپ ئىستېمال قىلىنسا، ھەزىمنى بۇزۇپ قورساقتا يەل پەيدا قىلىدۇ؛ قورساقنى تولغاپ ئاغرىتىدۇ؛ سەپرا خىلىتىنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولۇپ، باشنى قايدۇرىدۇ، ئاغرىتىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلەشتۈرىدۇ، قوستۇرۇپ، قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ ياكى ئىچىنى سۈرىدۇ؛ مۇپاسىل، ئاشقازان يارىسى، نىقرەس، بوۋاسىر ۋە باشقا كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا تاماقنى كۆپ يېيىش ئادەمنى ئاجىز ۋە ھورۇن قىلىپ قويىدۇ؛ بەدەننى سەمرىتىپ ھەرخىل كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بولۇپمۇ تاتلىق ياكى ياغلىق نەرسىلەرنى، گۆرۈچ، گۆشلەرنى كۆپ يەيدىغان، ئەمما جىسمانىي ئەمگەك قىلمايدىغان ئادەملەر سەمرىپ كېتىش نەتىجىسىدە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى، بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە باشقا كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ. غىزانى بەك ئاز ئىستېمال قىلىش، ئېھتىياجىغا قاراپ غىزا يېمەسلىك ياكى ئۇزۇن ۋاقىت ئاچ قېلىش بەدەننى كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلىتىۋېتىدۇ، ئادەم تەبىئىي ئاجىزلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىچ سۈرۈش، تۈرلۈك (قۇرۇق ئىستىقا)، ھەرخىل تېرە كېسەللىكلىرى، ئۆپكە كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ؛ ئادەم كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ئاسان يۇقۇملىنىشنى پەيدا قىلىدۇ؛ ئەزالار كۈچسىزلىنىپ، ئادەم ھارغىن كۆرۈنىدۇ؛ يۈرىكى ۋە نېرۋىسى ئاجىزلاپ زېھنىي قۇۋۋىتى قالايمىقانلىشىدۇ. ئادەم ئۇزاق مەزگىل قۇۋۋەتلىك، تۈز تەركىبى كۆپ ئوزۇقلۇقلاردىن مەھرۇم قالسا، قان بۇزۇلۇش، ئۈچەيدە مەددە قۇرت پەيدا بولۇش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭلاشقا، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش ناھايىتى مۇھىم.

(«ساغلاملىق دەستۇرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

(ئاپتور خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسىنىڭ سابىق باشلىقى)

# «تۈزىمىز» بىلەن ياشايلى

غالىپ مۇھەممەت ئارتۇق

تاماقتا تۇز لازىم بولغىنىدەك، ئادەمگىمۇ «تۇز» لازىم. مەن بۇ «تۇز»نى ئەخلاق دەپ قارايمەن. قارىماققا بۇ كونا گەپ بولسىمۇ، ئەمما مەڭگۈ «مۇنبەر»دىن چۈشمەيدىغان، چوقۇم تەكىتلەشكە تېگىشلىك «كوزىر»دۇر. تارىختىكى پاجىئەلەرنىڭ كۆپىنچىسى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئالاقىدار، ھەتتا ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان «توپان بالاسى»مۇ ئەنە شۇنىڭ «كاساپىتى»دىن يۈز بەرگەن. بۈگۈنكى دەۋردىكى «ئۆزگىرىش»، بۇزۇلۇش ۋە ناچار رېئال ھادىسىلەر، شۇنداقلا ئاقىللىرىمىز، بېشارەتچىلىرىمىز تىلغا ئېلىۋاتقان «ھازىر ئىنسانلار مەنىۋى جەھەتتىن قىيامەتنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ بولدى» دېگەندەك گەپلەر يەنىلا شۇ ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەن دەيمەن، «ئۇچۇر»نىڭ قونچىقىغا ئايلانغان جەمئىيەتتە نادانلىق ئەقلىي جەھەتتە ئەمەس، ئەخلاقىي جەھەتتە بەكرەك ئەۋج ئالىدۇ. قىزلىق پەردىسىنى تۈزەش ئوپېراتسىيىسىنىڭ جەمئىيەتلىشىشى، قىز - ئاياللاردا ئىپپەت ئېڭى تۆۋەنلەپ، ئەركەكلىرىمىزنىڭ غورۇرسىزلىشىپ كېتىشى، ئامېرىكىدىكى خوتۇن ئالماشتۇرۇش كۇلۇبلىرىنىڭ نەچچە يۈزگە يېتىشى (تېخى ئاشكارىلانغىنىلا)①، تايلاندتا ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىنىڭ قانۇنلىشىشى، چېچىنىيىدە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، مېھمانخانىلاردا ستودېنت قىزلارنىڭ ئۇچىتە ھەمراھ بولۇشى، ئۆز قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلىش ياكى قىزى بىلەن ئىشرەتخانىلاردا ئۇچرىشىپ قېلىش، ئاياللاردا ساغرا ۋە ئەمچەك گۈزەللىكىنىڭ «چۈمبەردە»دىن چىقىشى ... شۇنداقلا مۇشۇ خىل ئىشلارنىڭ جەمئىيەتتە ئېغىر ئېلىنماس بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى ھەم شۇنىڭغا قاراپ يۈزلىنىشى مۇشۇ سۈيۈملۈك يەرشارىمىزدا، ئەتراپىمىزدا، ھەتتا ئارىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئەخلاق قىيامەتلىكلىرىدۇر. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار ماددىي پاراغەتتە يۈكسەلگەن بىلەن، مەنىۋى چىرىكلىكتە ئۇچىغا چىقتى. بۇنىڭ پاراممېتىرى دەل ئەخلاقتۇر.

2001 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە ئەخلاق ئۇقۇمىغا «ئەخلاق (ئەخلاقى) ئى [ئە ]

① ئابدۇرېھىم دۆلەت: «مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، 310 - بەت.

كىشىلەرنىڭ ھەربىر جەمئىيەتكە خاس بولغان پائالىيەت مىزانى؛ ئەدەپ، خۇلق، پەزىلەت» دەپ تەبىر بېرىلگەن، ئەلۋەتتە. دۇنيادا تەلتۆكۈس ئەخلاقسىز مىللەت يوق. شۇنىڭدەك ھەربىر مىللەتنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئەخلاق مىزانلىرى بار، بەزى ئەخلاق مەزمۇنلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق. يەنە كېلىپ پەن (ئەقىل) ۋە قانۇننىڭ قولى يەتمىگەن «جايلار»غا ئەخلاقنىڭ كۈچى يېتىدۇ. چۈنكى، رۇس يازغۇچىسى گوگول ئېيتقاندەك: «ئەخلاقىي تەسىر كۈچ ھەرقانداق كۈچتىن ئۈستۈن» تۇرىدۇ. ئەمدىكى گەپ شۇ ئەخلاقنىڭ مەزمۇنىدا. «ئۇنىڭ ئەخلاقى ياخشى، بۇنىڭ ئەخلاقى ناچار» دېگەن باھالار ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنىمىز، قوغدايدىغىنىمىز، رىئايە قىلىدىغىنىمىز مىللەت ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئەخلاق؛ چەكلەيدىغىنىمىز، يىراق تۇرىدىغىنىمىز، تۈزىتىدىغىنىمىز، ۋاز كېچىدىغىنىمىز مىللەت ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىسىز ناچار ئەخلاق. خۇسرەۋ دېھلەۋىينىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرالىق تەلقىنىدە تىلغا ئېلىنغان «ئىنسانىيلىق جەۋھىرى» دېگىنىمۇ بىز دەۋاتقان گۈزەل ئەخلاقتۇر:

پەقەت ھۆسنى بىلەن گۈزەل ئەمەستۇر ئادەم،
گۈزەلدۇر ئۇ يەنە ئىنسانىيلىق جەۋھىرى بىلەن ھەم.

ئۇنداقتا ئەنە شۇ گۈزەل ئەخلاقنىڭ قىسقىچە تەبىرى نېمە؟ بۇ سوئالغا موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرىي شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «ئەدەپنىڭ مەنىسى يامان ئىش، يامان سۆز قىلىشتىن ساقلىنىش؛ ئۆزىنىڭ، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئىززىتىنى ساقلاپ، ئابرۇيىنى تۆكمەسلىك دېگەنلىك بولىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەنىكەن: «ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئىمان جەننەتكە مەنسۇپتۇر؛ ئەدەپسىز سۆز قوپاللىقتۇر، قوپاللىق دوزاختا مەنسۇپتۇر. مۆمىن ئادەم كىشىلەرگە تىل تەگكۈزمەيدۇ، كىشىلەرنى تىللىمايدۇ، يامان سۆز قىلمايدۇ ۋە سۆرەن سالمايدۇ. كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمىغان، چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەن، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇمىغان، يامان ئىشلاردىن توسمىغان ئادەملەر بىزگە مەنسۇپ ئەمەس. مۆمىننىڭ (قىيامەت كۈنى نام – ئەمەللەر تارتىلىدىغان) تارازىسىدا چىرايلىق خۇلقتىن ئېغىر كېلىدىغان نەرسە يوق»①. بۇ يەردە دېيىلمەۋاتقان نۇقتىلار (باياnlar) بىز تەشەببۇس قىلىدىغان ۋە ئەمەل قىلىدىغان ئەخلاقنىڭ ئەقەللىي ۋە ئومۇمىي مەزمۇنلىرى بولۇپ، ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان «چىرايلىق خۇلق» گۈزەل ئەخلاقنى كۆرسەتسە، «مۆمىن ئادەم» دېگىنى شۇ گۈزەل ئەخلاقنىڭ ساھىبىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋىمىزنىڭ: «ئادەم قىس ئەمەس، كىشىلىك قىس»، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خەراباتىي دانىشمىنىمىزنىڭ: «ئەدەپلىك بولۇش ئالىم بولغانغا باراۋەر» دېگەنلىرى بىلەن شەرق ھېكمەتلىرىدىكى: «ئالىم بولماقتىن ئادەم بولماق (ئەخلاقلىق بولماق) تەس» دېگەن گەپلەر بىكارغا ئېيتىلمىغان. شۇڭا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ھېچقاچان ئەقىلنى ئەخلاقنىڭ ئالدىغا قويۇۋالمىغان، بەلكى ئەخلاقنى ئەقىل (بىلىم)نىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە تونۇغان. بۈگۈنكى پاجىئەلەر مۇشۇ «مىزان»غا خىلاپلىق قىلىشتىن، يەنى ئەقىل (تېخنىكا)نى ئەخلاقنىڭ بېشىغا قويۇۋېلىشتىن بولۇۋاتىدۇ. مانا بۇ ئەقىلىي كورلۇق، ئەخلاق كۇپۇرلۇقى! ئەسلىي ھېكايەتلەردە ئېيتىلغىنىدەك: «ئەدەپ – ئەخلاقنىڭ تۈپ مەنبەسى ۋە مەركىزىي نۇقتىسى — ئەقىل»② ئىدى. ئەمما، ئەقلىيلىك «ۋايىغا يەتكەن» بۈگۈنكى دەۋردە ئەخلاقسىزلىق تۈپەيلى نۇرغۇن پاجىئەلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا بۇ ئەقىل زادى قانداق ئەقىلكىن؟!

---

① «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 - يىلى 6 - ئاي، 1 - نەشرى 184 — 187 - بەتلەر.
② ئەزىزى، ھەجەرگۈل قاسىم (نەشرىگە تەييارلىغان): «دانالار دۇردانىلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى 3 - ئاي، 1 - نەشرى، 119 - بەت.

مەن بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. ئەڭ ئەقەللىيسى، ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ سالامسىزلىقى، يالغانچىلىقىدىن تارتىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تېتىقسىزلىقلىرىغىچە (بۇ ئەلۋەتتە قىلىنىۋاتقان ئىش ـ ئەمىلگە قارىتىلغان) ماڭا سىر ئەمەس. جەمئىيەتتىكى ئەنە شۇ ئەقەللىي ئەخلاق مىزانلىرىنىڭمۇ دەپسەندە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرمەي دېسەممۇ، كۆرۈشكە مەجبۇر بولىمەن، چۈنكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ياشاش مېخانىزمى بۇنداق «تەلەي»نى ئادەمگە ئاتا قىلماي قويمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ياشاۋاتقان جەمئىيەت ئەخلاق ئاڭلىق ئىجرا قىلىنىش باسقۇچىدىكى جەمئىيەت ئەمەس، بەلكى ئۆتۈنۈش، نازارەت ئاستىدا تەشەببۇس قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان (كېتىۋاتقان) جەمئىيەت. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ رېئال ھالەتكە چىداشقا، ماسلىشىشقا، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە، كەلگۈسىدىن ئۈمىدۋار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، شالغۇت مۇھىتتا ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش، قوغداش يولى بىلەن رېئاللىققا ئىنكاس قايتۇرالىغان ئادەم ئۆزلۈكىنى يوقاتمايدۇ، مىللەتمۇ ھەم شۇنداق. يەنە كېلىپ ئۇيغۇرلاردەك ئاجايىپ چوڭقۇر مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا ئىگە بىر قوۋم ئۈچۈن بۇ تەس ئىشمۇ ئەمەس. مەسىلە بىزنىڭ جاھان يېڭىلىقلىرىغا قانداق قارىشىمىز ۋە ئۇلارنى قانداق قوبۇل قىلىشىمىزدا.

خەلقىمىز تاشمايىل پىسخىكىلىق خەلق. يەنە كېلىپ بىز «نۇرغۇن ئىشنى بىر شەخسنىڭ يەككە ئىرادىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى جامائەتنىڭ ئورتاق خاھىشى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا كۆنۈككەن كىشىلەر»[2]دىن بولغاچ، بىزدە نۇرغۇن نەرسىلەر مۆئەييەن ئاممىۋى ئاساستا ئاسانلا قوبۇل قىلىنىپ كېتىدۇ، يا ئىنكار قىلىنىدۇ. شۇڭا، پىسخىكىمىزدا «قىزىپ ـ سوۋۇش» يادرولۇق بولۇپ، ئۇ باشقىلارنىڭ خاراكتېرىدىكى «چۆۋۈپ ـ توقۇش» ئەندىزىسى بىلەن چاڭلىشىپ، بەكلا غەلىتىلىشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى كۈندە بىرەر يېڭىلىقنىڭ شەپىسىگە بولغان سەزگۈرلۈكىمىز يا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىكى قوبۇل قىلىشىغا ئوخشىمايدىغان، يا زامانىۋى دۇنيانىڭ ئىلغار ئۆلچىمىگە يەتمەيدىغان پەلپەتىشلىك ۋە تېڭىرقاشقا ئوخشاپ قالدى. ئەقلى كۆزىمىز، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئابدۇقادىر جالالىدىن ئوتتۇرىغا قويغان (ئۇيغۇر مەتبۇئات ساھەسىگە نىسبەتەن) «ئۈچىنچى كۆز»ىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئاممىۋىلىشىشتىن يىراق بولغاچقا، بىزنىڭ بۈگۈنكى قوبۇللاشلىرىمىز جەۋھىرىدىن (ماھىيىتىدىن) كۆرە، شەكلى (ھادىسىۋى) جەھەتتە گەۋدىلىكرەك بولدى. ئەمەلىيەتتە بىز ئىشقىدا مەجنۇن بولۇپ كېتىۋاتقان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىزنى ئازدۇرۇپ كېتىۋاتقان «غەرب» ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئاددىي، چاكىنا ئەمەس. دۇنيا كۆرمىگەن بېكىنمە رايون خەلقلىرى ۋاستىلىك «كۆرگەن ـ بىلگەن»لىرىگە (ئۇچۇرلارغا) ئاسانلا ئىشىنىپ، ئەل بولۇپ كېتىدۇ. ھەتتا بىزنىڭ مۇشۇ ھالىتىمىز (پىسخىكىمىز)دىن شۇ غەربلىكلەرمۇ (كۆرگەن، چۈشەنگەنلىرى) ھەيران. ئاڭلىشىمچە، بىر چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپتە ئۆگىنىش ۋە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۆز ھەيرانلىقىدىن ئارىيە بېرىپ شۇنداق دېگەنىكەن: «مەن بۇ يەردە خۇددى ھوللىۋودقا كېلىپ قالغاندەك بولدۇم». مېنىڭچە، بۇ بىر ئېغىز گەپنىڭ كەينىگە نۇرغۇن گەپ يوشۇرۇنغان. شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئىشلەيدىغان بىر ھەدىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىككى يىل ئىلگىرى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كەلگەن بىر چەت ئەللىك ئايال بىلەن دوست بولۇپ قاپتۇ. بىر قېتىم ئۇ چەت ئەللىك دوستىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مەرىكىسىگە ئاپىرىپتۇ. چەت ئەللىك ئايال ناھايىتى خۇش چاقچاق، تەبەسسۇم چىراي بولغاچقا، سورۇندىكى بىر ئەر ئۇنى تانسىغا تارتىپتۇ. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئايال بۇ تەكلىپنى رەت قىپتۇ. سەۋەبى، تانسا ئويناشنى بىلمەيدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى يات بىر ئەر بىلەن تانسا ئويىنسا مۇۋاپىق بولمايدىكەن. چۈنكى،

---

① ئەسەت سۇلايمان:«دېكابىردىكى ستوكھولم ۋە شىمالىي ياۋروپا خىياللىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2006 ـ يىللىق 2 ـ سان، 26 ـ بەت.

ئۆز ئېرىنىڭلا ئۇنىڭ بەل، قوللىرىنى تۇتۇپ تانسا ئوينىش ھوقۇقى بولىدىكەن. ئەسلىدە ئۇ ئايالنى ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئويناپ كېتەرمىكىن، دەپ پەرەز قىلغان ھەدىمىز كۈتمىگەن بۇ جاۋابتىن باشتا تولىمۇ ھەيران قاپتۇ. ئارقىدىن ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ باشتىكى ئويىدىن تولىمۇ خىجىل بوپتۇ. ئارىلىقتا ھەدىمىز ئۇ دوستىغا:«سىلەرنىڭ كىنولىرىڭلارغا قارىسا، ئادەمنىڭ بايىقى گېپىڭىزگە ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ» دەپتۇ. چەت ئەللىك ئايال بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۇنداق دەپتۇ: «ئامېرىكىنىڭ كىنولىرى ئارقىلىق ئامېرىكىنى چۈشىنىمەن دېيىش تولىمۇ بىمەنىلىك. ئامېرىكىنىڭ كىنولىرى ئامېرىكىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئامېرىكىنىڭ كىنو ئىشلەش تېخنىكىسىنى كۆز - كۆز قىلىش، يات ئەل كۆرۈرمەنلىرىنى قىزىقتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي كىرىمنى ئاشۇرۇش، ھوللىۋود مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تارقىتىش ئۈچۈنلا ئىشلىنىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئامېرىكا ھوللىۋود ئەمەس. دۆلىتىمىز يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان، ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەر ئۇنۇملۇك سىستېمىلاشقان دۆلەت. كىنولاردىكى ئۇ خىل كۆرۈنۈشلەرنى ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ كوچا - كويلىرىدا ئۇچرىتالمايسىز، ئۇنداق ئىشلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس سورۇنى، قائىدە - تۈزۈملىرى بولىدۇ. ئۇ ئىشلار شۇ خىل (رايون)لاردىلا يۈرۈشىدۇ...». ئۆتكەندە ئامېرىكىدا ئوقۇپ كەلگەن بىر قېرىندىشىمىز شۇنداق دېگەنىدى: «ئىنگلىز قىز - ئاياللىرى قارىماققا شالاقتەكلا تۇيغۇ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يات كىشىلەر بىلەنمۇ خۇددى قەدىناسلاردەك چىقىشىپ پاراڭلىشىپ كېتىشى ئادەمگە شۇنداق تەسىرات بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلار سىز بىلەن چوڭقۇرراق چۈشىنىشىپ (ھەرگىزمۇ ھېلىقىدەك مەقسەتتە ئەمەس)، ئورتاقلىشىپ، قولىدىن كەلسە ياردەم قىلىشنى ئويلايدۇ. راستىنى دېسەم، ئۇلار مۇئامىلىدە ئۇچۇق بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئىشتان بېغىغا ئىنتايىن قاتتىق (چىڭ)».

«قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى، ئۇيغۇرشۇناس گۇننار ياررىڭ ئەپەندىنىڭ يۇرتى بولغان ياۋروپادىكى دۆلەت — شۋېتسىيىدە بىر يىللىق ئىلىم تەھسىل قىلىش پۇرسىتىدە بولغان ئۇمىدلىك ئالىمىمىز، دوكتور ئەسەت سۇلايمان:«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىللىق 2 - سانىدىكى «دېكابىردىكى ستوكھولم ۋە شىمالىي ياۋروپا خىياللىرى» دېگەن ماقالىسىدە: «ھەربىر خەلقنىڭ ئۆزىگە يارىشا ياشاش ئۇسۇلى بولىدۇ، يەنە كېلىپ بۇنداق ئۆزىگە خاس ياشاش ئۇسۇلىنى شۇ خەلقنىڭ ئىجتىمائىي كوللېكتىپى ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە تارىخىي جەريانىدا يېتىلدۈرگەن بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ئۆز تۇرمۇش ئەندىزىمىزدىن گۇمانلىنىپ، باشقىلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلىغا مەپتۇن بولۇپ يۈرۈشىمىزنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟» دەپ يازىدۇ. دېمىسىمۇ كۆزىمىزنى ئالا چەكمەن قىلىپ كېتىۋاتقان، بىز مەپتۇن بولۇپ كېتىۋاتقان ئاشۇ «نەرسىلەر» ھەرگىزمۇ غەرب دۇنياسىدىكى بىرلەمچى نەرسىلەر ئەمەس. ئەگەر ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە توغرا كەلسە، ئۇنداق پارچە - پۇرات، ئىككىلەمچى نەرسىلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىجادكارلىق - تەۋەككۈلچىلىك روھىنى، پەن - تېخنىكىسىنى ئۆگەنسەك بولىدۇ. قالغان نەرسىلەر ئۆزىمىزدە تولۇپ يېتىپتۇ، ھەتتا شۇ غەربلىكلەرگە دەرس قىلىپ ئۆتكۈدەك دەرىجىدە! مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزدە بېيىپ مۇكەممەللىشىپ كەتكەن ئەخلاق رىسالىلىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ياشاش دەستۇرلىرى بىزگە «بىر ئۆمۈر» يېتىپ ئاشىدۇ، تېخى بۇلار ئۆزگىلەردە بۇ دەرىجىدە ئەمەس! نېمىشقا مۇشۇنى تەلتۆكۈس چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغاندىمىز؟! شۇڭا، بىزگە كېرەكلىك «تۇز» ئۆزىمىزدە، گەپ ئۇنى قىدىرىپ ئۆز ئەمەلىيىتىمىزدە ئىشلىتەلىشىمىزدە! شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ: «ئادەم بالىسىنىڭ قەدىر - قىممىتى، ھۆرمىتى ئۇنىڭ ئەخلاقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ، گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەملەر ئەڭ مۆتىۋەر بولۇپ، ئەخلاقسىزلار بولسا خەلق ئالدىدا قەدىرسىزدۇر»(رىزائىددىن ئىبنى فەخرىددىن).

(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھەرلىك 46 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى)

# باغۋەننىڭ قىزى

(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابلاجان مامۇت

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا تەكلىماكاننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى ناھايىتى گۈزەل بىر شەھەردە ئىنتايىن باي بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ياش پەرقى بىر - بىرىنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، بۇ ئۈچ ئوغۇل خۇددى بىر غولدىن تەڭلا بىخ سۈرۈپ چىققان نوتىلاردەك بىر - بىرى بىلەن بوي تالىشىپ تەڭلا قۇرامىغا يېتىپتۇ. ئوغۇللىرىنىڭ بويىغا يېتىپ قالغىنىنى كۆرگەن سودىگەر: «كۆزۈم ئوچۇق ۋاقتىدا ئوغۇللىرىمنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ، ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىۋالاي» دېگەن نىيەتكە كەپتۇ ۋە بىر كۈنى چوڭ ئوغلىنى چاقىرىپ:

— مەن ياشىنىپ قالدىم، بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. كۆزۈمنىڭ يورۇقىدا سىلەرنى ئۆيلەپ قويۇپ، ئاتىلىق قەرزىمنى ئادا قىلاي دەيمەن. قېنى ئېيتقىن، سېنىڭ كىمگە ئۆيلەنگۈڭ بار؟ — دەپتۇ.

ئوغۇل ھېچ ئىككىلەنمەستىن:

— بولسا ئادىل باغۋەننىڭ قىزىغا ئۆيلەپ قويغان بولسىڭىز، ئاتا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەسلىدە بۇ شەھەردە ئوردىنىڭ بېغىغا قارايدىغان ئادىل باغۋەن دەيدىغان بىر كىشىنىڭ ھۆسن - جامالدا تەڭداشسىز، ئەقىل - پاراسەت ۋە ئىلىم بابىدا كامالەتكە يەتكەن، ئەخلاق - پەزىلەتتە يېگانە بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىزغا نۇرغۇن بەردەم يىگىتلەر ئاشىق ئىكەن، لېكىن ئۇلار قىزنى كۆرسە ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭغا ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمايدىكەن.

سودىگەر ئەتىسى ئوتتۇرانچى ئوغلىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىنمۇ كىمگە ئۆيلەنگۈسى بارلىقىنى سوراپتۇ.

— ئادىل باغۋەننىڭ قىزىغا ئۆيلەنگۈم بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوتتۇرانچى ئوغۇلمۇ. كەنجى ئوغۇلمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ جاۋابنى بېرىپتۇ.

بۇ ئىشتىن بېشى قاتقان سودىگەر ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئاخىر بىر ئامال تېپىپتۇ - دە، ئۈچ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا:

— مەن ھەربىرىڭلارغا قىرىقتىن تۆگە بېرىمەن. سىلەر ياقا يۇرتلارغا بېرىپ سودا قىلىڭلار. بىر يىل ئىچىدە كىم ئەڭ ئاۋۋال قىرىق تۆگىنى سەكسەنگە كۆپەيتىپ قايتىپ كەلسە، ئادىل باغۋەننىڭ قىزىنى شۇنىڭغا ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

ئوغۇللار بۇ شەرتكە ماقۇل بولۇشۇپ، ھەربىرى قىرىقتىن تۆگىنى ھەيدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئاكا - ئۇكا ئۈچەيلەن يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئۈچ ئاچا يولغا كەلگەندە، بىر - بىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئۈچ تەرەپكە بۆلۈنۈپ يولغا چىقىپتۇ.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، ئاكا - ئۇكىلار بىر شەھەردە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار ساق - سالامەت كۆرۈشكىنىدىن خۇشال بولۇشۇپ، بىر مېھمانسارايغا ئورۇنلىشىپتۇ. ئەتىسى چوڭ ئوغۇل تۆگىلىرىنى بازارغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇ قايناق بازاردا كىچىككىنە بىر ئەينەك كۆتۈرۈۋالغان بىر ئادەمنىڭ: «خاسىيەتلىك ئەينەك ساتىمەن» دەپ ۋارقىراپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئەينىكىڭنىڭ قانداق خاسىيىتى بار؟ نەچچە پۇلغا ساتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ئەينەكنىڭ خاسىيىتى شۇكى، دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، ئەگەر خالىساڭ قىرىق تۆگىگە تېگىشەيلى، — دەپتۇ ئەينەكچى.

شۇنداق قىلىپ، چوڭ ئوغۇل ئەينەكنى قىرىق تۆگىگە تېگىشىپ مېھمانسارايغا قايتىپ كەپتۇ ۋە ئىنىلىرىغا بولغان ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئەتىسى ئوتتۇرانچى ئوغۇلمۇ تۆگىلىرىنى سېتىپ پۇلىغا ياخشى مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا چىقىپتۇ. ئۇ تۆگىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىر ئادەمنىڭ: «گىلەم ساتىمەن، خاسىيەتلىك گىلەم» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ قاپتۇ - دە، دەرھال ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— گىلىمىڭنىڭ قانداق خاسىيىتى بار؟ قانچە پۇلغا ساتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ گىلەم ھەرقانداق يەرگە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئاپىرىپ قويالايدۇ. قىرىق تۆگىگە تېگىشىمەن، — دەپتۇ گىلەمچى.

شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرانچى ئوغۇل قىرىق تۆگىسىنى گىلەمگە تېگىشىپ، مېھمانسارايغا قايتىپتۇ. ئاخىردا كەنجى ئوغۇل تۆگىلىرىنى ھەيدەپ بازارغا بېرىپتۇ. ئۇ كوچىلىدا: «ئاكىلىرىمنىڭ سودىسى ئۆتۈشلۈق بوپتۇ. مەن نېمە سېتىۋالسام بولار؟» دەپ ئويلاپ كېتىۋېتىپ، بىرىنىڭ: «خاسىيەتلىك ئالما ساتىمەن» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالمىچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئالماڭنىڭ قانداق خاسىيىتى بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ئالما ھەرقانداق ئېغىر كېسەلنى ساقايتالايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئالمىچى.

كەنجى ئوغۇل ھېچ ئويلانمايلا قىرىق تۆگىنى بېرىپ، ئالمىنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. كەچقۇرۇنلۇقى ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى ماختاشقا باشلاپتۇ.

كەنجى ئوغۇل چوڭ ئاكىسىغا:

— ئاكا، سىزنىڭ ئەينىكىڭىزنىڭ راستىنلا جاھاندىكى ھەممە نەرسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان خاسىيىتى بولسا، ئادىل باغۋەننىڭ قىزى ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن، كۆرۈپ باقساق قانداق؟ — دەپتۇ.

چوڭ ئوغۇل ئەينەكنى ئۆز يۇرتى تەرەپكە توغرىلاپتىكەن، ئادىل باغۋەننىڭ قىزى ئەينەكتە كۆرۈنۈپتۇ. قىز ئېغىر كېسەل بولۇپ، سەكراتتا ياتقانىكەن. ئۇلار قىزنى قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ كېلىشىپتۇ - دە، دەرھال ئوتتۇرانچى ئوغۇلنىڭ ئۇچار گىلىمىگە ئولتۇرۇپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئادىل باغۋەننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. كەنجى ئوغۇل دەرھال ئالمىسىدىن ئازراق كېسىپ قىزنىڭ ئاغزىغا سالغانىكەن، قىز شۇ ھامان ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە، ئۆز ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان يىگىتلەرگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىپتۇ.

قىزنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ، ئاكا - ئۇكىلارنىڭ يۈرىكىگە تېخىمۇ ئۇلۇغ ئوت تۇتىشىپتۇ. ئۇلار ھەربىرى كۆڭلىدە قىزنى ئۆزىگە تەئەللۇق بولدى، دەپ ئويلىشىپتۇ. چوڭ ئوغۇل ئۇكىلىرىغا:

— ئەگەر مېنىڭ ئەينىكىم بولمىغان بولسا، قىزنىڭ كېسەل بولۇپ قالغىنىنى بىلمەي، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىغان بولاتتۇق. شۇڭا قىز ماڭا تەئەللۇق، — دەپ جار ساپتۇ.

— ياق. ئەگەر مېنىڭ گىلىمىم بولمىغان

بولسا، بۇ يەرگە ۋاقتىدا كېلەلمەي، قىزنى قۇتقۇزۇپ قالالمايتتۇق، شۇڭا قىز مېنىڭ بولۇشى كېرەك، — دەپتۇ ئوتتۇرانچى ئوغۇل.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان كەنجى ئوغۇلمۇ بوش كەلمەي:

— بۇ ساھىبجامالنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بىردىنبىر نەرسە دەل مېنىڭ خاسىيەتلىك ئالمام. ئالما بولمىغان بولسا، قىزنىڭ كېسىلى ساقىيامتى؟ — دەپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەتالاش بارغانسېرى كۈچىيىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەقىللىق قىز ئوتتۇرىغا چۈشۈپ:

— مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرۇشتا ھەممىڭلارنىڭ تۆھپىسى بار. مەن بىر تېپىشماق ئېيتىمەن، كىم جاۋابنى ئەڭ ئاۋۋال تاپالىسا، مەن شۇنىڭغا ياتلىق بولىمەن، — دەپتۇ ۋە مۇنۇ تېپىشماقنى ئېيتىپتۇ:

ئىككى شاھ شەھەر سوراپتۇ چاڭ چىقارماي،
ئىككى بۆرە بىر قوي يەپتۇ قان چىقارماي.
بەش قولۇمدا بەش ئۈزۈك، ئالغىن چىقارماي،
ئېيتىڭلارچۇ بۇنىڭدىكى مەنا نېمە؟
سوئالىمغا جاۋاب تاپسا قايسى يىگىت،
ئالسۇن مېنى ھېچقانداق مال – پۇل چىقارماي.

ئۈچ ئاكا – ئۇكا قانچە ئويلاپمۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تاپالماي، ئاخىر دانىشمەنلەردىن سوراپ بېقىش ئۈچۈن يۇرت ئارىلاپ چىقىپ كېتىپتۇ. كەنجى ئوغۇل بىر تاغ يولىدا كېتىۋېتىپ قوي بېقىۋاتقان بىر پادىچى يىگىتكە ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ سالام – سەھەتتىن كېيىن، مېڭىشقا تەمشەلگەنىكەن، پادىچى يىگىت:

— يىگىت، نەگە ئالدىراپسەن؟ ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ ماڭمامسەن؟ — دەپ ئۇنى تۇتۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئۇسسۇزلۇق ئىچكەچ پاراڭلىشىپتۇ. كەنجى ئوغۇل بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ۋە قىزنىڭ تېپىشمىقىنى پادىچى يىگىتكە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىچى يىگىت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىرھازا قاقاقلاپ كۈلگەندىن كېيىن، كەنجى ئوغۇلغا قاراپ:

— جاۋابىنى مەن ئېيتىپ بېرەي، «ئىككى شاھ شەھەر سوراپتۇ چاڭ چىقارماي» دېگەندىكى ئىككى شاھ ئاي بىلەن قۇياش؛ «ئىككى بۆرە بىر قوي يەپتۇ قان چىقارماي» دېگەندىكى ئىككى بۆرە ئەزرائىل بىلەن جەبرائىل. «بەش قولۇمدا بەش ئۈزۈك، ئالغىن چىقارماي» دېگىنى مەن ئۈزۈم بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيمەن، سەنمۇ شۇنداق قىلغايسەن دېگىنى. ئەمدى بېرىپ مەشۇقۇڭغا مۇشۇ جاۋابنى بېرىپ، ۋىسالىغا يەتكەيسەن، — دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل پادىچى يىگىتكە كۆپ رەھمەت ئېيتىپ، خۇشال ھالدا يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ ۋە دەرھال قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. قىز ئۇنىڭدىن:

— بۇ جاۋابنى قانداق تاپتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت پادىچى يىگىتنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى دەپتۇ. قىز بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەمىسە مەن شۇ پادىچى يىگىتكە ياتلىق بولۇشۇم كېرەك. لېكىن، سىلەرنىڭ ياخشىلىقىڭلارنى ئويلىسام، كۆڭلۈڭلارنى يەردە قويغۇم يوق. مۇنداق بولسۇن، پادىچى يىگىتنىمۇ چاقىرىپ كېلىڭلار، تۆتىڭلاردىن بىر سوئال سورايمەن، قايسىڭلار توغرا جاۋاب بەرسەڭلار، شۇنىڭغا ياتلىق بولىمەن، — دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل بېرىپ، پادىچى يىگىتنى باشلاپ كەپتۇ. تۆت يىگىت قىزنىڭ ھوزۇرىغا جەم بوپتۇ. قىز ئىچكىركى ئۆيدىن تاۋار رومالغا ئورالغان بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ۋە رومالنى يېشىپتۇ. رومالغا ئورالغىنى بىر باش سۆڭەك ئىكەن. يىگىتلەر بۇنىڭدىن ھەيران بولۇشۇپ تۇرغىنىدا قىز:

— بۇ نېمىنىڭ باش سۆڭىكى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۈچ ئاكا – ئۇكا بەس – بەس بىلەن ئۇنى ھەرخىل ھايۋاننىڭ بېشىغا ئوخشىتىپتۇ، لېكىن توغرىسىنى تاپالماپتۇ. نۆۋەت پادىچى يىگىتكە كەلگەندە، ئۇ باش سۆڭەكنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىرھازا سىنچىلاپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز ئۇنى باغرىغا بېسىپ ھەسرەت بىلەن يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن

ھەيران بولغان ئاكا ـ ئۇكىلار ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ، مەلىكە تەستە يىغىدىن توختىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن يىغلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. پادىچى يىگىت ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى مۇنداق بايان قىپتۇ:

— بۇ باش سۆڭەك قەدىردان ئاتامنىڭ تۇلپارىنىڭ باش سۆڭىكى. ئۇ ھايات چېغىدا پادىشاھنىڭ ئەڭ يېقىن ۋەزىرى ئىدى. ئالدىڭلاردا تۇرغان بۇ ساھىبجامال بولسا، ئەسلىدە پادىشاھنىڭ يالغۇز قىزى ئىدى. بىز ئانىلىرىمىزنىڭ قورسىقىدا ئاپىرىدە بولغاندىلا، ئاتىلىرىمىز: «ئەگەر باللىرىمىزنىڭ بىرى قىز، بىرى ئوغۇل بولۇپ تۇغۇلسا، ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ، مەڭگۈلۈك قودا بولىمىز» دەپ پۈتۈشكەنىكەن. دېگەندەك، پادىشاھ بىلەن ئاتام شىكارغا چىقىپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن تۇغۇلۇپتىمەن، ئارقىدىنلا بۇ قىز تۇغۇلۇپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئاتام خۇشاللىقىدا تاغ باغرىدا تۇلپارىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، تۇلپار تويۇقسىز يىقىلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ئاتاممۇ بېشى تاشقا تېگىپ قازا قىپتۇ. شۇ چاغدا ئانام ئاتامنىڭ تۇلپارىنىڭ بېشىنى ئەكەلدۈرۈپ، تەۋەررۈك سۈپىتىدە ساقلاپ قويغانىكەن. مەنمۇ كىچىك ۋاقتىمدا بۇ تەۋەررۈكنى نەچچە قېتىم كۆرگەن. بۈگۈن مەلىكىمىزنىڭ شاپائىتى بىلەن ماڭا بۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋېلىش نېسىپ بولدى، — دەپتۇ يىگىت ۋە كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، سۆزىنى يەنە داۋام قىپتۇ، — ئاتام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، مەلىكە بىلەن ئىككىمىزنىڭ بېشىنى باغلاپ قويۇپتۇ. كېيىن ئاتامنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن قارانىيەت ۋەزىر «مۇشۇ يېتىم ئوغلاق تەخت ۋارىسى بولۇپ قالارمۇ؟» دەپ ئويلاپ مېنى كۆزدىن يوقىتىپ، مەلىكىنى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا ئېلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئۇ بارغانسېرى ياۋۇزلىشىپ، پادىشاھىمىزنى سۈيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئانىلىرىمىز بىزگە خەۋپ يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، سادىق ئوردا خىزمەتچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، مېنى تاغدىكى تاغامنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىۋېتىپتۇ. ئەمدى بىلدىمكى، مەلىكىمىزنى ئەينى چاغدا پادىشاھنىڭ چاربېغىغا قارايدىغان ئادىل باغۋەننىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويغانىكەن. كېيىن بىزنى قاچۇرۇپ قويغان ۋەزىر تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، ئانىلىرىمىزنى قىيناپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئەقىللىق ئانىلىرىمىز ئەنە شۇ قالايمىقانچىلىقلاردا ئېسىنى يوقاتماي، مەلىكە بىلەن ئىككىمىزنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە قايتا تېپىشىۋېلىشىمىز ئۈچۈن، بۇ تۇلپارنىڭ بېشىنى بىزگە شەرتلىك بەلگە ئورنىدا قالدۇرۇپ كېتىپتۇ. مانا بۈگۈن ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ تىلىكى ئەجابەت بولۇپ، تەڭرى بىزنى قايتا ئۇچراشتۇردى. بۇ ئىشقا سەۋەب بولغان بۇ ئاكا ـ ئۇكا بۇرادەرلىرىمگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، — پادىچى يىگىت سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىغا تەزىم قىپتۇ. ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا بۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ تەسىرلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ قايتا تېپىشقانلىقىدىن خۇشال بولۇشۇپ، ئۇلارغا چىن قەلبىدىن بەخت تىلەپتۇ.

ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ. ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىمۇ ئۆزىگە لايىق قىزلارنى تېپىپ، تۇرمۇش قۇرۇپتۇ. ئۇلار پادىچى يىگىت بىلەن قىيامەتلىك دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: ئەخمەت موللام
(توپلاپ رەتلىگۈچى يېڭىسار ناھىيە ئۇچار يېزىسىدىن)




(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ تۆت بالىسى بار ئىكەن. بالىلارنىڭ چوڭى قىز بولۇپ، ئېتى زەينەپ ئىكەن. قالغان ئۈچى ئوغۇل بولۇپ، ئاتلىرى ئاۋۇت، مامۇت، ساۋۇت ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ دېھقان ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ساقىيالماسلىقىغا كۆزى يېتىپ، بالىلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— بالىلىرىم، ئاناڭلار خېلى بۇرۇنلا ئالەمدىن ئۆتتى. مېنىڭ كېسىلىم ساقايمايدىغان ئوخشايدۇ. مۇبادا ئۆلۈپ تارتىپ قالسام، سىلەر بىر - بىرىڭلارغا ھەمدەم بولۇپ، ئىناق ئۆتۈڭلار. مېنىڭ سىلەرگە قالدۇرغۇدەك بىرنەرسەم يوق. شۇڭا، بۇ نەسىھەتىمنى مىراس ئورنىدا كۆرۈپ، ئېسىڭلاردا مەھكەم تۇتۇڭلار، — دەپتۇ ۋە ئۇزۇنغا قالماي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

دېھقان ھايات ۋاقتىدا قىزىنى ياتلىق قىلغانىكەن. بالىلار دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بەزىدە ئاچ، بەزىدە توق قاپتۇ. بەزىدە ئاچىسى زەينەپنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. زەينەپ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىكەن. بىراق، ئۇنىڭ ئېرى بېخىل بولغانلىقتىن، بالىلارنىڭ ئۇ يەردە ئانچە تورغۇسى كەلمەيدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئۈچ ئوغۇلمۇ چوڭ بولۇپ، ئەقىل تېپىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى بالىلارنىڭ چوڭى ئاۋۇت ئاچىسىنى يوقلاپ بېرىپتۇ. ئۇ ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە يېقىن قالغاندا، ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن يېزنىسى خوتۇنىغا:

— خوتۇن، ئۇكاڭلار كەلدى، چاققان پولو ئېتىڭلار، — دەپتۇ.

زەينەپ پولو ئېتىپ داستىخانغا قويۇپتۇ. ئاۋۇت ئاشتىن ئىككى كاپام ئالار - ئالمايلا يېزنىسى «قورسىقىم توق» دەپ داستىخاندىن قول تارتىپتۇ. ئۇ تاماق يېمىگەندىن كېيىن، ئاۋۇتمۇ نائىلاج داستىخاندىن قول تارتىپتۇ. شۇ كۈنى ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ قاپتۇ ۋە كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ قايتىپ كەپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ، ئوتتۇرانچى ئوغۇل مامۇت ئاچىسىنى كۆرگىلى بېرىپتۇ. ئۆيگە كىرىپ بولغۇچە يېزنىسى زەينەپكە:

— خوتۇن، ئوتتۇرانچى ئۇكاڭلار كەلدى، دەرھال چۆپ ئېتىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ. زەينەپ «ماقۇل» دەپ چۆپ ئېتىپ داستىخانغا كەلتۈرۈپتۇ. مامۇت چۆپتىن ئەمدى ئىككى قوشۇق ئېلىپ تۇرۇشىغا يېزنىسى «قورسىقىم توق» دەپ تاماقنى يېمەپتۇ. مامۇتمۇ نائىلاج تاماق يېيىشتىن توختاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرانچى ئوغۇلمۇ ئۆيگە ئاچ قورساق قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگىلا كەنجى ئوغۇل ساۋۇت:

— ئاكا، ئاچام نېمە تاماق ئېتىپ بەردى؟ سىنى ئوبدان مېھمان قىلغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

مامۇت ئاچ قورساق قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاۋۇت ئالدىنقى نۆۋەت ئاچىسىنى يوقلاپ بارغان چاغدىكى ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتىپتۇ. يېزنىسىگە ئاكا - ئۇكا ئۈچەيلەننىڭ راسا ئاچچىقى كەپتۇ. ساۋۇت ئىككى

ئاكىسىغا:

— بىرقانچە كۈندىن كېيىن مەن ئاچامنىڭ ئۆيىگە باراي. يېزىنىمىز راستىنىلا سىلەر دېگەندەك بولسا، ئۆزۈم بىر ئەدىپىنى بېرىپ كېلەي، — دەپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ساۋۇت ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. يېزنىسى ئۆيدىكى پاقلاننى ئۆلتۈرۈپ، زەينەپكە قازانغا گۆش سېلىشنى بۇيرۇپتۇ. زەينەپ گۆشنى پىشۇرۇپ، لېگەنگە ئېلىپ، داستىخانغا قويۇپتۇ. ساۋۇت ئەمدىلا بىر پارچە گۆشنى يەپ تۇرۇشىغا، يېزنىسى «قورسىقىم توق» دەپ گۆش يېيىشتىن توختىۋاپتۇ. ساۋۇت ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماستىن، بىر لېگەن گۆشنىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈپ ئۇلار ئۇخلاشقا يېتىپتۇ. ئارىدىن بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە، زەينەپنىڭ ئېرى:

— ۋاي خوتۇن، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، گۆشنىڭ شورپىسىدا ئۇماچ بولسىمۇ ئېتىڭلار، — دەپتۇ. زەينەپ «ماقۇل» دەپ قازانغا ئوت چېلىپتۇ. ئۇماچ پىشاي دېگەندە ساۋۇت ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ كەينىگە چىقىپ، قورۇپ قالغان گەندىدىن ئەكىرىپ قازانغا سېلىۋېتىپتۇ.

زەينەپ ساۋۇتتىن:

— ئۇكام، قازانغا سالغىنىڭ نېمە ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قازانغا سالغىنىم گۆش، — دەپتۇ ساۋۇت.

ساۋۇت ئورنىغا كىرىپ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ بۇلارنى كۆزىتىپتۇ. يېزنىسى ئۇماچ پىشقاندىن كېيىن، قاچىغا ئۇسۇپ تېتىپ باقسا گەندە تېتىپتۇ. ئۇ ئاخىر ئۇماچنىمۇ ئىچەلمەي، ئاچ قورساق يېتىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە خوتۇنىغا:

— ۋاي خوتۇن، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، كۆمەچ بولسىمۇ كۆمۈڭلار، — دەپتۇ.

زەينەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوچاقتا كۆمەچ كۆمۈپتۇ. كۆمەچ پىشقاندىن كېيىن، ساۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئاچا، بىز ھەممىمىز دادامنىڭ ۋەسىيىتىنى يادىمىزدىن چىقارمايمىز، شۇنداقمۇ؟ — دېگەنىكەن، ئاچىسى «ھەئە» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ساۋۇت ئوچاقتىكى كۆمەچنى تۆت پارچە قىلىپ:

— ئاچا، بىز بىر - بىرىمىز بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتىمىز، بىر - بىرىمىزدىن ھېچ نەرسىمىزنى ئايىمايمىز، شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ ۋە كۆمەچنى پارچە - پارچە قىلىپ كۆلگە ئارلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. زەينەپنىڭ ئېرى يەنە ئاچ قورساق يېتىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە، ئۇ قورساق ئاچلىقىغا چىدىيالماي باغقا چىقىپ سەۋزە يۇلۇپ يېيىشكە باشلاپتۇ.

ساۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىكى نوغۇچىنى ئېلىپ باغقا چىقىپتۇ ۋە سەۋزە يەپ ئولتۇرغان يېزنىسىنى «باغقا ئوغرى چۈشۈپتۇ» دەپ ۋارقىراپ راسا دۇمبالاپتۇ. تاياقتا چىدىمىغان يېزنىسى تامدىن ئارتىلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. ساۋۇت ئۆيگە كىرىپ:

— ئاچا، باغقا ئوغرى كىرىپتىكەن، قوغلىۋەتتىم، — دەپتۇ.

— ئۇكام، ئۇ ئوغرى ئەمەس، سېنىڭ يېزنەڭ، قورسىقى ئېچىپ كېتىپ سەۋزە يەۋاتقان ئىدى، — دەپتۇ زەينەپ.

— ئاچا، رەنجىمەڭ. يېزنەمنى مەن ئوغرى ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن، — دەپتۇ ۋە ئاچىسى بىلەن خوشلىشىپ ئۆز ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

( رەتلىگۈچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى )

( ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا 11 - كەنت 3 - مەھەللىدىن ئېزىز بارات )



# لوپنۇر قوشاقلىرى

توپلاپ رەتلىگۈچى: مويىدىن سايىت بوستان

## مۇھەببەت قوشاقلىرى

شامال كەلسە ئىرغانادۇ كامپاشى①،
يارىم كەلسە ئېتىلادۇ ئوڭ قاشى.
ئاستا ئولتۇرۇپ ئۆزۈڭنى خىيال قىلسام،
سەندىن بۆلەك يوقتۇر كۆڭلۈم قاياشى.

ئەللەر دەيدۇ تولا ماڭدىڭ چاراغا②،
قارامادىڭ پۇتۇڭداكى ياراغا.
ماڭىپ ـ ماڭىپ يەتالمادىم يارىمغا،
نېمە گۇناھ قىلىۋىدىم خۇداغا؟

تولا ماڭىپ قاپرىپ كەتتى پۇتۇم،
زېرىكمەيمەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم.
سەن يادىمغا يەتكەندە جانالىقىم،
لاچىن بولۇپ قاناتلىنىپلا ئۇچتۇم.

تولا ماڭسام نېمە بوپتۇ ئۆز يۇرتۇم،
يول ماڭىشقا يارىتىلغان بۇ پۇتۇم.
خۇدا ئىگەم ئاسان قىلار يولۇمنى،
مەنمۇ ئەمدى بەتگۇپانى③ ئۇنۇتتۇم.

تولا ماڭدىم ئېشەككە خۇرجۇن ئارتىپ،
ئۆزۈن يولدا دەردىمدىن قوشۇق④ قاتىپ.
قوشۇقۇمدا زارىمنى بايان قىلاي،
دەرد ـ ھالىمدىن دوستلارىم بولسۇن ۋاقىپ.

قوشۇلادۇ قويلار كەتسە تارىلىپ،
كىم ئۆلۈپتۇ گۈل ياردىن ئايرىلىپ.
شەيتان دېگەن ئالا باغر، بەتگۇپا،
ھەر كىشىگە نازلىنىدۇ قايرىلىپ.

---

① كامپاشى ـــ قومۇش پۈپۈكى.
② چارا ـــ يەر ـ جاي نامى.
③ بەتگۇپا ـــ ۋاپاسىز، بىۋاپا.
④ قوشۇق ـــ قوشاق
⑤ تاناسى ـــ فىگۇرا، تەن تۈزۈلۈشى.

قۇندۇز ئوخشاش قاشىڭىزنى قاراسى،
قۇرغۇي ئوخشاش بويۇڭۇزنۇ تاناسى[5].
تىل تورغايىم بىزنى شۇنچە كۆيدۈرۈپ،
لىققادايدۇ[1] قوش ئالماڭىز ئاراسى.

يار، چىلەكنىڭ تۈرۈدۇ قوزۇقۇڭدا،
ساڭا ئايتار سۆزۈم كۆپ قۇرسۇقۇمدا.
ئەي خالايىق، كۆپ دەرد كۆردۈم مەن ياردىن،
ھەسرەت - ئەلەم، پۇشمانلارىم قوشۇقۇمدا.

ئەللەر دەيدۇ سارغايىپتۇ چىرايىڭ،
شامال ئوخشاش ئۇچۇپ يۈرەر خىيالىم.
ئارامىزدا دۈشمەننى گەپى تولا،
جەمەگەپكە[2] كۆڭۈل بۆلمە گۈلئايىم.

شۇ ئاشىقنى تەمى قاپتۇ تىلىمدا،
سەن يارنى دەپ ئوت كۆيۈدۇ دىلىمدا.
دەرتە سىزىپ بولۇپ قالدىم ئۇستىخان،
كۆرسەڭ مەنى جان قالمادى تېنىمدا.

ئۆلۈپ كەتمەي كۆيۈپ سېنى ئوتۇڭدا،
ئۆلسەم رازى پىلا بۇيلۇق قوينۇڭدا.
ئۇگال قىلماي ئارا تۇرغىن جانىمغا،
ئۇ ئالەملىك قەرز قالماسۇن بوينۇڭدا.

يارىم مېنىڭ ھەيدەشىم ياغاچ پەيپەي[3]،
قىزىلگۈلۈم، دەردىڭدە قانداق ئېتەي.
ئوت - كۆيۈكنۇ دەردلىرى شۇنداق بولسا،
تەركىن[4] ئەيلەپ يۇرتۇڭدۇن چىقىپ كېتەي.

چىقىپ كېتەي يۇرتۇڭدۇن تەركىن قىلىپ،
مۇساپىرلىق توختاپتۇ ماڭا كېلىپ.
چىقىپ قالار ماڭا باشقا ھەمراھلىق،
يا ئاتام يوق، يا ئانام، مەن بىر غېرىپ.

مەن كۆزلەككە[5] بارادىمەن پىيادە،
سېنى ئوتۇڭ ماڭا بولدى زىيادە.
مەلە ئاتلاپ ساڭا كۆيۈپ قالغانىم،
شۇنداق چاغى ماڭا كەلگەن ئىرادە.

ئاتنى قاتىپ بارادىمەن ئۇرماغا،
بوغوز سالىپ كەلتۈرەرمەن تورۋاغا.
مۇسا ئاكا، ماڭا تولا گەپ قىلما،
ئاتىم چۇشمەس سەن تاشلاغان سالماغا.

سەھەردە گۈل ئاچىلغاننى كۆردۈڭمۇ،
تورغاي خانىم، مەندىن كۆڭۈل بۆلدۈڭمۇ؟
مەندىن كۆڭۈل بۆلگەنىڭگە ئاغرىنمايمەن،
ئۆز خىلىڭنى تاپىۋالىپ سۆيدۈڭمۇ؟

بانا قىلىپ بارادىمەن ئارىگە،
گەپىڭ بولسا ئايتىپ قويغىن قارىگە.
ئوتۇڭدا مەن غېرىپ بولۇپ يۈرۈيمەن،
رەھمىڭ كەلىپ چىقارسەنمۇ سايىگە.

قاغا بولۇپ ئىشىكىڭدە غاقتادىم،
كۆن پاتقۇچە چىقىشىڭنى ساقلادىم.
سەن كىچىك نادان بالا بىلمەيمۇسەن،
يامان گەپتە ئۇستىخانىمنى ئاقتادىم.

ئوك يۈزۈڭگە چاقى پەلەك چۆرۈلۈپ،
توختامايدۇ مېنى كۆڭلۈم ئۆرۈلۈپ.
ئاراغا ئىككى دۈشمەن پەيدا بولدى،
ئۆتۈپ كەتتى ئۇقا[6] ئوخشاش سوزۇلۇپ.

چاقى پەلەك ياراشىپتۇ خىلىدە،
قويۇۋىدىم بالاسىنى ئۆزىدە.

① لىققادايدۇ — لىغىرلايدۇ.
② جەمەگەپ — پىتنە - پاسات، ئىغۋا.
③ پەيپەي — يارىيارغا ئوخشايدىغان ياغاچ هارۋا.
④ تەركىن — تەرك.
⑤ كۆزلەك — يەر - جاي نامى.
⑥ ئۇقا — پەي - قاناتلىرى رەڭدار، ئەتىۋارلىق بىر خىل قۇش، نۇرغۇنلىرى بىر توپ بولۇپ ئۇچىدۇ.

يايلانغالى كېتىپتۇرلار يايلاققا،
كېلەر دەيمەن تۇرار بولسا سۆزىدە.

*　　*

قاشى قارا، ساچى سۇمبۇل، ئانار يۈز،
كېيىك كۆزلۈك مېھرىبانىم خوش ئەمدى.
جۇدالىقتا يۈرەك – باغرى داغلانغان،
خۇش كۆڭۈللۈك ۋاپادارىم خوش ئەمدى.

دەرد بىلەن نالە قىلدىم، چۆلگە ئاتلاندىم،
تىلى تاتلىق تىل قۇرغۇيۇم خوش ئەمدى.
سەھەر سايراپ سۇنۇق دىلنى خۇشلاغان،
جۈپتىگارىم، جان قۇرغۇيۇم خوش ئەمدى.

*　　*

غېرىب بولۇپ چىقىپ كەتتىم مەن سايغا،
سالامىمنى ئالىپ بارامسەن قاغا.
بارغانىڭلار دۇئايى سالام دەڭلار،
سۆزى تاتلىق تورغايخان گۈزەل يارغا.

قاغا بارساڭ ئالىپ بار سالامىمنى،
خۇدايتالا قىلىپتۇ ئامانىمنى.
كۆكچۈنۈ توقايىدا قوي باقىپ،
قوڭۇرچاق[1] يىرتىۋالدى چاپانىمنى.

تاغ تەرەپتىن شامال كەلدى بىز سايان،
تورغايىمغا مەن كۆيۈپ بولدۇم سامان.
يانىڭىزغا باراي دەپ قىلسام ئارمان،
يوللۇرۇمغا ئۇنۇپ توستى تاغ – داۋان.

ئۇنۇنچۇ ئايدا ئۈيۈيدۇ[2] ئاققان تارىم،
بۇ يىلقىلدا بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم يارىم.

چەككەن جاپا، دەردىمنى بىلمەيمۇ سەن،
نەدە قالدى شۇنچە يول ماڭغانلارىم.

ماڭىپ كەتتى دەپ ئاڭلاپ كەلدىم كېيىن،
بىزگە ئاياپ دېمەپسەن ئاغىز يېلىك.
كەتكەنىڭگە ئىشەندىم، گۇمانىم يوق،
دەردىڭىزدە ئېزىلىپ كەتتى تېنىم.

ئەمدى قوپاي توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتتى،
قىزىلگۈلۈم غاپىل ئۇيقۇدا ياتتى.
كۇنۇم ئۆتتى گۇپالىقتا يار – يار دەپ،
يارىم ئۇگال قىلىپ ماڭا تاش ئاتتى.

كېچە – كۈندۈز خىيالىم سېنىڭ بىلەن،
تۈزاق يوقلاي بارامسەن مېنىڭ بىلەن.
تۇگۇرمەندە يالغۇز قالدى دەيدۇلا،
يۈرۈيسەنغۇ ئۇندا سەن كىمىڭ بىلەن.

كۆڭلۈڭدىكى گەپنى قىلساڭ كېتەتتىم،
سەنى ئالسام مۇرادىمغا يېتەتتىم.
تورغاي خانىم، باغرىم كۆيۈپ قالمادى،
داۋاسىغا زەھەر بەرسەڭ ئىچەتتىم.

بات قىلماغىن دوڭدە تورغان مالەڭنى[3]،
نېمە قىلاي يېمىشى يوق سايەڭنى.
دۇشمەنلىرىم يۈرەر ئىكەن تالاشىپ،
بېرىۋەتتىم گۇپاسى يوق ئالەمنى.

*　　*

قوزا بولۇپ جاڭىللەردە[4] ئازىسام[5]،
توشقان بولۇپ پۈتا[6]، قومۇش غاجىسام.
ئايغا ئوخشاش چۈشۈمدە ئۆتۈپ كەتتى،
قۇشۇممىكىن بارىپ ئۇنى تانىسام.

---

① قوڭۇرچاق — ئاق تىكەن.
② ئۈيۈيدۇ — مۇز قاتىدۇ.
③ مالە — مەھەللە
④ جاڭىل — جاڭگال.
⑤ ئازىسام — ئوتلىسام، يايلىسام.
⑥ پۈتا — يۇلغۇن.

ئاسمانداقى تولۇن ئاينى ئېتى بار،
تورغايخاننى ماڭا قاتتىق گەپى بار.
ياغلىقلارى قوۋۋەت قىلادۇ بەلگە،
تىلى تاتلىق نەۋجۇۋاننىڭ نەپى بار.

نەۋجۇۋاننىڭ نەپى تېگەدۇ ئەلگە،
ياغلىقىنى قىلىپ قويۇپتۇ بەلگە.
مەن بۇندا چىراي ئاچىپ كۈلمەدىم،
تېرە قالدى يېگەن ئاش سىڭماي تەنگە.

ياغقا ئوخشاش سولاۋاي تولۇمغا،
ئاخىر بېرىپ بىر چۈشەرسەن قولۇمغا.
ئۆز دىمەتلىك باللار قەستلىشەدۇ،
قوڭۇرچاق بولۇپ ئۇنۇپ يولۇمغا.

ئاق ئېگىنلەر قارا بولدى كىر بىلەن،
يۈرەكىڭگە پەدراز بەرمە تىل بىلەن.
ئاناڭ سېنى تۇغقان بولسا نوچى دەپ،
قېرىنغۇچە ياشاپ ئۆتكىن بىر بىلەن.

قارايىپتۇ يۈرەكىمنى كاۋاپى،
قانچەلىكتۇر يار سۆيگەننى ساۋابى.
شۇ يەرلەردىن كۆڭۈل ئىزدەپ كەلمەسەم،
تاشتىن قاتتىق بۇ يوللارنىڭ ئازابى.

ئاق يۈزۈڭنى بىۋاپاغا ساتماغىن،
چۈشە دەپلا بىر نادانغا قاتماغىن.
سېنى كۆڭلۈڭ يۈلتۇزدەك تاراپ كەتكەن،
باشقىلارغا ئۆزۈڭنى ئوخشاتماغىن.

ئون بەش كۈن دەپ قارار قىلماڭ ئۆزاققا،
ئورمىچىلار يانىپ بوپتۇ قوۋزاققا①.
ماڭا ئۇگال سالىپ قەستلەپ يۈرگەنلەر
يولدا ئۆزۈ چۈشۈپ قاپتۇ تۇزاققا.

ئۈچۈپ بارىپ تاپىۋالاي سەنى،
دىمەتلىكتە تاشلاۋەتمەگىن مەنى.
مەنى كۆڭلۈم ھەرگىز سەندىن كەتمەيدۇ،
ماڭا كۆڭلۈڭ بارمۇ زادى ئايت قېنى.

قاغا، بارساڭ سالام دەگىن يارىمغا،
مۇزنۇ تاڭىپ ياتادىمەن باغرىمغا.
خۇدايتالا كۆيۈك ئۇتنۇ سالماسۇن،
بۇ يىلقىلدا كەلدى مەنى باشىمغا.

تورغاي خانىم سۇمبۇل ساچىنى تاراپ،
زاۋال بولدى بۇ مەنى ھالىم خاراب.
بىزنى سايان تىللارى ئېرىمەيدۇ،
تورغاي خاننى دەردىدە جىگەر كاۋاپ.

* *

كىشى قويۇپ ئۇينايمەن ئارالىقتا،
يارىم قالدى مۇڭلانىپ قاغىلىقتا②.
ساڭا ئوخشاپ يۈزۈمنۇ قارا قىلسام،
بەش ئوغلۇڭ تەڭ كەلمەيدۇ يامانلىقتا.

ھاسان قازى ئۇرۇپتۇ تورغايىمنى،
ئەرزىم خۇداغا كەتتى، جاننى ئالسۇن.
تاغى مەنى كەلىپ كەتسۇن دەپتۇلا،
بارمايمەن بۇغدايىنى ئۇرۇۋالسۇن.

ئۆزى ئۇرسۇن بۇغدايىنى، بارمايمەن،
ئەمدى ھاسان قازىغا قۇل بولمايمەن.
ئەل - خالايىق مەنى نامەرد دېمەڭلار،
مەن يارىمنى ئالىپ قاچماي قويمايمەن.

ئۆز مەلەمدىن بىر يار تۇتسام بولمادى،
بەش كۈن ئۆتمەي بەگچە③ بىلەن ئوينادى.

① قوۋزاق — يەر - جاي نامى.
② قاغىلىق — كورلىنىڭ لوپنۇر چېگراسىغا يېقىن يۇخۇي يېزىسىدىكى بىر جاي.
③ بەگچە — بەگ ئوغلى.

ئاخىرەتتە سورغى بار ئەي خانىم،
كۆڭلۈڭۈزنى باي پۇلۇدا بولغادى.

كۆڭلۈڭۈزنى باي بولغادى پۇلۇدا،
قوتان ـ قوتان قويۇ بولغاچ قولۇدا.
بىلىپ قويۇڭ بىر ئۆمۈرلۈك يار تاپتىم،
يارىم كۈتەر مەنى تارىم بويۇدا.

پۇل، بايلىققا بەگچەڭىزگە يەتمەيمەن،
گۈپالىقتا ئۆزۈمگە تەڭ ئەتمەيمەن.
ئۇلۇغ تارىم گۇۋا بولسۇن سۆزۈمگە،
سىز خانىمدەك ياردىن تانىپ كەتمەيمەن.

خانىم، تېگەي دەپسىز لەنجا[1] ئىمىنگە،
كۆڭلۈڭۈزنۇ بېرىپ بولۇپ تىۋىنگە[2].
مەن بولسام تۇكۇرەردىم قارالاپ،
شۇنداق يالغان ۋەدە بەرگەن لەۋىڭگە.

تېگەي دەپسىز يەنە ھاجى توختىغا،
نەرخ ـ بايىڭىز[3] توختاپ بىر قاپ پاختىغا.
ئۆرلەپ قالار يەنە نەرخى پۇلۇڭۇز،
چىقمۇالىڭ ئېگىز يەردە تاختىغا.

* *

خۇدا بەرسە، مالْ تاپىپ، مال ساتارمەن،
گۈلۈم بىلەن باش قوشۇپ بىر ياتارمەن.
گۈل يارىمنىڭ باشلارىغا كۈن چۈشسە،
جاننى تىكىپ دەردىنى تەڭ تاتارمەن.

مەلىكەمگە ئات مىندۈرۈپ تون كەيدۈرسەم،
خىيالىمدا كۈندە كۈرمىڭ كۈلدۈرسەم.
ئەنتىم بولسا قىيامەتتە ئالۇرمەن،
گۈل تورغايىم مەندىن بۆلەكنى سۆيسەڭ.

گۈل تورغايىم، سۆيدۈرمەگىن بۆلەكنى،
ئوتلارىڭدا كاۋاپ قىلدىڭ يۈرەكنى.
كەپتەر ـ قۇشمۇ ئايرىلمايدۇ جۈپتۈدۈن،
دوراماغىن ئەقلى كىچىك گۆدەكنى.

كىشى ئەقىل تاپماس جاپا چەكمەگۈنچە،
تام پۈتمەيدۇ تامنى ئۆزى ئەتمەگۈنچە.
ئاشىق ـ مەشۇق يەتكەن ئەمەس مەقسەدىگە،
يارى ئۈچۈن جاننى پىلاپ[4] كەچمەگۈنچە.

بىز ئۆتەيلى ئايرىلماسقا ۋەدەلىشىپ،
ئەل كۆزۈچە مەردان بولۇپ چەمەڭدىشىپ[5].
ۋەدەسىدە تۇرغانلارنى خۇدا ئۇرماس،
بۇ دۇنيادىن كېتەيلى بىز گىرەلىشىپ.

سولدۇرماغىن گۈل باغىڭ ئانارىنى،
خار قىلماغىن ياشلىقىڭ باھارىنى.
قىزىلگۈلۈم تاڭدا چىققان چولپاندەك،
تولدۇرارسەن گۈزەللەر قاتارىنى.

گۈلۈم تولدى بۇ يىل ئون سەككىز ياشقا،
يار تۇتمايمەن بىلىپ قوي سەندىن باشقا.
ئاغىنىلەر، بىلسەڭلار ئۇرالمايمەن
قولۇمدەكى گۆھەرنى قارا تاشقا.

ئويناماساڭ مەنمۇ ساڭا خار ئەمەس،
باشقالارنىڭ يارى ھەرگىز يار ئەمەس.
ئاستا ئولتۇرۇپ ئۆزۈڭنۇ خىيال قىل،
مەنى ئىچىم ساڭا ئوخشاش تار ئەمەس.

قىزىلگۈلۈم باھار بولۇپ مەلەڭىز،
خۇدايىمغا يېتەرمىكىن نالەمىز.
ئايدا ـ ئايدا كېلىپ قوياي دېمەيسىز،

① لەنجا ــ يەر ـ جاي نامى.
② تىۋىن ــ ئادەم ئىسمى.
③ بايىڭىز ــ باھايىڭىز.
④ پىلاپ ــ پىدا قىلىپ، تىكىپ، ئاتاپ.
⑤ چەمەڭدىشىپ ــ قارىشىپ، بېقىشىپ.

بىرەر قېتىم چۈشەرمىكىن سايەڭىز.

تاشلاپ قويسام بۇغداي قاپتۇ خاماندا،
بارارمەن دەپ يانىپ كەتتىم ئارماندا.
تورغاي خانىم، ئالۇرسەنمۇ كۆڭلۈمنى،
چاغلاپ باققىن كۆيگەنىمنى بارغاندا.

قۇشۇڭ بولۇپ سايراپ شاخىڭغا قوناي،
سەن گۈلۈمنۇ بوستاندا ئۇۋالاي.
قەلەم قاشىم ئەقلى كىچىك نادانمۇ،
ئارامىزغا ئەلچى قويۇپ ئويناماي.

*      *

چاقى پەلەك تەتۈر بولۇپ چۆرۈلۈپ،
كۆزلەرىمگە جادۇ قىلىپ كۆرۈنۈپ.
ئارىغا ئىككى دۈشمەن پەيدا بولدى،
تورغايىمنى قاچۇرماققا ھۆركۈتۈپ.

مېنى كۆڭلۈم توختامايدۇ غەملىكتە،
يارىم قالدى جەمەلىكتە① تەڭلىكتە.
خۇداۋەندەم كۆز بەرگەندۇ كۆرگەلى،
سالىم باينىڭ ياشى باردۇ ئەللىكتە.

سەن سۆيمەسەڭ، مېنى نېمە ئىلاجىم،
ياراپ قاپتۇ ساڭا سالىم باي ھاجىم.
يارىغانى ئادەم ئەمەس پۇل، مالدۇ،
نېسىپ بولسۇن ساڭا بايلىق ئىلاھىم.

سەن نامەردلىك قىلساڭ بوپتۇ، مەن قىلماي،
يۈرەكىڭنى قۇرۇت بولۇپ غاجىماي.
ئۆز خىلىمنى مەنمۇ تاپىپ ئالۇرمەن،
تىلەكىم شۇ: كۈنۈڭ ئۆتسۇن يىغلاماي.

*      *

كەيگەن ئېگىن ـ كۆڭلەكلىرىڭ سۆسىنە،
ئالەم ياروپ قاش ـ كۆزلۈرۈڭ روشىنە.
شۇندا تۇرۇپ ياقىن كەلىشنى بىلمەي،
ناۋات خانىم، مەن غېرىبنى سۆيسىنە.

مەن يىغلاسام خۇداغا يەتمەي ئاھىم،
ھەر چىكەدە بوغۇلۇپ قاپتۇ تارىم.
سىياقىڭىز ئوخشايدۇ زوھراخانغا،
قانداق چىداي ئوتۇڭغا تولۇن ئايىم؟

ئاسماندىكى ئايغا مېنىڭ قولۇم يەتمەس،
مېنىڭ كۆڭلۈم ھەرگىزما سەندىن يانماس.
كۆڭلۈڭ ماڭا بولماسا، ئايتقىن يارىم،
كۆڭلۈ يوققا كۆڭۈل بەرگەلى بولماس.

گەپلەرىمگە قۇلاق سالىپ چۈشەنگىن،
تولۇن ئايىم، ماڭا تاغدەك ئىشەنگىن.
ئىلاجىم يوق كەتتىم سەندىن يىراقلاپ،
پۇلۇم بولسا مەن خەقلەرگە ئىشلەمدىم.

ئىلاجىم يوق مەنمۇ خەقلەرگە ئىشلەپ،
جاپالاردا قالدىم مەن لەۋىمنى چىشلەپ.
خۇدايتالا ماڭا بىر قانات بەرسە،
تورغاي بولۇپ ئۇچۇپ يەتسەم سەھەرلەپ.

ئېسىڭدەمۇ بەرگەن ۋەدەڭ بۇلتۇرداقى،
ئىلاجىم يوق مەن خەقلەرگە بولدۇم باقى.
قىزىلگۈلۈم، سەن بىلمەيسەن دەرد ـ ھالىمنى،
ئەجەب تەتۈر كەلدى ماڭا پەلەك چاقى.

قىزىلگۈلۈم دەردىڭىزدە بولدۇم خاراب،
ئايدەك ئاپئاق بويلارىڭدىن زەپە پۇراپ.
ئاي مەلىكەم نەدە باردۇ ئاشنا ـ يارىڭ،
ئاشىقىڭنى كۆرۈپ كېلەي ئىزدەپ ـ سوراپ.

① جەمەلىك ــ گەپ ـ چۆچەكلىك.

سەنىڭما ئىشەنگەنىڭ مەن ئىدىم،
مېنى كۆزۈم ئاچقانىمۇ سەن ئىدىڭ.
قىچقارسام ئۈن بەرمەيسەن تۇرغايىم،
نەدەدۇ تۇرغاي خان تۇرغان جايىڭ؟

تۇرغاي خان ئېرىدىن قورقامۇدۇ،
ئېرى زالىم شۇنۇما سوقامۇدۇ[1]؟
بېھىشتىن ئىككى خانىم چىققان دەيدۇ،
بارىپ كۆرەي يارىمنى، بىرى شۇمۇ.

ھاۋادا بۇلۇت ماڭۇر چۆل سايان،
قاتقۇزمايدۇ مېكىجىن قېينىئانام.
قاراسام ئىرغاڭلايدۇ چاچاق[2] قامۇش،
قاراپ كۆزۈم تەلمۈردى يار سايان.

قاراپ كۆزۈم تەلمۈرۈپ يارغا تويماي،
باغرىم ئاقتى چۈشلۈرۈم ئوڭۇم بولماي.
خۇدايتالا بەندەگە قول قىلماسۇن،
بىرچە ۋاخلىق ئۆيدە ئارامىلىق قويماي.

كېتەر بولدۇم قالدى ئانام، يۇرتداشىم،
كۆرۈشەرمەن ئامان بولسا بۇ باشىم.
زوھراخاننى ئۇناغاندەك[3] تاھىر بەگ،
يارنى يادلاپ قۇرۇمادى كۆز ياشىم.

كېمەم يارۇق، تاياسام تايالمايدۇ،
يارىم پات ـ پات كەلىپ مەنى يوقلامايدۇ.
دۆڭ تۇۋىدە يۈز باش بارقا[4] ئۆلۈپتۇ،
سوياي دەسەم تېرەسى سويۇلمايدۇ.

سەن ئۇ قاتتا، مەن بۇ قاتتا قاراشىپ،
باسما كۆڭلەك تال بويۇڭغا[5] ياراشىپ.
مەن دەريادىن ئۆتۈپ بارسام يارنى دەپ،
خانئايلارىم مازاق ئەتتى خارلاشىپ.

ئوبدان بوپتۇ شۇ ئايلامنى قويلارى،
جۇدا سالغان شاڭيۇ بەگنى ئايالى.
گۇناھ بولسا يارنى ئۇناپ بارغانىم،
ئۆيىمىزدە مىدىرلىماي ياتالى.

بەتگۇپايىم باشىڭ يەتسۇن ئاسمانغا،
تاغ پارپىسى[6] ـــ شاڭيۇ بەگنى تاپقانغا.
چوڭ ئارالغا يولغا سالىپ ئېرىڭنى،
مەندىن ئايرىپ دەسسەتىپتۇ قاپقانغا.

شاڭيۇ بەگنى ۋاپاسى يوق، پۇلۇ بار،
نەگە سوزسا يەتەدىغان قولۇ بار.
يۇرت كۆزۈچە بولۇپ قالما جەمەلىك،
شۇنۇ بىلگىن: ئويناشىنىڭما يولۇ بار.

(توپلاپ رەتلىگۈچى بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پېنسيونېرى)

① سوقامۇدۇ ـــ دۇمبالامدۇ، ئۇرامدىغاندۇ.
② چاچاق ـــ سويا قومۇش.
③ ئۇناغاندەك ـــ ئويلىغاندەك، ياد ئەتكەندەك.
④ بارقا ـــ باقا(پاخلان.
⑤ تال بويۇڭ ـــ تال چىۋىقتەك بويۇڭ.
⑥ پارپا ـــ ئېيىق(بۇ يەردە لەقەم).




قۇربان توختى

بوۋامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، دۇنيادا ياشاۋاتقان ھەربىر ئادەمنىڭ ئاسماندا بىر دانە يۇلتۇزى بولارمىش. ئاشۇ ئادەمنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىنىڭ قانداق بولۇشى، جەمئىيەت، ئاۋام خەلق ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى يۇلتۇزنىڭ نۇرلۇق ياكى نۇرسىزلىقىنى بەلگىلەرمىش. ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئادەملەرنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى، ئاۋام خەلق ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭمۇ يورۇقلۇق دەرىجىسى ئوخشاش بولماسمىش. كىمكى بۇ دۇنيادىكى رىزقىنى يەپ بولۇپ، پانىي دۇنياغا سەپەر قىلغان كۈنى شۇ كىشىنىڭ يۇلتۇزى ساقىپ كېتەرمىش. مەن رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بۇ قاراشنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلمىسەممۇ، لېكىن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقلۇق دەرىجىسىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئادەملەرنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىغا تامامەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىغا، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈش ـ تۇغۇلۇش قانۇنىيىتىگە ئوخشاش يۇلتۇزلارنىڭ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ساقىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئەگەر يۇقىرىقى قاراش راستتىن توغرا بولىدىغان بولسا، ئېنىقكى 2007 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى (جۈمە، رامىزاننىڭ 10 ـ كۈنى) ئاسماندىن ناھايىتى نۇرلۇق بىر يۇلتۇز ساقىپ كەتتى. شۇ كۈنى قەدىمىي يۇرت يەكەنگە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدىن بىر شۇم خەۋەر يېتىپ كەلدى. خەۋەردە شىنجاڭدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىيلاردىن بىرى، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، شائىر، مىللىي تېبابەت مۇتەخەسسىسى نېمەتۇللاخان ئەبەيدۇللاخان ھاجىمنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇيۇقسىز ۋاپات بولغانلىقى ئېيتىلغانىدى.

بۇ خەۋەر بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، يەكەننىڭ ھەممىلا يېرىگە تاراپ كەتتى. شۇنداق، مەرھۇم بۇنىڭدىن ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىگە داۋالىنىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتكەن. ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، شىنجاڭ تېبىبىي ئۇنىۋېرسىتېتى

باشقۇرۇشىدىكى بىرىنچى دوختۇرخانىنىڭ جۇڭگىچە داۋالاش بۆلۈمىگە ئورۇنلىشىپ داۋالىنىۋاتقانىدى. ئۇ داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىيلار ئالايىتەن ئۇنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھال سورىغان ۋە سالامەتلىكىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىگە بولغان تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشكەنىدى. ئەپسۇس، ئەجەل نۇرغۇنلىغان ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئۇنى بىۋاقىت ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتتى. تۇيۇقسىز يېتىپ كەلگەن بۇ مۇسىبەت خەۋىرىدىن ۋاقىپلانغان ھەربىر ئۇقۇمۇشلۇق كىشى ھەسرەت چەككەن ھالدا: «ھەي، ئۇ بەك بالدۇر كېتىپ قالدىغۇ، بۇ تېخى ئۇنىڭ يۇلتۇزىنىڭ ساقىيدىغان ۋاقتى ئەمەس ئىدىغۇ» دېيىشتى.

شۇنداق، ئۇنىڭ يۇلتۇزى تولىمۇ بالدۇر ساقىپ كەتتى. نېمەتۇللاخان ئەبەيدۇللاخان ھاجىم 1948 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يەكەن ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچىدە ئۇلتۇرۇشلۇق مەشھۇر تېۋىپ ۋە شائىر ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ تىللاردىكى ئەسەرلەرنى بىمالال ئوقۇپ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلەيتتى، شۇنداقلا ئائىلىۋى تەسىر ۋە ئەنئەنە تۈپەيلى كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا ھەۋەس قويغان ۋە «نەجمى» (يۇلتۇز) تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يازغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەبەيدۇللاخان ھاجى تۆرە ئۆز ئوغلىنى كىچىكىدىنلا ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلگەن. ئەقلىي قابىلىيىتى بالدۇر



يېتىلگەن نېمەتۇللاخان بەش يېشىدىلا باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپ، 1953 ـ يىلىدىن 1963 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. شۇ چاغلاردا ئۇ ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان «بالا شائىر» ئىدى. چۈنكى، ئائىلىۋى مۇھىتىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، بالىلىق چاغلىرىدىلا ئۇنىڭ يۈرىكىگە شائىرلىق «ئوتى» تۇتاشقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ بىرەر نوقتىلىق ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇپ داڭلىق شائىر، يازغۇچى بولۇش ئارزۇسى بار ئىدى. ئەنە شۇ ئارزۇنىڭ شېرىن ئەللەيلىشىدە يۈرگەن نېمەتۇللاخان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى دۆلەتلىك ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى سولچىل سىياسەت تۈپەيلىدىن ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇنىڭ سەبىي يۈرىكىدە ئوقۇشقا، بىلىم ئېلىشقا بولغان بىر تەشنالىق يالقۇنجىغان پېتى قېپقالدى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭدىن قىلچە مەيۈسلەنمەي، بىر تەرەپتىن ئائىلىسىدە دادىسىنىڭ ياردىمىدە چاغاتاي تىلىدىكى كىتابلارنى بىمالال ئوقۇيالايدىغان سەۋىيىنى ھازىرلاپ، كلاسسىك شائىرلارنىڭ، بولۇپمۇ نەۋائىي، فۇزۇلىي، ھۇۋەيدا، مەشرەب، سۇپى ئاللايار، مەجزۇب قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇپ، يادلايدۇ ھەم تەتقىق قىلىشقا كىرىشىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغانلىرىغا تەقلىد قىلىپ شېئىر يېزىشقا

باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئەنە شۇ چاغدا يازغان ۋەتەنگە، خەلققە بولغان سەمىمىي ساپ مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمى 1968 ـ يىلىدىن باشلاپ «يەكەن گېزىتى»دە ئېلان قىلىنىپ، ئۇنى ئەدەبىيات سېپىگە ئېلىپ كىرگەنىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ مالىمانچىلىقلىرى بۇلارنىڭ ئائىلىسىگىمۇ نورغۇن بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن. شۇنداقتىمۇ كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ كەلگەن ئەبەيدۇللاخان تۆرە بالىلىرىغا بولغان تەربىيىسىنى بوشاشتۇرماي، ئۇلارغا ھېچقانداق دەۋردە سىياسىيغا چېتىلىپ قالمايدىغان تېبابەتچىلىكنى ئۆگىتىشنى نىيەت قىلىدۇ. شۇ دەۋردىكى ۋەزىيەتنى تولۇق تونۇپ يەتكەن ھەم دادىسىنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن نېمەتۇللاخان دادىسىدىن تەلىم ئېلىپ تېبابەتچىلىك ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە دورىگەرلىك تېخنىكىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە كىرىشكەن، شۇنداقلا ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ھەر تەرەپلىمە تەجرىبە ۋە مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، كەسپىي ئاساسىنى پۇختىلىغان.

ئۇ 1971 ـ يىلى دادىسى ئەبەيدۇللاخان ھاجى بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاش» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە قوللىنىلىدىغان قورال كىتاب كەمچىل بولۇشتەك بوشلۇقنى تولدۇرغان. 1974 ـ يىلى ناھىيىدە ئېچىلغان ئالتە ئايلىق تېببىي كۇرستا ئوقۇغاندىن كېيىن، يەكەن بازارلىق ھۆكۈمەت باغۋەنچىلىك مەيدانىدا دوختۇرلۇق قىلغان. ئۇ بۇ جەرياندا يەرلىك دورىلارنى يىغىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆز بىلىمىنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، مول ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە بولغان. 1976 ـ يىلى «يەكەن بازارلىق ھۆكۈمەت مىللىي شىپاخانىسى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەبەيدۇللاخان ئۆزىنىڭ بارلىق داۋالاش سايمانلىرىنى ۋە دورىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، يېڭى قۇرۇلغان بۇ شىپاخانىنىڭ ئىقتىسادىنى ھەل قىلىشقا كۈچ چىقىرىپ، تەشكىلىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىدۇ ھەمدە ئۆزى باش بولۇپ كېسەل داۋالاپ، بۇ ئورۇننى گۈللەندۈرۈشكە زور ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. 1978 ـ يىلى سەھىيە نازارىتى چۈشۈرگەن «پېشقەدەم تېۋىپلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن پەرزەنتلىرىنى دۆلەت شتاتىغا قوبۇل قىلىش» دېگەن ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن نېمەتۇللاخان دۆلەت شتاتىغا قوبۇل قىلىنىپ، بۇ شىپاخانىغا يۆتكەپ كېلىنىدۇ ۋە داۋاملىق تۇردە دادىسىغا شاگىرت بولۇپ، تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگىنىدۇ. 1981 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا بېرىپ بىر يېرىم يىل تۇرۇپ، ئىلىخان ھەزرەت، ئابدۇلھەمىد داموللا ھاجى، تۇردى ھاجى، ئابدۇكېرىم ھاجى، ئىلى ھاجى قاتارلىق پېشقەدەم تېۋىپلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ قايتىپ كەلگەن ۋە شىپاخانىنىڭ داۋالاش خىزمىتىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان. 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيغۇر تېۋىپلاردىن ئېلىنغان بىر تۇتاش ئىمتىھاندىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ، ئۇيغۇر تېبابىتى ۋراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1986 ـ يىلى يەكەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن ۋە 2003 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر شۇ ۋەزىپە بىلەن شىپاخانىنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان. ئۇ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن مەزگىللەردە خىزمىتى ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، كەسپىتىن ئايرىلماي، داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ھەزىم قىلىش يوللىرى كېسەللىكلىرى، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى، ھەر خىل ئۆسمە، دىئابېت كېسەللىكلىرى، سىل كېسىلى قاتارلىقلارنى داۋالاشقا بىرقەدەر ماھىر بولۇپ،

كۆرۈنەرلىك ئۆنۈمنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ يازغان ئىلمىي ماقالىلاردىن «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىكىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، «قىزىلئۆڭگەچ راكىنى تونۇش ۋە داۋالاش»، «ئەينۇلىنىڭ مىكروبقا قارشى تۇرۇش تەسىرى توغرىسىدا»، «بىر قىسىم ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىلىرىنىڭ مىكروبقا قارشى تۇرۇش تەسىرى توغرىسىدا ئىزدىنىشتىن دوكلات»، «يىلاننى دورىغا ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار» قاتارلىق ماقالىلەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان ھەر دەرىجىلىك مۇھاكىمە ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرىدا ئالماشتۇرۇلۇپ ۋە ئوقۇلۇپ كۆرۈنەرلىك تەسىر قوزغىغان. ئۇ يەنە تېبابەت ساھەسىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى بىر قىسىم مەشھۇر تېبابەت ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ساھەسىگىچە كېڭەيتكەن. ئۇ تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇرغان «ئىبنى سىنانىڭ تەرجىمىھالى»، «جوزجانىينىڭ ئىبنى سىنا ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، «ئىبنى سىنا ياسىغان يۈرەك دورىلىرى»، «سىكەنجىبىن ھەققىدە رىسالە» قاتارلىق ئەسەرلەر ئۇنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئەمگىكىنىڭ مەھسۇللىرىدىندۇر. ئۇ ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن تېببىي ساھەدىكى ئىزدىنىشلىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. 1987 - يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ «بىزنىڭ ئوزۇقلىرىمىز»ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى ۋە بىرقانچە قېتىم قايتا نەشر قىلىنىپمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمىدى. ئۇنىڭ 1998 - يىلى شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تېبابىتى باللار كېسەللىكلىرى ئىلمى» ناملىق كىتابى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ دەرسلىكى قىلىندى. 1997 - يىلدىن كېيىن ئۇ يەنە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشىدىغان بىر قىسىم ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشقا كىرىشىپ، شۇ يىلى «ئۇيغۇر تېبابىتىدە سىناقتىن ئۆتكەن رېتسېپلار» ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابنى يېزىپ نەشر قىلدۇردى. 1998 -، 1999 - يىللىرى «ئوزۇقلۇق بىلەن كېسەل داۋالاش» ، 2000 - يىلى تەرجىمە ئەسەر «ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا تېببىي رىسالىلەر»نى نەشر قىلدۇردى. 2000 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ 700 مىڭ خەتلىك زور ھەجىمدىكى ئەسەر «ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى رەڭلىك رەسىملەر توپلىمى»نى يېزىشقا كىرىشكەن بولۇپ، 2002 - يىلنىڭ بېشىدا بۇ ئەسەرنى يېزىپ پۈتتۈردى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005 - يىلى «كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى» (باشقىلار بىلەن بىللە)، 2006 - يىلى «شىفائۇل - قۇلۇب» (قەلبلەر شىپاسى) ناملىق كىتابلىرىنى نەشر قىلدى. 2001 - يىلى نېمەتۇللاخان ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك كلىنىكىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىنى ئوقۇدى. ئۇ بۇ ماقالىسىدە بىلىم ئىگىلىكى ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسى ئېلىپ كېلىدىغان پۇرسەت ۋە خىرىسلارنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ئۇيغۇر تېبابىتى كلىنىكىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يولى توغرىسىدا ئەتراپلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، يىغىن ئەھلىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، 1 - دەرىجىلىك ئىلمىي ماقالە بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

نېمەتۇللاخان يۇقىرىقىدەك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن «جۇڭگو ئالىملىرى شىنجاڭ تومى»غا




كىرگۈزۈلۈپ، مەملىكەتكە تونۇشتۇرۇلغان ۋە جۇڭگو مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى ۋە ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 1994 - يىلى ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

پارتىيىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يولغا قويۇلغان بىر قاتار سىياسەتلەرنىڭ ئىللىق شامىلى مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا غايەت زور ئىلگىرىلەشلەرنى ئېلىپ كەلدى. نۇرغۇن زىيالىيلىرىمىز قولىغا يېڭىۋاشتىن قەلەم ئېلىپ، توغرا سىياسەتنىڭ پارلاق نۇرىنى، تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرلىرىدىكى ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىقلارنى كۈيلەپ، خەلقىمىزنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان روھىي دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرسە، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ چىققان بىر تۈركۈم ياش ئەدىبلەر ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ھايات قوينىدىكى بىۋاسىتە تەسىراتلىرى، ھېس - ھاياجانلىرىنى ئىجادىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا يېڭىچە مەزمۇن ۋە ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. يېڭى دەۋردە يېتىشىپ چىققان ئەنە شۇ ئەدىبلەرنىڭ بىرى نېمەتوللاخان ئەبەيدۇللاخان ھاجىمدۇر. ئۇ ئەينى چاغدا قەلب قەسرىدە يالقۇنجىغان، لاۋۇلدا ئايلانماقچى بولغان، لېكىن ئايلىنالمىغان ئەدەبىي ھەۋەسنى يالقۇنجىتىدىغان پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، قولىغا قايتىدىن قەلەم ئالدى. ئۇ يېڭى باسقۇچتىكى ئۆزگىرىشلەر، يېڭىلىقلارنىڭ ئىلھامى بىلەن دەۋرنى، ۋەتەننىڭ باتۇر ئوغۇل - قىزلىرىنى كۈيلەيدىغان شېئىرلاردىن 300 پارچىدىن ئارتۇق يېزىپ، ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى.

ئۇ ئەينى چاغدىن باشلاپ كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئىجادىيىتىدە ئىزچىل ھالدا غەزەل، مۇخەممەس قاتارلىق ئەنئەنىۋى شەكىللەردە يېزىلغان شېئىرلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شائىرنىڭ «مۇقام ھەققىدە غەزەل»، «كەلدى نورۇز»، «بۇگۈن مېھرىگىياھ ئۈندى»، «كۈيلەر»، «دېڭىز نەزمىسى»، «ئالدىڭدىدۇر»، «ۋەتەن ئوغلۇم دېگەي»، «ۋەتەن سۆيگۈسى»، «باش باھار»، «سېغىنىش»، «ئانا ئەجرى»، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»، «ياز كەلدى»، «خوتەن تەسىراتلىرى»، «ۋەتىنىم ھۆسنىڭ گۈزەل»، «كىتاب»، «ۋەتەن ھەققىدە مۇخەممەس»، «كەمتەرلىك ھەققىدە»، «نورۇزنامە» قاتارلىق شېئىرلىرى مۇخەممەس شەكلىدە يېزىلغان.

نېمەتوللاخان ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىدىكى شائىر بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىزچىل ھالدا كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرنى، يازما يادىكارلىقلارنى نەشرگە تەييارلاش يولىدا

خالىسانە مېھنەت قىلىپ كەلگەن ئەدەبىياتشۇناس ئالىمدۇر.

ئۇ 1978 - يىلىدىن باشلاپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئاساسىدا ئۇيغۇر - ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھازىرغا قەدەر «جامىئۇل ھېكايەت»، «يۇسۇف - زىلەيخا»، «كەلىمە ۋە دىمنە»، «ئالپامىش»، «كەلىمە ۋە دىمنە» (ئۆسمۇرلەر نۇسخىسى)، «سەنۇبەر»، «سەيفۇل مۇلۇك ۋە بەدىئۇلجامال»، «ئىران خەلق چۆچەكلىرى»، «دىۋانى خەستە»، «دىۋانى شەۋقىي»، «فەرھاد ۋە شىرىن» (نەسرىي نۇسخا)، «تەجەللىي شېئىرلىرى»، «سەيفى سەرايى شېئىرلىرى»، «بىدىل رۇبائىيلىرى»، «نىزامى گەنجەۋى شېئىرلىرى»، «ئاز - ئاز ئۆگىنىپ دانا بولۇش» قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەرنى چاغاتاي تىلى ۋە ئۆزبېك تىلىدىن نەشرگە تەييارلاپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. تەجەللىي ئىجادىيىتى بىلەن ياخشى تونۇشلۇقى بولغانلىقى ئۈچۈن مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ تەكلىپى بىلەن «تەجەللىي شېئىرلىرى» ناملىق كىتابنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلىدى. يېقىنقىلاردىن باشقا نېمەتۇللاخان يەنە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىدىن «ئون كۈنلۈك سۆھبەت»، ئۇلۇغ يازغۇچى تاگورنىڭ ھېكايىلىرىدىن تۈزۈلگەن «تاگور ھېكايىلىرى»نى ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشتى. ئاتاقلىق ئۆزبېك يازغۇچىسى ئايبېكنىڭ «نەۋائىي» رومانىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى روياپقا چىقىرىشتىمۇ پائال كۈچ چىقاردى.



ئۇ نەشرگە تەييارلىغان ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە «كەلىلە ۋە دىمنە» بىلەن «ئالپامىش»قا ناھايىتى كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. چۈنكى، «كەلىلە ۋە دىمنە»نىڭ ئۈچ يۈز يىل ئاۋۋال موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرىي تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمىسىنىڭ تىلى ناھايىتى گۈزەل ۋە راۋان بولۇپ، ئۇنى نەشرگە تەييارلاشتا تىل گۈزەللىكى ۋە قەدىمىيلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەتراپلىق تىل بىلىمى ۋە تىل بايلىقى بولۇش تەلەپ قىلىناتتى. نېمەتۇللاخاننىڭ كلاسسىك ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇغانلىقى بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ھەقىقەتەن زور رول ئوينىدى. ئۇ بۇ ئەسەرنىڭ تىل گۈزەللىكىنى تولۇق نامايەن قىلدى. قەھرىمانلىق داستانى بولغان «ئالپامىش»مۇ خەلق ئەقىل - پاراستى، تىل بايلىقى مۇجەسسەملەشكەن ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي تىل گۈزەللىكى ۋە شېئىرىي خۇسۇسىيىتى ساقلاپ قېلىنمىسا، بەدىئىيلىكىگە تەسىر يېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. نېمەتۇللاخان بۇ داستاننىمۇ ئەسلىگە سادىق بولغان ھالدا ئىشلەپ، ئەسلىدىكى بەدىئىي گۈزەللىكنى ئىمكانقەدەر تولۇق نامايەن قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ۋە بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولدى.

نېمەتۇللاخان ئەبەيدۇللاخان «فۇرقەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسى بىلەن 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېچىلغان «تۇنجى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتناشتى. بۇ ماقالە ئىلىمىزدىكى

فۇرقەتشۇناسلىقنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يىغىنغا قاتناشقان ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ۋە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1983 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇئەللىپ فۇرقەتشۇناس ئالىم سۈپىتىدە ئىلىم ساھەسىگە تونۇلدى ۋە ئۆزبېكىستاندىكى ئالىملارنىڭمۇ نەزەرىگە ئېلىندى.

نېمەتۇللاخان فۇرقەتنىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنكى ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش ۋە نەشرگە تەييارلاش بىلەنمۇ مەشغۇل بولدى. ئۇ فۇرقەت ئەسەرلىرىنىڭ ھەر خىل قولىيازمىلىرى، چاپ نۇسخىلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، فۇرقەت ئەسەرلىرىنىڭ بىرقەدەر تولۇق نەشرىنى رۇيابقا چىقىرىش يولىدا جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈردى. ئۇ فۇرقەتنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى ھەتتا چەت ئەللەردىن تېپىپ ئەكەلدى. شۇ مېھنەتلەرنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە نېمەتۇللاخان ئەبەيدۇللاخان بىلەن پەيزۇللاخان ئىسھاق بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان «فۇرقەت تاللانما ئەسەرلىرى» 1989 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

«فۇرقەت تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان بۇ نۇسخىسى ئۆزبېكىستان ئالىملىرىنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى چىقىرىدىغان نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرنال «ئۆزبېك تىلى ۋە ئەدەبىياتى»نىڭ 2001 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا فۇرقەتشۇناس، تەتقىقاتچى نۇرباي جابباروۋنىڭ «فۇرقەت تاللانما ئەسەرلىرىنىڭ شىنجاڭ نەشرى توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي تەقرىزى ئېلان قىلىندى.

شائىر ئۇچۇن فۇرقەت غايىۋى ئۇستاز ئىدى. فۇرقەتكە دائىر ھەربىر يېڭىلىق، ئۇچۇر ئۇنى شادلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىلھام ئاتا قىلاتتى. فۇرقەتنىڭ يەكەندىكى قەبرىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، كېيىن دۆلەت تەرىپىدىن تىزىمغا ئېلىنىپ مەخسۇس قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. شۇنداقتىمۇ تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن شائىرنىڭ قەبرىسى خېلى ۋاقىتلارغىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەنىدى. كېيىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى ۋە ئەمەلىي ياردىمى بىلەن ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆركەم گۈمبەزلىك مەقبەرە ياسالدى. بۇنىڭدىن دىلى سۆيۈنۈپ كەتكەن شائىر نېمەتۇللاخان مەقبەرىنىڭ پۈتۈشكە ئاتاپ «بۈگۈن مېھرىگىياھ ئۈندى» ناملىق غەزىلىنى يازغانىدى:

بۈگۈن فۇرقەت مازارىدىن گۈلى مېھرىگىياھ ئۈندى،
مۇرادى ئاچتى گۈل ـ غۇنچە، ھەقىقىي مۇددىئا ئۈندى.

«قۇمۇشلار ئورنىغا مېھرىگىياھ ئۈندى» دېگىن قايدىن،
قىلىپ بۇلبۇلنى مەپتۇن گۈلشەنى قىممەت بىباھا ئۈندى.

ھاۋاسى مۆتىدىل، كۆللەر سۈزۈك، «سۇلار ئېقىپ تۇرغان»،
كېلىپ كۆرگەن كىشىنىڭ كۆڭلىدە زەۋقۇ ساپا ئۈندى.

نە ئارمان قالغۇسى، ئەۋلاد تىلىدا شۇنچە يادلانسا،
تۆكۈلگەن قانۇ تەرنىڭ مەھسۇلى ئالەم ئارا ئۈندى.

شائىر، تەتقىقاتچى نىمەتۇللاخان ئەبەيدۇللاخان ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت، تەرجىمە ۋە ئەدەبىي تەتقىقات ساھەسىدىكى يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرىگە ئاساسەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆزبېك مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، يەكەن ناھىيىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق شەرەپ ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى زىممىسىگە ئالغاندى.

تېببىي ئالىم، شائىر، تەتقىقاتچى نىمەتۇللاخان ئەبەيدۇللاخان ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار نەتىجىلىرى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەندىن سىرت، يەنە ئۆز تۆھپىسىگە مۇناسىپ ھالدا تېگىشلىك شان ـ شەرەپلەرگىمۇ ئېرىشكەن. ئۇ 1983 ـ يىلى مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلانغان. 1985 ـ يىلى مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ياپونىيىدە ئۆگىنىش ۋە زىيارەتتە بولغان. ئۇ يەكەن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 1987 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ نەتىجە يارىتىپ تۆھپە يارىتىش مۇكاپاتىغا، 1990 ـ يىلى مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ شەرەپ مۇكاپاتىغا، شۇ يىلى يەنە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1992 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسى بويىچە پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان.

2007 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى (شەنبە) مەرھۇمنىڭ جەسىتى يەكەنگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدىن «يەكەن مۇقام بايرىمى»غا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنلەردىن ئالىملار، جامائەت ئەربابلىرى ۋە ھەر ساھە ـ ھەر كەسىپتە كۆزگە كۆرۈنگە شەخسلەر، يەكەندىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى مەرھۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيەتلىرى مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تېپىپ تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

ئۇ ئارىمىزدىن شۇنچە تېز كېتىپ قالدى، ئەدەبىياتىمىز بىر قابىل تەتقىقاتچىدىن، ئوت يۈرەك شائىردىن، تېبابىتىمىز بىر ئىقتىدارلىق مۇتەخەسسىستىن، خەلقىمىز كۆيۈمچان ۋە شىپابەخش تېۋىپىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئەدەبىيات ۋە تېبابەت جەھەتتىكى مول تەتقىقات مېۋىلىرى ۋە ئىجادىيەت نەتىجىلىرى بىزگە مىراس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئېسىل كىشىلىك پەزىلەتلىرى قەلبىمىزدە يادنامە بولۇپ قالغۇسى. ئۇنىڭ روھى مەڭگۈ بىز بىلەن بىللە.

(ئاپتور يەكەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىدا)

ئۇن سەنەمكىم مۇلك ئالەم ئاشۇبى نەگەر باشىندە دۇر،
نە ئەجەب، چۇن سەرۋى نازىم ئۇن سەنەم ياشىندە دۇر.
دېسە بولغايكىم، يەنە ھەم ئۇن سەنەمنىڭ ھۆسنى بار،
ئۇن سەنەم ياشىدە مۇنچە فىتنە كىم باشىندە دۇر.
ئۇن سەنەمنىڭ دېمە، يۈز سەنەمنىڭ ئۇلسا، ئۇلدۇرۇر،
ھۆسن شاھى، ئۇل بەلالار كىم، كۆز ۋە قاشىندە دۇر.
ھەيرەت ئەتمەن ھۆسنى نەقشىدەكى، ھەر ھەيرەتكى بار،
پارچەسى ئەزرەد تەئالا سۈنئى نەققاشىندە دۇر.
تەن ئاڭا سىمۇ ئىچىندە تاش مۇزمەر كۆڭلىدىن،
ئەقلغە يۈز ھەيرەت، ئۇل ئايىنىڭ ئىچۇ تاشىندە دۇر.
مەي كەتۇر، ئەي مۇغكى، يۈز ھەيرەت ئارا قالمىش مەن ھەم،
بول ئەجەبلەركىم، بۇ ئەسكى دەير خۇففاشىندە دۇر.
تا نەۋائى تۆكتى ئۇل ئايى، فۇرقەتىدىن بەھرى ئەشك،
ھەر قاچان باقساڭ، قۇياش ئەكسى ئانىڭ ياشىندە دۇر.

نەۋائى («بەدايىئۇل - ۋەسەت»)



— ئابلىمىت ئوسمان ئىشلىگەن



كېرىيەلىكلەر

تۇرسۇنجان مۇھەممەت فوتوسى


# 源　泉 (布拉克)

# بۇلاق

(维 吾 尔 文)　总117期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 117 - سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　定价:6.50元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژورنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108-58　باھاسى: 6.50 يۈەن